ISSN 1002-9044

# تارىم



1996 6

ISSN 1002-9044
06>
9 771002 904009

تارىم

《塔里木》文学月刊（维吾尔文） TARIMA MONTHLY LITERATURE JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
排　　版：《博格达》 电子排版中心
印　　刷：乌鲁木齐市印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
国外发行：中国国际图书贸易总公司
订阅，零售：各地邮局所

1996-يىل 6-سان (424-سان). 46-يىل نەشرى.
تۈزگۈچى: «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22-قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 4516214
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى. «بوغدا» ئېلېكترونلۇق
مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جۇڭگو كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ؛
مەملىكەت بويىچە ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىنىدۇ.

国际标准刊号： ISSN 1002—9044
国内统一刊号： CN 65—1010/I
国外代号： M 4461
邮发代号： 58—66　定价　4·00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
مەملىكەت بويىچە بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋەكالەت نومۇرى: M 4461
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 66-58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى 4.00 يۈەن

邮政编码： 830000 :پوچتا نومۇرى

广告许可证：新工商广字 01005419 号

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

46-يىل نەشرى

6

1996



باش مۇھەررىر

مەھەممەت شاۋۇدۇن

مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلەر

ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر

(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)

ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئارسلان، ئازاد سۇلتان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، ئەبەيدۇللا ئىبراھىم، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت زۇنۇن، مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئوبۇل ئىسلام، ئېلى زاھىد، ئىدرىس بارات، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇ سانىدا

## نەسرى ئەسەرلەر


باھارگۈل ساۋۇت.......... ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى (پوۋېست)............... 4

ئابدۇراخمان ماموت دىيار... پەرىدە (ھېكايە)................... 69

ئايىمە ھەمەت ساھىبى... پۇرسەتپەرەس (ھېكايە)................ 104

ئابلىتىپ ھېمىت.......... ۋەسىيەت (ھېكايە)................... 112

زۇلپىيە ئابدۇراخمان....... ئاشقلىق چۇشى (نەسىر)............... 115

قۇربان ئېلى.............. مىكرو ھېكايىلەر.................... 119


## شېئىرلار


تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن....... يۇلتۇزلىرى ئويغاق ئالەمنىڭ............ 55

مۇساجان يۇنۇس........... غەزەللەر........................... 57

ئابدۇرېھىم زۇنۇن.......... سۆيگۈ پۇتمەس، ئالەم قىرىماس.......... 62

ئۆمەرجان سىدىق (مىسكىن)... قۇچىقىڭ مۇھەببەت ئۇچىقى گويا......... 64

ئابدۇرېھىم مۇھەممەت.... سەھەردىكى سەھرا...................... 65

ئابدۇقادىر ھەسەن..... ئاقسۇ دەرياسى......................... 67

غوجا مۇھەممەت قابىز... كەچكىچە............................. 68


## باللار ئەدەبىياتى


ئابلىمىت قۇربان ساباھى... يۇلتۇزۇمنى تاپىمەن (شېئىر)............ 74

مەھەممەت روزى.......... نەي چالدۇ بىر بالا (شېئىر)............ 77

ئابلىكىم ھەسەن.......... قولۇلە شاھزادە (شېئىر)................ 79

# بۇ سانىدا


مەتىمىن بارى.......... ئۈشەندىم (شېئىر) .................... 81
ئەركىن داۋۇت.......... يۇمران كۆيلەر (شېئىر).................. 81
ئەنۋەر مۇھەممەد.......... قويچى بالا (ھېكايە) ................. 83

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

جۇمادىل مامان.......... قازاقلارنىڭ قانىتى ئۈلەڭ (شېئىرلار) ..... 120

## مۇھاكىمە ۋە تەنقىد

قاۋۇسلقان قامجان.......... ئەدىب ۋە باللار ئەدەبىياتى .......... 126
تۇرسۇن ھۇسەيىن.......... يومۇر ۋە باللار ئەدەبىياتى........... 136
ئەنەيتۇللا قۇربان.......... شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى « بوشلۇق »
ئىپادىسى ھەققىدە...................... 139

## ئەسەر ۋە نەزەر

ئىسمائىل تۆمۈرى.......... « ئالتۇن چىشلىق ئىت » ھېكايىسى توغرىسىدا ... 143

## يۇمۇر ۋە ساتىرا

يۇمۇرلار.......................... 151

## تەرمە گۈللەر

مەھەممەت ئىمىن.......... ئازاب (ھېكايە) ...................... 152


* * *


رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ
مەسئۇل كوررېكتور: قېيۇم تۇرسۇن

باھارگۈل ساۋۇت



# ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى

(پوۋېست)

— رەنا، چاققان بول، ئۆيگە مېھمان كەلدى.

— كىم ئۇ؟

— كامال كەلدى.

— قايسى كامال؟ — مەن دەرھال ئېسىمگە ئالالمىدىم.

— كامالچۇ؟ بىزنىڭ ساۋاقدىشىمىز كامال.

— ھە ھېلىقى ئوقۇش پۈتتۈرمەي...

يولدىشىم باش بارمىقىنى لېۋىگە تەگكۈزۈپ سۆزلىمەسلىك ئىشارىسىنى بەردى. مېھمانخانىغا كىردىم. ئۆيدە ئورۇندۇقتىن ياغاچ سۆڭەكلىرى بۇرتۇپ چىققان، كۆز چاناقلىرى ئىچىگە ئولتۇرۇشقان ياداڭغۇ بىر كىشى ئولتۇراتتى. بۇ مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدىكى كامالغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ مېنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغالدى ۋە كۆرۈشۈش ئۈچۈن تارشىدەك قوللىرىنى ئۇزاتتى. يا رەببىم نېمىدېگەن ئورۇق، قاتتىق قوللار بۇ؟ ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم بىر قىسىملا بولۇپ قالدى. يولدىشىم خەۋەر قىلىۋەتكەن بولسا كېرەك، بىرقانچە مەكتەپداشلىرىمىز ئارقا-ئارقىدىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

مەن مېھمانلارغا چاي قويۇپ بولغاندىن كېيىن تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتىم. بىز بىلەن تۆت يىل بىرگە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغاندا مەكتەپتىن قوغلىنىپ كەتكەن بۇ ساۋاقدىشىمنىڭ پەيدا بولۇشى مەرھۇم دوستۇم راملەنىڭ ئۇنتۇلغان ھاياتىنى ئېسىمگە سالدى...

ئالىي مەكتەپ ھاياتىدىكى ئورتاقلىق بىزنى بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك قىلىپ قويغانىدى. شۇنداقتىمۇ ھەر كىم مىجەز-خۇلقى كېلىشكۈدەك ساۋاقداشلار بىلەن دوستلىشاتتى، راملە ئىككىمىز ئىچكى سىرلىرىمىزنى بىر-بىرىمىزدىن يوشۇرمايدىغان يېقىن دوستلاردىن ئىدۇق. ئۇ بۇلاقتەك كۆزلىرى، باھار ئاپتىپىدەك نۇرلۇق چىرايى،

ئاپئاق يۈزىگە ياراشقان ئۇچ مەڭزىدىكى بىر تال خالى، ئويماقتەك ئاغزى، سەدەپتەك چىرايلىق چىشلىرى، بولۇپمۇ ئۆلۈككىمۇ جان ئاتا قىلالىغۇدەك شوخلۇقى بىلەن كىشىنى مەپتۇن قىلاتتى. ئۇنىڭ تال-تال ئۇزۇن چاچلىرىنى كارىۋات ئۈستىگە چىقىۋېلىپ تاراپ-ئۆرۈپ قويۇش مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىش ئىدى. تەبىئەت ئۇنىڭغا گۈزەللىكنى، شوخلۇقنى ئايىماي بەرگەنىكەن. مەن ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭغا ھەسەت قىلاتتىم. شۇنداقلا پەرىزاتتەك بىر چىرايلىق دوستۇمنىڭ بارلىقى بىلەن پەخىرلىنەتتىم.

ئوقۇش پۈتتۈرۈشكە بىر يىل قالغان چاغدا رامىلە تۇيۇقسىزلا مېنىڭدىن قاچىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ شوخلۇقى، گەپدانلىقى نەلەرگىدۇر يوقالغان. ئۇنى دائىم خالىي بىر جايدا ئۆزى يالغۇز، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالدا ئىزدەپ تاپاتتىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ سورىغان سوئاللىرىمنى ھامان جاۋابسىز قالدۇراتتى. مەن بۇ غەلىتە جىمجىتلىقنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي تىت-تىت بولاتتىم. ئەلۋەتتە يېقىن دوستلاردىن بولغاندىكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىدىن مېنى خەۋەردار قىلىشى كېرەك ئىدى. قانداق قىلاي، ئۇ خالىمىغانىكەن، مەنمۇ چارىسىز ئىدىم.

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە رامىلە قوغلانغۇدەك دېگەن بىر شۇم خەۋەر تۇيۇقسىز تارقالدى.

يامان خەۋەرنىڭ تارقىلىشى شۇنچە تېز بولىدىكەن. بۇ مىش-مىش خەۋەر ئاخىر راستقا ئايلاندى. قوغلىنىدىغان كىشى يالغۇز رامىلە بولماستىن يەنە بىر ساۋاقدىشىمىز — رامىلەنىڭ يۇرتلۇقى كامالمۇ بار ئىدى.

رامىلە ماڭغان كۈنى ئۇنى ئۇزاتقىلى بېكەتكە چىقمىدىم. بۇ مېنىڭ ئۇنى ئۇزاتقۇدەك ۋاقتىمنىڭ چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس بەلكى ئۇنىڭغا غەزەپلىنەتتىم، نەپرەتلىنەتتىم. ئاشۇنداق شاللاق، ئۆزىنى تۇتالمايدىغان بىر قىزنىڭ دوستى بولۇپ قالغىنىم ئۈچۈن خورلۇق ھېس قىلىۋاتاتتىم.

ساۋاقداشلىرىم قايتىپ كېلىشتى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قىزارغان، كەيپىياتى بەكمۇ ناچار ئىدى. ئۇلارنىڭ ماڭا كايىشلىرى، مەندىن خاپا بولۇشلىرى، مېنى يۈزسىزلىكتە ئەيىبلەشلىرى ئېنىق ئىدى. لېكىن مېنىڭ مۇشۇ مىنۇتتىكى ھېسسىياتلىرىمنى بۇلار بىلەرمۇ؟ «ياخشى بىلەن يار بولساڭ ئېچىلار چېچەكلىرىڭ، يامان بىلەن يار بولساڭ يېرىلار يۈرەكلىرىڭ» بۇ نېمىدېگەن توغرا ئېيتىلغان سۆز-ھە.

ئاچچىقىمدا ئەتىگەنلىك تاماقنىمۇ يېمەستىن سىنىپقا چىقتىم. تارتمامنى ئېچىشىمغا ئاغزى يەملەنگەن بىر كونۋېرت قولۇمغا چىقتى. ئالدىراپ كونۋېرتنى ئاچتىم. رامىلەنىڭ ماڭا قالدۇرغان خېتى ئىكەن. بۇ ئىپلاس يەنە نېمە رىۋايەت توقۇپ ماڭا خەت قالدۇرغاندۇ دېگەن ھېسسىيات بىلەن خەتنى ئالدىراپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

«سۆيۈملۈك دوستۇم، رەنا، بىلىمەن مەن ساڭا نۇرغۇن ئازارچىلىق، مالاللىق تېپىپ بەردىم. مېنىڭ ئىشلىرىم تۈپەيلىدىن سەن نەچچە قېتىم فاكۇلتېت ئىشخانىسىغا

چاقىرتىلدىڭ. ئەمەلىيەتتە سەن مېنىڭ ئىشلىرىم توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيتتىڭ. ئەسلىدە بىز شۇنداق يېقىن دوستلاردىن تۇرۇپ سەندىن سىر يوشۇرماسلىقىم كېرەك ئىدى. لېكىن مەن ئۇنداق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. ئەسلىدە بۇ ئىشلارنى بۇرۇنراق ساڭا ئېيتقىنىمدا بەلكىم ئەھۋال بۇنچىلىك پاجىئە بىلەن خۇلاسىلانماس ئىدى.

سەن مەندىن نەپرەتلىنىۋاتقانسەن. مەندەك بىر ئىپلاس قىز بىلەن دوستلاشقىنىڭ ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتقانسەن. دوستۇم، مەندىن نەپرەتلەنگىن، مېنى قانچە تىللىغىن، لېكىن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىزىغا سالغىلى بولمايدۇ.

مەن ئەتە كېتىمەن، ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن ئەمەس، ئىشقىلىپ كېتىمەن. قايغۇ-ھەسرەت، ئىزادىن ئۆرتەنگەن يۈرىكىم ئاچچىق ئېچىشماقتا. ئانا مەكتىپىم، سۆيۈملۈك ئۇستازلىرىم بىلەن گۇناھكار بالىنىڭ ئانىسى ئالدىدا تىترەپ تۇرۇپ گۇناھىمنى تىلەۋاتقىنىمغا ئوخشاش بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇرۇپ خوشلىشىمەن، لېكىن بۇ قانداقمۇ خوشلىشىش بولسۇن؟ قانداقمۇ گۇناھكار بالىنىڭ ئانىسى ئالدىدا كەچۈرۈم سورىشى بولسۇن؟ ئانا بالىنىڭ ھەرقانداق ئېغىر گۇناھىنى كەچۈرۈۋېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئانا-دە. لېكىن مەن ئۇنداق كەچۈرۈمدىن مەھرۇممەن. مەن ئۆز ۋىجدانىم شۇنداقلا يەنە بىر ئىنسان ئالدىدا جىنايەتچىمەن. شۇڭا مەن كەچۈرۈلۈشكە لايىق ئەمەسمەن.

ئەجىبا، مېنىڭ ھاياتتىن، تەقدىردىن كۈتكىنىم شۇمىدى؟ ياق! دوستۇم بۇ ئەمەس ئىدى، مەنمۇ نۇرغۇن بۈيۈك ئارمانلارنى قەلبىمگە پۈككەنىدىم. ھەممىسنى بىر يولىلا بەرباد قىلدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ھېچكىمنى ئەيىبلىمەيمەن. مۇبادا قىسمەت ماڭا مۇشۇ شور تەقدىرنى ئاتا قىلغان بولسا...

دوستۇم، كامال ماڭا چېتىلىپ قالدى، ئۇ نېمىشقا قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغاندۇ؟ نېمىشقا ئۈن-تىنسىز، داد-پەريادسىز بۇ خورلۇقنى قوبۇل قىلىدىغاندۇ؟ ئۇ مېنى ئەڭ يامان تىللار بىلەن ئەيىبلىشى، ئەڭ بولمىغاندا مېنىڭ كاچاتلىرىمغا ئۇرۇپ بولسىمۇ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇنداقمۇ قىلمىدى. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈشكە باشلىغان چېغىمدا مېنىڭ قىزلىق گۈللىرىم ئالىلبۇرۇن ۋەھشىي چىلبۆرىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا يەنچىلگەنىدى... ئۆكتە بىرنىڭ مەن ياتاققا ناھايىتىمۇ كەچ قايتقان ئاشۇ شەنبە ئاخشىمى ئېسىڭدە بارمۇ؟...

دوستۇم مېنى كەچۈرگىن، سەن مېنىڭ بۇ خېتىمنى ئوقۇۋاتقان چېغىڭدا مەن بۇ ماكاندىن يىراقلاپ كەتكەن بولىمەن. سەن بىلەن قايتا كۆرۈشۈش نېسىپمۇ بولۇپ قالار...

خەير، ئەقىلسىز دوستۇڭ رامىلە
1966-يىل مارت.»

مەن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ جايىمدا ئولتۇرۇپلا قالدىم. ئۆكتەبر ئاخشىمى... رامىلە نېمە ئۈچۈن ئەينەن ئەھۋالنى ئېيتىپ كامالنى ئاقلىمايدۇ؟ ئۇ نەگە كەتكەن بولغىيتتى؟

سائەتكە قارىسام، ئاپتوبۇس ماڭىدىغان ۋاقىتتىن بىر سائەت ئېشىپتۇ. كۆز ياشلىرىم بۇلدۇقلاپ ئېقىشقا باشلىدى. ئاھ قىزلار، بىز نېمانچە ئاجىزدۇرمىز؟ ھەتتا ئۆزىمىزنى قوغداشقىمۇ قۇربىمىز يەتمىسە... ئۆزۈمنى زادىلا تۇختىتىۋالالمىدىم. كۆز ياشلىرىم تىنىماي قۇيۇلاتتى. بىر ۋاقىتتا قارىسام دەرس ۋاقتى توشۇپتۇ. ئېگىز بوي، ياپما قاپاق سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ دەرس سائىتى ئىكەن، ئۇ يېنىمدا تۇراتتى.

— نېمە بولدىڭىز، نېمىگە يىغلايسىز؟

مەن ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇردۇم ۋە كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدىم.

— مىجەزىڭىز يوق ئوخشايدۇ، چىقىپ دەم ئېلىڭ! — دېدى ئۇ بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا.

مەن نېرۋىلىرىمنى تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈنلا سىنىپتىن چىقىپ كەتتىم...

— ھەي تامىقىڭ تەييار بولدىمۇ؟ — يولدۇشۇمنىڭ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېلىشى خىيالىمنى ئۈزۈپ قويدى، — ھوي... يىغلاپسەنغۇ؟ نېمە بولدى ساڭا؟

ئېھتىمال يىغلىغان ئوخشايمەن، دەرھال كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ تەييار بولغان تاماقنى پەتنۇسقا سېلىپ بەردىم. خىياللىرىمنى داۋاملاشتۇرۇشقا پۇرسەت چىقتى.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كامال ۋە رامىلە توغرىسىدىكى پاراڭ بىر ئاز پەسلىگەندى، بىر كۈنى مەكتەپتە ئۇلار توغرىسىدا يەنە بىر شۇم خەۋەر تارقالدى:

— رامىلە ئۆلۈۋاپتۇ.

— توي قىلسىلا ئىش پۈتمەيتتىمۇ؟

— كامال زادىلا ئىقرار قىلمىغان تۇرسا.

رامىلەنىڭ ئۆلۈمى مەن ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى، بۇ تېپىشماق قاچانمۇ يېشىلەر!؟...

ھەممىمىز داستىخانغا جەم بولدۇق.

— نەلەرگە كەتتىڭ، نەلەردە يۈردۇڭ؟ — ساۋاقداشلىرىمىزدىن بىرى كامالدىن سورىدى.

خىياللىرىم ئۆركەشلىمەكتە، كامال ساۋاقدىشىمىزنىڭ سۆزىگە ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرمىدى. مەن سۆزلىمەكچىدىم، سۆزلىمىدىم. لېكىن مۇنۇلار خىيالىمدىن كەچتى. سەن ئاشۇ دەھشەتلىك يىللاردىكى قارا نىيەت كىشىلەرنىڭ قۇربانى بولدۇڭ، بىز ھەقىقەتەنمۇ ئەيىبكارمىز. ياردەمگە، مېھر-شەپقەتكە مۇھتاج مىنۇتلىرىڭدا، يالغۇزلۇق ئازابلىرى سېنى قىيىنىغان چاغلاردا بىز ساڭا شەپقەت يەتكۈزەلمىدۇق. قىسقىسى ئۆز غېمىمىز بىلەن بولۇپ كەتتۇق. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا بەكمۇ خىجالەتمەن. كەل ساۋاقدىشىم، سەن بىلەن ئەمدى سۆزلىشەي، تۇرمۇش مۇساپەڭ نېمە بىلەن تولدىكىن؟

كامالنىڭ قورۇق باسقان چىرايى تۇرۇلۇپ، چېكە قورۇقلىرى تېخىمۇ روشەن بىلىنىشكە

باشلىدى. تۇرقىدىن ئۇ ئۆز تۇرمۇشىنى سۆزلەشنى خالىمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— سۆزلىسەڭچۇ كامال، — دېدىم ئۇنىڭ پىيالىسىدىكى چاينى لىقلىغاچ، — بىز سېنى ئۆتمۈشكە ئايلانغان شۇ ئازابلارنى قايتا ئەسلىتىپ بىئارام قىلماقچى ئەمەسمىز، لېكىن سۆزلىسەڭ بىر ئاز يەڭگىللەپ قالسەن. بەلكىم ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەنسەن؟

— ياق، — دېدى كامال ئېغىر تىنىپ، — ئۆتمۈشتىكى ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۇنتۇغىنىم يوق. ئۆتكەن يىللارنىڭ چوڭقۇر ئىز تامغىسى مېنىڭ ھايات سەپىرىمگە بېسىلغان، بوپتۇ، سۆزلىسەم سۆزلەي. سىلەر دېگەندەك يەڭگىللەپ قالسام ئەجەپ ئەمەس، — ئۇ ئالدىدا تۇرغان پىيالىدىكى چاينى بىر ئوتلىدى-دە سۆزىنى باشلىدى، — باللىق چاغلار كىشى ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل، شېرىن چاغلىرى ئىكەن، مەن ئەنە شۇ باللىق چاغلارنىڭ گۈزەل خاتىرىسىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلاشنى بەكمۇ خالايمەن. ئۇ كۈنلەر خۇددى باھار ئاپتىپىنىڭ تەپتى بىلەن تەكشى بوي تارتىشقا باشلىغان يۇمران مايسىلاردەك ھېچنېمىدىن غەمسىز، غۇبارسىز ۋاقىتلىرىم بولسا كېرەك. دادامنىڭ جىددىي ئەمما نۇر يېغىپ تۇرىدىغان سۇرلۇك چىرايى، ئانامنىڭ خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپلا قىلىشقا باشلايدىغان تۈگمەس ئۆي ئىشلىرى، بىزنى مۇلايىم ئەركىلىتىشلىرى ھازىرغىچە يادىمدا. ئەنە شۇ كۆرۈنۈش، ئەنە شۇ تاتلىق سېزىم، يالغۇزلۇق مۇھتاجلىقىدا ئاچلىق جېنىمغا پاتقاندا ماڭا پۈتمەس-تۈگمەس مەنىۋى ئوزۇق بولدى. توسۇن ئاتتەك چېپىپ يۈرۈپ ھارغىنلىق ئىچىدە ئانامنىڭ ئەتكەن لەززەتلىك تامىقىنى ئىشتىھا بىلەن يەيتتىم-دە، شېرىن ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولاتتىم. باشلانغۇچنى پۈتتۈرۈپ ئوتتۇرا مەكتەپكىمۇ چىقتۇق. مېنىڭ ئەمەت ئىسىملىك بىر ساۋاقدىشىم بار ئىدى. بىز ئۆزئارا ئوبدانلا چىقىشىپ قالدۇق. ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، مىجەزى ئېغىر بىر بالا ئىدى. بىز بىرلىكتە دەرس تەييارلايتتۇق. بۇ جۇل-جۇل كىيىملىك سەھرالىق ئاغىنەم ئۆگىنىشتە سىنىپتىكى بالىلارنىڭ ئالدى ئىدى.

ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىمىزدىن ھالقىپ ياشلىققا قەدەم قويۇش بىلەن بىزنىڭمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق غايىمىز، كېلىچىكىمىزنىڭ غەملىرى قەلبىمىزدە ئۆز ئەكسىنى تاپتى. گەرچە بىزنىڭ غايىمىز ئۇنچىلىك ئۇلۇغ، يۈكسەك بولمىسىمۇ ھەرھالدا كۈچلۈك بىر ئىنتىلىش بىلەن تولغان.

ئىمتىھانلارنى بېرىپ تۈگەتتۇق. ئەمەت ئىككىمىزنىڭ نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغىنى ئۈچۈن مەكتەپلەر ئارا تالاشقا قالدۇق. ئاپام بىلەن دادام مېنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشۇمغا خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. لېكىن ئەمەتنىڭ دادىسى: قېرىغىنىمدا ماڭا قوي-پادىلارغا قارايدىغان ئادەم يوق، دەپ ئەمەتنىڭ مېڭىشىغا زادىلا ئۇنىمىدى.

بىز ئوقۇتقۇچى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئەمەتنى ئېلىپ قاچماقچى بولدۇق. بىز ئەمەتنى ئىزدەپ كەلگىنىمىزدە، ئۇ بوز ئېشىكىنى مىنىپ بىز تەرەپكە قاراپ

كېلىۋاتقانىكەن.

— ياخشى بولدى، — دېدى ئوقۇتقۇچى — سېنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتۇق، ماشىنا ساقلاپ قالدى، بولە چاققان.

— ئاپلا، — دېدى ئەمەت بېشىنى قاشلاپ، — دادام مېنى ياقا تام گۈگۈشىسىغا ئوغقانلارنىڭ ئۆيىگە بىر ئىش بىلەن ماڭدۇرغانىدى. چاتاق بولدى.

— بولدى، ئۇ يەرگە بارمايلا قوي، — ئوقۇتقۇچى ئۇنى ئالدىراتتى، — ئېشەكنى تاشلا-دە، ماڭ، — دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا.

— مۇشۇنداقلا ماڭامدىم. يوتقان-كۆرپە، كىيىمچۇ؟

مۇئەللىم ئەمەتنى ۋېلسىپىتقا مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭدى. بىز ماشىنىغا ئەمدى چىقىپ تۇراتتۇق، ئەمەتنىڭ دادىسى يېتىپ كېلىپ، قولىنى پۇلاڭلىتىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئەمەتمۇ قولىنى كۆتۈرۈپ يېنىك تەۋرەتتى. مەن ئەمەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە شەبنەم دانىچىلىرىدەك ياش تامچىلىرى يالتىرايتتى. تۇرمۇشتا ئاز ئۇچرايدىغان بۇنداق تەسادىپىي تەسىرلىك ۋەقە — كۆيۈمچانلىق، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىش، ئىشەنچ ۋە ئۈمىد، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئەڭ ئىنچىكە نازۇك تۇيغۇلار ئاتا-بالا، ئۇستاز، شاگىرت ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر مېھرى-مۇھەببەتنى، مەڭگۈ قەدىرلەشكە تېگىشلىك بولغان ئاشۇ ھېسسىياتنى ھازىر مەن ئەينەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. پەقەت چار ساقال بوۋاينىڭ تەرسالىق بىلەن كەينىمىزدىن قوغلاشلىرى، ئوقۇتقۇچىنىڭ ئەمەتنى ۋېلسىپىتكە ئولتۇرغۇزۇپ ۋېلسىپىت پىدالىنى كۈچەپ تېپىشلىرى، ئەمەتنىڭ ۋېلسىپىت كەينىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆملەپ قوپۇپ يەنە ئالغا ئىنتىلىشلىرى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدا، ئەمەت خېلى كۈنلەر ئاقساپ يۈردى. مەن ئۇ كۈننى ئويلىسام ئۇچىيىم ئۈزۈلگۈدەك كۈلمەن. ھەم شۇ كۈندىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمەن.

كىچىك چاغلىرىمىزدا بەكمۇ ئەركە ئىدۇق. ئاكام بىلەن ئىككىمىز تاماق تاللاپ بەكمۇ قەغىشلىق قىلاتتۇق. بۇنداق چاغدا ئاپام ھەمىشە «خەپ ئوپچە تۇرمۇشتا بىر ياشاپ باقساڭلاردى، مىجەزىڭلارنىڭ ئۆزگەرمىگىنىنى بىر كۆرسەم ئىدىم» دەيدىغان.

تۇرمۇش كىشىنى چېنىقتۇرىدىكەن، تاۋلايدىكەن. مەنمۇ ئاستا-ئاستا كۆنۈشكە، ئاتا-ئانا دېگەننىڭ قەدرىگە تازا يېتىشكە باشلىدىم. گاھىدا قاينىمىغان ئىلمان سۇغا قاتتىق ناننى چىلاپ يېسەم، گاھىدا تۇرۇبىنىڭ مۇزدەك سۈيىدىن گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېلىپ كېتىۋېرەتتىم. بەزىدە ئاجايىپ سېخىي بايلاردىن بولسام، بەزىدە سەككىز پۇڭلۇق ماركا ئۈچۈن بويۇن قىساتتىم. نېمىلا بولمىسۇن ئالىي مەكتەپ ساڭا كىتاب بىلىملا ئەمەس ئادەم بولۇشنىڭ ئېپىنىمۇ ئۆگىتىدىكەن. ئەتراپىڭدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشنىڭ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن سېنى ئالداشلىرىغا، بوزەك قىلىشلىرىغا تاقابىل تۇرۇشۇڭ كېرەك، ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ گۈزەل ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى باشلىدىم. گاھ يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا قاراپ خىيال قىلسام، گاھ كىتابلار ئارىسىغا چۆكۈپ بىلىم ئىزدەيتتىم. ئالىي مەكتەپكە بېرىش ھەر بىر ياشلارنىڭ ئورتاق ئارزۇسى بولسا كېرەك. مەن ئارزۇيۇمغا يەتكەندىم.

بىراق خوش پۇراق گۈللەرنىڭمۇ سولىشىدىغان، ۋاقىتسىز توزىيدىغان چاغلىرى بولغىنىدەك مېنىڭمۇ بەختىمگە چېچەك چىقتى. قەلبىمدە جاراھەت پەيدا قىلغان، بەخت غۇنچىلىرىمنى قىرقىغان، پارلاق ئىستىقبالىمغا چاڭ قوندۇرغان ئۇ بەختسىزلىك مېنىڭ ھايات يولۇمدا قانچىلىك چوڭ بۇرۇلۇش، تەقدىرىمگە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلگىنىنى ئويلىسام ئۆزۈمگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ.

ئالىي مەكتەپنىڭ ئۈچ يىلىنى تۈگىتىپ 4-يىلىغا قەدەم قويغاندا روھىي ھالىتىمدە ئۆزگىرىش پەيدا بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى چۈشىنىكسىز بىر ھېسسىيات بىلەن سىنىپىمىزدىكى راملەنى كۆرسەملا يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ، غەلىتە بىر خىل ھېسسىياتقا چۆمەتتىم. ئۇنى كۆرۈشنى خالايتتىم. بىراق ئۇنى كۆرسەملا تىلىم كالۋالىشىپ، ئاغزىمغا گەپكە كەلمەي قالاتتى. ھەتتا توپ ئويناۋېتىپمۇ ئۇنىڭ مەيدان سىرتىدا مۇسابىقە كۆرۈۋاتقىنىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالسا پاسچى شۇنچە ياخشى چىقىرىپ بەرگەن توپنى يا سېتكىغا ياكى بولمىسا سىزىقنىڭ تېشىغا ئۇراتتىم. تەبىئىيكى مەن راملەنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىم. ئاخشاملىرى ئۇخلاش ئۈچۈن ياتقىنىمدا ئۇنىڭ ئۆلۈكنىمۇ كۈلدۈرگۈدەك شوخلۇقلىرى كۆز ئالدىمدىن زادىلا نېرى كەتمەيتتى... شۇنداق قىلىپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بۇ ئوقۇش مەۋسۇمى ئاخىرلىشىپ بەشىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم قويدۇق. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام ئۆزۈمنى شۇنچىلىك خۇشال سېزەتتىم. ئەپسۇسكى مەن ئۇنىڭغا ئالدىراپ مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى خالىمايتتىم. چۈنكى مېنىڭ نەزىرىمدە دەريا قانچە چوڭقۇر بولسا ئۇ شۇنچە ئاستا ئاقىدۇ. مۇھەببەت قانچە چوڭقۇر بولسا ئۇ شۇنچە قاتتىق سىناقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. نېمىگە ئالدىرايمەن؟ ئۇ مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، ئۇ ھامان ماڭا تەئەللۇق، دەپ ئويلايتتىم. شۇڭا كىنولارغا باراتتۇق، لېكىن پاراڭلىرىمىز كەسپىمىز، يۇرتىمىز ھەققىدىلا بولاتتى. لېكىن مەن شۇ چاغدا بەكمۇ خاتا قىلغان ئىكەنمەن... بەلكىم تەقدىر شۇنداقمۇ؟ ئۇ مېنىڭ ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم بىر قىزنى ياخشى كۆرۈشۈم ئىدى. مەن راملەنى ھەقىقىي چىن يۈرىكىمدىن ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى ماڭا ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولالايدۇ، دەپ قارايتتىم. بىز ياشلار بەزىدە شۇنچىلىك ساددا، ئەخمەق بولۇپ قالىدىكەنمىز، ئۆزىمىزگە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى قولىمىزدا تۇتالماي كېيىن پۇشايمان ئىچىدە ھەسرەت چەككەننىڭ نېمىگە پايدىسى؟ كېيىنكى كۈنلەردە راملەدىكى ئۆزگىرىشلەر مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغاشقا باشلىدى. ئۇ خىيالغا پېتىپ ئۆزى يالغۇز دەرەخ تۈۋىدە ئۇزاق ئولتۇرىدىغان، گەپ سورىسام ئۈركىگەن كېيىكتەك ئۆزىنى قاچۇرۇپ ماڭا جاۋابمۇ بەرمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇ تەبىئىيكى ئۇنىڭ ماڭا بولغان بىزارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن

سىرنىڭ ئۇنى قىيناۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ تۇراتتىم. لېكىن بۇ سىر زادى نېمە؟ ئۇ نېمىشقا شۇنچە پەرىشان؟ مەن بۇ سىرلارنى يېشىشقا ئامالسىز ئىدىم. مەن بىرقانچە قېتىم ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشماقچى بولساممۇ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كەتتى.

شۇنداق تىت-تىتلىق ئىچىدە تۇرغاندا بۇ سىرمۇ يېشىلدى:

— كامال! سېنى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ساۋاقداشلىرىمدىن بىرى سىنىپقا كىرىپلا. مۇزاكىرە ۋاقتى ئىدى، مەن ئۈستەل ئۈستىدىكى كىتاب-دەپتەرلىرىمنى يىغىشتۇرماستىن ئالدىراپلا باشقارمىغا چىقتىم. سىنىپ مۇدىرىمىز غەزەپ بىلەن كۆزلىرىنى ئالايتقىنىچە بىرپارچە قەغەزنى ئالدىمغا تاشلىدى.

«ئۆز ئىختىيارلىقىمىز بىلەن ئۈچ قېتىم بىللە بولدۇق...» مەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمەي ھاڭۋاققىنىمچە بىر سىنىپ مۇدىرىغا، بىر باشقارما باشلىقىغا قارىدىم. ئۇلار ھەممىسى «خەتتە يېزىلغانلىقمۇ؟ يەنە نېمىگە ھاڭۋىقىسەن؟» دېگەندەك ماڭا ئۈن-تىنسىز قاراپ تۇرۇشاتتى. مەن يەنە قايتىدىن خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم، ئاخىرىدا «راملە» دېگەن ئىمزانى كۆرۈپ ھەيرانلىقىم تېخىمۇ كۈچەيدى. سىنىپ مۇدىرىمۇ مېنىڭ تېخىچە ھاڭۋېقىپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ چۈشەندۈردى:

— سىز ئوقۇغۇچى تۇرۇپ ئۆز مەيلىڭىزچە مۇھەببەت پاتقىقىغا پېتىپ، بىر قىز ئوقۇغۇچى بىلەن ناشايان ئىشلارنى قىپسىز. قىزنىڭ قورسىقىدىكى بالا بەش ئايلىق بولۇپتۇ، بىلدىڭىزمۇ؟

ئاھ! شۇ غەمكىن چىرايلار، ھەسرەتلىك كۆزلەر، راملەنىڭ مەندىن ئۆزىنى ئەيمىنىشلىرى، ساۋاقداشلىرىمنىڭ شۈبھىلىك قاراشلىرى، گۇدۇڭ-گۇدۇڭلىرىنىڭ سەۋەبى شۇ ئىكەندە...

بېشىم پىرقىراپ، پۇت-قولۇمدا زادىلا جان قالمىدى. ئەربىرايى خۇدا بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن، مۇشۇ «گۇناھ»لىرىم ئۈچۈن ئىكەندە! مەن بىر بالىغا دادا ئىكەنمەن؟ نېمىدېگەن كۈلكىلىك-ھە؟ مەن ياخشى كۆرگەن، ئەمما تېخى قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىغان بىر قىزنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىگە...

كۈلەيمۇ ياكى يىغلايمۇ؟ ئوغۇل بالا ئۈچۈن يىغلاش بەكمۇ ئۇياتلىق ئىش. لېكىن مىڭەمدىن كىرگەن ئوت تاپىنىمدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئىشخانا پىرقىراپ، كۆز ئالدىم قاراڭغۇلاشتى.

— ياق، مۇئەللىم، بۇنداق ئىش يوق، بۇ تۆھمەت... — دېدىم مەن ئوقۇتقۇچىمغا قاراپ.

— ۋارقىرىماڭ! — دېدى ئوقۇتقۇچى زەردە بىلەن، — بىز پاكىتقا ھۆرمەت قىلىمىز، راملەنىڭ يازما ئىسپاتى بارغۇ؟

بىرقانچە قېتىم بىللە كىنوغا بارغىنىمىز، بەزىدە مەكتەپ ئارقىسىدىكى ئالمىلىق باغقا چىقىپ بىللە ئۆگىنىش قىلىشىمىز بۇ پاكىتنىڭ ئاساسي بولۇپ قالدى... ئۆسەك

سۆز خۇددى قار پوگزىكىگە ئوخشاش دۇمۇلاتقانسېرى يوغىنايدىكەن. مەكتەپنىڭ ھەممىلا يېرىدە مەن توغرۇلۇق گەپ. مەن راملەنى چاقىرتىپ چىقىپ ئۇنىڭ ماڭا نېمىشقا قارا چاپلىغانلىقىنى سوراپ باقماقچى بولغان بولسامۇ بۇ ئۇرۇنۇشلىرىم بىكارغا كەتتى. راملە مەن بىلەن زادىلا كۆرۈشكىلى ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ ئارىدىن بىرھەپتە ئۆتۈپ مەن مەكتەپتىن قوغلاندى قىلىندىم. مېنىڭ تۇنجى مۇھەببىتىم ماڭا شۇنداق ۋەيرانچىلىق ئېلىپ كەلدى.

تەبىئىيكى، ساۋاقداشلىرىم ئىچىدە ماڭا ئىچ ئاغرىتقانلارمۇ، كۆيۈنگەنلەرمۇ، ماڭا تاپا-تەنە قىلىپ تىللىغانلارمۇ بولدى. لېكىن ئۇلار ماڭا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيتتى.

ئەگەر بىرەر ئادەم ئوقۇشماسلىقتىن بىرەر گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسا شۇ گۇناھنىڭ جازاسىنى تارتىشقا ھەقلىق ئىدى. بىراق مەن ئۆتكۈزمىگەن گۇناھنىڭ جازاسىنى تارتىۋاتاتتىم. بۇ ئازابنىڭ قانچىلىك ئېغىر ئىكەنلىكىنى بىر ئۆزۈملا بىلەتتىم. قىيداش، خورلۇق، ناھەق ئازاردىن پەيدا بولغان كۆڭۈلسىزلىك قوشۇلۇپ ماڭا بەكمۇ قاتتىق تەسىر قىلغانىدى، بۇنى باشقىلارغا چۈشەندۈرۈشنىمۇ خالىمايتتىم. شۇڭا ھېچكىم بىلەن ھەتتا ئەڭ يېقىن ئۆتۈشكەن دوستلىرىم بىلەنمۇ خوشلاشماستىن كېتىپ قېلىشنى ئويلىغانىدىم.

ساۋاقداشلار، قىزلار يىغلىدى، ئوغۇللار مەن ئۈچۈن قايغۇردى. مېنى ئۇزىتىشقا چىققان سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ كۆزىگە شۇنچىلىك قاتتىق تىكىلدىمكى، ئۇ ماڭا ئۇزاتقان قولىنى تارتىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى.

مەن مېنى تۆت يىل ئۆز قوينىدا مېھرىبان ئانا ئۆز پەرزەنتىنى ئىللىق مېھرى بىلەن ئەركىلەتكەندەك تەربىيىلىگەن ئانا مەكتىپىم بىلەن ھەسرەت ئىچىدە خوشلاشتىم. خەير، مەن ئۈچۈن شەپقەت قىلمىغان بىۋاپا ماكان! بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشنىڭ ئاقىۋىتى شۇ بولسا ئۆمۈر بويى ئايال زاتىغا يېقىن يولىماسمەن. ياخشى كۆرۈپتىمەن، مۇھەببىتىمنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتىمەن. ناھايەتكى، تۇنجى مۇھەببىتىم ئاشۇنداق بىر قارا يۈزگە نېسىپ بولسا... راملەنى تاياق-تېپىك ئاستىغا كۆمۈپ تاشلىغۇم كەلدى. لېكىن ھەممە ئىش ئۆتكەن، ھەممە تۈگىگەندەك قىلاتتى.

ئاپامنىڭ يىغىسى، ئاكامنىڭ تاپا-تەنىسى ماڭا بىردەممۇ ئارامچىلىق بەرمەيتتى. ئۆزۈمنىڭ گۇناھسىزلىقىمنى ھېچقانداق قىلىپ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ بولالمايتتىم.

ئىش تېپىپ ئىشلىشىم كېرەك، ئاچ گېلىمنىڭ غېمىنى ئۆزۈم قىلىشىم كېرەك، يەڭگەمنىڭ دوقۇسلىتىپ، غۇتۇلداپ ئۇسۇپ بېرىدىغان بىر چىنە تامىقى ئۈچۈن چىراي سارغايتىشنى، بىچارە ئاپامنى تەڭقىسلىقتا قويۇشنى ئۆزۈمگە راۋا كۆرمەي مائارىپ ئىدارىسىگە باردىم.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن بىر كېلىپ بېقىڭ — دېدى مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن، — گەپ-سۆزىڭىزغۇ خېلى جايىدا ئىكەن. نېمىشقىمۇ شۇ پوقنى يېگەن بولغىدىڭىز، بۇ ئەھۋالىڭىز بىلەن سىزنى شەھەردىكى

مەكتەپلەرگە ئۇرۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ. يېزىدىن ئۇرۇن چىقىپ قالسا ئىشلەمسىز؟ ھەي سىلەرنىزە، كۆڭلۈڭنىڭ كەينىگە كىرىپ نېمىلەرنى قىلمايسىلەر، ئاخىرىدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، — ئۇ گەپ تۈگىدى دېگەندەك قىلىپ ئىشخانىسىنى تاقاش ئۈچۈن يوغان قارا قۇلۇپنى قولىغا ئالدى.

كېتىۋاتىمەن، كۆڭۈلسىز خىياللار مېڭەمنى قوچۇيدۇ، قېنى مېنىڭ مۇھەببەت، ھاياتقا شىجائەت ئۇرغىتىدىغان گۈزەل ئىستەكلەر بىلەن تولغان ياشلىقىم؟ مېنىڭ بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈشۈم بىلەن پۈتۈن ئارزۇ-ئارمانلىرىم بەرباد بولارمۇ؟ مېنىڭ ياشلىقىم، ئۇلۇغ ئىستەكلىرىم يىراق سەھرانىڭ خىلۋەت ماكانلىرىدا مۇز تېگىدە قالغان كۆز ياپراقلىرىدەك نابۇت بولۇپ كېتەرمۇ؟ مەندە ئۇنى قوزغاتقۇدەك، ئۇنى قايتا كۆكلەتكۈدەك جاسارەت بارمىكىن؟

قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ئۇچقۇنداۋاتقان سۇس ئەمما بەكمۇ يۈكسەك بىر تۇيغۇ ماڭا جۈرئەت بېغىشلىغاندەك قىلاتتى.

ئۆزۈممۇ چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان بىر ھېسسىيات بىلەن قايمۇقۇپ يۈرگىنىمدە مائارىپ ئىدارىسىنىڭ دولان يېزىسىغا بېرىشىم توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئالدىم.

— دولان يېزىسىنىڭ ئادەملىرى بەكمۇ ساددا، ئاق كۆڭۈل، مېھمان دوست، كۆنۈپ قالىسەن ئوغلۇم. ئادەم بالىسى نېمىلەرگە كۆنمەيدۇ دەيسەن؟ — دېدى قوشنام سادىق بوۋاي مېڭىشىم ئالدىدا، — ياشلىق قىپسەن ئوغلۇم، قېرى ئاپاڭنى قاقشاتمىساڭ بولاتتى. قارا بىر ئاينىڭ ئىچىدىلا ئون ياش قېرىپ كەتتى. پات-پات كېلىپ ئاپاڭنى يوقلاپ تۇر!

ئاپامنىڭ شۇ چاغدىكى قىياپىتىنى، بەختسىز ئوغلىنى يارىتىش ئۈچۈن تۆككەن ياشلىرىنى ئەبەدىي ئۇنتالمايمەن. راستىنى ئېيتسام شۇ چاغدا بۇ ئايرىلىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش ئىكەنلىكىنى پەقەتلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن ئىكەنمەن...

ئەتىگەندىلا يولغا چىقىپ توپتوغرا يېرىم كۈن مېڭىپ گۈڭشېغا كەلدىم. تىراكتور مېنى تاشلىق يولدا بولۇشىغا سىلكىگەندى. مەن بارغان كۈنى گۈڭشېنىڭ مائارىپقا مەسئۇل كادىرى يىراق بىر ئەترەتكە كەتكەنىكەن. ئىككى كۈن ساقلىشىمغا توغرا كەلدى. بۇ ئىككى كۈن ئىچىدە گۈڭشېنىڭ ئارقا تەرىپىگە يانداپ سېلىنغان ئوتتۇرا مەكتەپنى ئايلىنىپ چىقتىم. راستىنى دېسەم بۇ جاينى مەكتەپ دېگەندىن كۆرە ئەسكى تاملىق دېگەن تۈزۈك ئىدى. ئۆرۈلۈپ چۈشەي دەپ قالغان تام ئادەمگە ھەرقاچان ۋەھىمە پەيدا قىلىپ تۇراتتى. مەكتەپ ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق قىلىپ ياسالغان كۆلدە ئوقۇغۇچىلار چورۇقلىرىنىڭ يىرتىقىدىن چىقىپ قالغان پۇتلىرىنى سۇغا چىلاپ تۇرۇپ دېگۈدەك قوللىرىنى يۇيىدىكەن. مەكتەپ ئاشخانىسىمۇ شۇ كۆلنىڭ سۈيىنى ئىشلىتىدىكەن.

ئىككى كۈندىن كېيىن گۈڭشېنىڭ مائارىپقا مەسئۇل كادىرى مېنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپتۇ.

— ئۇكام، سىزنى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ قالالمايدىغان بولدۇق. بىزگىمۇ ئامال يوق، يۇقىرىنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلماسلىققا ھەددىمىز ئەمەس، — دېدى ئۇ.

— مېنى ناھىيلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆزى مۇشۇ مەكتەپكە بەلگىلىگەنغۇ؟

— شۇنداق ئۇكام، دەل شۇ كىشى سىزنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئىشلىتىشكە بولمايدىغانلىقىنى ماڭا ئۇقتۇردى.

— نېمە سەۋەبتىن؟ بىرەر سەۋەبى باردۇر؟

— ئېھتىمال سەۋەبى باردۇر، لېكىن سەۋەبىنى چۈشەندۈرمىدى، مەنمۇ كوچىلاپ سوراشنى ئەپسىز كۆردۈم،

بۇ پىشكەللىكنى ئاڭلاپ پېشانەمدىن سوغۇق تەر ئۆرلەپ كەتتى. مەن تەقدىرگە نېمە قىلغان بولغىيتتىم؟ قىلغان نېمە گۇناھلىرىم ئۈچۈن تەقدىر مېنى شۇنچە جازالايدىغاندۇ؟ قاچانلارغىچە چۆلدىكى قامغاقتەك شامالدا ئۇچۇپ يۈرەرمەن؟

بوسۇغىدىن ئەمدىلا پۇتۇمنى ئېلىشىمغا مائارىپ كادىرى مېنى توختىتىۋالدى.

— ئۇكام سىزنى تۆۋەنگە چۈشۈپ بىر مەزگىل ئۆزگەرسۇن، كېيىن ئىشلىتىشكە قاراپ بىر ئىش قىلارسىلەر دېيدۇ. قوشئېرىق دادۇيىگە بارامسىز يا؟

مەن ئۇ ئادەمگە قارىدىم. خىيالىمچە ئۇ ئادەمنىڭ ماڭا يامانلىق قىلىش نىيىتى باردەك قىلمايتتى. بۇنى ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتقان چارىسىزلىقتىن، باشلىقنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر بىچارىلەرچە ھېسسىياتتىن بىلىۋالغانىدىم. نېمىمۇ دەيتتىم. مۇساپىرلىقنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماقلىرىمغا ئۇرۇلۇۋاتاتتى. مەن ماقۇل ئىشارىسىگە باش لىڭشىتىپ ئېغىر قەدەملىرىمنى تەستە يۆتكەپ چىقىپ كەتتىم.

ئەتىسى بازار كۈنى ئىدى. توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان يېزا بازىرىدا يېرىم كۈن ئارىلاپ ئاران دېگەندە قوشئېرىق دادۇيىگە بارىدىغان بىر ھارۋىكەشنى تاپتىم. ھارۋىكەش ئۇستىبېشىمغا ۋە يېنىمدا تۇرغان يۈك-تاقىمغا قاراپ قويدى-دە:

— چىقىڭ، — دېدى بۇيرۇق. تەلەپپۇزىدا.

يوغان چاقلىرى ھەر بىر پىرقىرىغاندا يىغلىغاندەك ئاۋاز چىقىرىدىغان ياربىيار ھارۋىغا قوشۇلغان ئىنەك بېشىنى تۆۋەن ساڭگىلىتىپ ئاغزى-بۇرنىدىن ئۇشقىرىتىپ ھور چىقىرىپ قەدەملىرىنى بەكمۇ تەستە باساتتى. يول بويىدىكى كۆز يەتكۈسىز ئېگىزلىكتە دان ئىزلەپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قارا قاغىلارنىڭ ئەنسىز قاقىلداشلىرى كىشىنى قانداقتۇر بىر خىل بىئاراملىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرەتتى.

قەھرىتان قىش. قىلىن كىيىنىۋالغىنىمغا قارىماستىن خېلىلا توڭلاۋاتاتتىم. ئولتۇراي دەپ قالغان قىش قۇياشى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئاجىز نۇرىنى ئالەمگە چېچىپ ئۆيگە قايتىشقا ئالدىرىغان مېھماندەك تاغ كەينىگە مۆكمەكتە ئىدى. ماڭا ھەممە نەرسە مەۋھۇم، بەكمۇ ناتونۇش ئىدى. قۇياشمۇ، دالىمۇ، ھاۋامۇ، كائىناتمۇ، ئاسمانمۇ يېنىمدا



ئۇلتۇرغان مۇنۇ دېھقان يىگىتمۇ ناتونۇش ئىدى، تەقدىر نېمىدېگەن غەلىتە - ھە؟ بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىم نېمە بولار؟... خىيالىمنىڭ ئاخىرىنى زادىلا باشقا چىقىرالمايتتىم.

— توڭلىدىڭىزمۇ؟ — تۇيۇقسىز سورالغان بۇ سوئال مېنىڭ خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى، — بۇ يۇرتنىڭ قىشىغۇ ئانچە قاتتىق بولمايدۇ، شۇڭا ئىككىنچى ئاي كىرگىنىگە قارىماي قارمۇ ياغمىدى، لېكىن ھامان قىش - تە! توڭلىسىڭىز مېنىڭ ماۋۇ جۇۋامنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى مەن ھارۋىغا چىققاندىن بۇيان ماڭا بىرەر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىغان ھارۋىكەش، — تونۇشۇپ قالايلى ئىسمىم تالىپ، ئەترەتتە ھارۋىكەشلىك قىلىمەن. سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمىدى؟

— كامال، — جاۋاب بەردىم مەن.

— پاھ چىرايلىق ئاتكەن. سىلەر شەھەرلىكلەر ھەممە نەرسىنى تاللايسىلەر، راست بىزنىڭ مەھەللىگە نېمە ئىش بىلەن ماڭدىڭىز. تۇغقان يوقلىغىلى ماڭدىڭىزمۇ ياكى...

ئۇ سوئال نەزەرى بىلەن جاۋاب كۈتۈپ ماڭا قارىدى. مەن ئۆزۈم توغرۇلۇق سورالغان ھەر قانداق سوئالغا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزۈمنى قاچۇراتتىم، لېكىن بۇ يىگىتتىن نېمىشقىدۇر گەپ يوشۇرغۇم كەلمىدى. شۇڭا بېشىمدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلەرنى قىسقىلا قىلىپ سۆزلەپ بەردىم.

ئۇ بىر ئاز جىمجىتلىقتىن كېيىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گويا ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازدا غۇدۇراپ قويدى.

— شۇنداق بۇرادەر، ئازمايدىغان كىم بار؟ ياشلىقتە، ياشلىق. مەنمۇ شۇ كۆكۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ تاس قالغان جېنىمدىن ئايرىلغىلى. مانا بۇ تارتۇق شۇ ئىشنىڭ ماڭا قالدۇرغان يادىكارى...

مەن شۇ چاغدىلا كەچكى گۇگۇمنىڭ ئاخىرقى يورۇقلۇقىدا تالىپنىڭ يۈزىگە تۈنجى قېتىم جۈرئەت قىلىپ تىكىلىپ قارىدىم. قاپقارا تومۇ قاشلار ئارىسىدا چاقناپ تۇرغان يوغان قارا كۆزلەر، چىرايلىق بۇرۇتى ئۆزىگە شۇنچە ياراشقان ھەقىقىي ئۇيغۇر يىگىتلىرىگە خاس ھۆسنىنى خۇدا ئايىماي بەرگەن بۇ يىگىتنىڭ تەلەتى بۇرۇن تۆشۈكىدىن سول ئېڭەك ئاستىغىچە سوزۇلۇپ چۈشكەن تارتۇقتىن باشقىچە بىر تۈسكە كىرگەنىدى. بۇ چىراي ئادەم چۆچۈگۈدەك دەرىجىدە قورقۇنچلۇق ئىدى.

ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئون سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى بۇرۇتلىرى خەت تارتىپ چىرايلىق يىگىت بولۇپ يېتىلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن تالىپقا قوشنىسى مامۇت دوبجاڭنىڭ سەتەڭ خوتۇنى نىساخان يىغىنچىلىق قىلىپ چاقچاق قىلىشقا باشلاپتۇ. بۇنداق ئىش-پەش تارتىشلار بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن تالىپ نىساخان بىلەن كېلىشىپ نىساخاننىڭ ئۆيىگە كىرىشكە ۋەدە بېرىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تالىپنىڭ تاقىتى تاق بوپتۇ-دە، ھويلىدىكى پاكار ئارا تامدىن ئاتلاپ نىساخاننىڭ ئۆيىگە كىرىپتۇ. ئىشقى مۇھەببەت سەۋداسىدا مەجنۇن بولغان ياش يىگىت ئىشقۋازلىق راھىتىنى سۈرەي دېيىشىگە يەردىن ئۈنگەندەكلا مامۇت دوبجاڭ ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بوپتۇ-دە، تالىپنى ئۇرۇپ دومبالاپتۇ. تالىپ ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاشقىمۇ چارىسىز قاپتۇ. شۇ ئەسنادا ۋاراڭ-چۇرۇڭنى ئاڭلىغان تالىپنىڭ دادىسى ئۆيگە كىرىپ پىچاق كۆتۈرۈپ تۇرغان دوبجاڭغا يىلىنىپ يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. دوبجاڭ:

— خەپ، ئاتاڭنىڭ ئاپئاق ساقىلىنىڭ يۈزىنى قىلمىغان بولسام سەن ناكەسنىڭ تېرىسىنى تەتۈر سوياتتىم، مانا ساڭا ئىشقۋازلىق ئۈچۈن مۇكاپات! — دەپ پىچاقنى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرغانىكەن، قان ئۇقتەك ئېتىلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن يۈز-كۆزىنى بوياپتۇ. يۈزى ساقايغاندىن كېيىن كىشى قورققۇدەك مۇشۇ تارتۇق ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك مىراس بولۇپ قاپتۇ.

— شۇنىڭدىن كېيىن خوتۇن كىشى بار يەرگە يولىماسمەن دېگەنىدىم. يەنە بولمىدى، ئۆيلەندىم، ئىككى بالام بار، ئايالىم دەسلەپتە يۈزۈمدىكى تارتۇقتىن قورقۇپ تېگىشكە ئۇنىمىغانتى، كېيىنچە چوڭلارنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن رىسقىمىز قوشۇلۇپ قالدى.

— مامۇت دېگەن كىشى ھازىرمۇ بارمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— ھەئە ھازىرمۇ دوبجاڭ.

— سىلەر ھازىرمۇ قوشنىمۇ؟

— ياق شۇ ئىشتىن كېيىن بىز باشقا بىر يەرگە ئۆي سېلىپ كۆچۈپ كەتتۇق.

— سىزدىن كېيىن يەنە ئۆچ ئالدىمۇ؟

تالىپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدى. تۈن قاراڭغۇلۇق پەردىسىنى كائىناتقا يايغان بولغاچقا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرەلمىدىم. لېكىن ھەسرەتلىنىۋاتقانلىقىنى ئاۋازىنىڭ تىترىشىدىن بىلىپ تۇراتتىم.

— ئۆچ ئالمايدىغان ئىش يوق، تازا ئۆچ ئالدى. مېنىڭ يەنە ئىككى ئاكام، بىر ئىنىم بار، مەنغۇ مەيلى، بار بولغۇلۇق شۇلارغا بولدى. ئۇلار ئېغىر ئەمگەك، ھاشاردىن زادىلا قۇتۇلالمايدۇ.

— سىزدىنچۇ؟ سىزدىن ئۆچ ئالمىدىمۇ؟

— ھىم، — دىمىغىنى قاقتى ئۇ، — مېنى دائىم زاڭلىق قىلىدۇ، ئادەم جىق جايلاردا: تالىپ سەن بەكمۇ قاملاشقان يىگىتسەن، بىراق بىرلا ئەيىپىڭ باردە سېنىڭ، قارا يۈزۈڭدىكى تارتۇقنى، دەپ مېنى بەكمۇ ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. جىسمانىي ئەيىبىڭنى يۈزۈڭگە سېلىش ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئاھانەت ئىكەن كىشىگە. لېكىن لېۋىمنى چىشلەپ ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ تۇرىمەن. نېمىشقا دەمسىز؟ دادام شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ئاز يالۋۇرمىدى، ماڭا خوتۇن ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئاز ماڭمىدى. ئاكىلىرىمنىڭ ھازىر تارتىۋاتقان جاپاسىمۇ ئاز ئەمەستە. مەن ئۇلارنى يەنە خاپا قىلسام قانداق بولىدۇ؟

ھەر ئىككىلىمىز جىمىپ قالدۇق. تەبىئىكى بۇ سۆھبەت ئۇنىڭ يۈرەك يارىسىغا تۇز سەپكەندى. يۇلتۇزلۇق ئاسمان بوشلۇقىغا قاراپ ئېغىر خىيالغا چۆكتۈم.

«ياشلىق قېپسىز» بۇ سۆزنى مەن بىرقانچە ئادەمدىن ئاڭلىدىم. ئەجىبا شۇ «ياشلىق» نىڭ گۇناھى شۇنچە چوڭمىدۇ؟ ئادەملەرنىڭ ئۆز ئۆمرىدە ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى «ياشلىق» تىن ئىبارەت مۇشۇ بىرلا ئۇقۇمغا دۆڭگەسە بۇ ئادىللىق بولارمۇ؟ توغرا، يېنىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ يىگىت ياشلىقتىكى بىر ھەۋەسى ئۈچۈن ئۆمۈرلۈك ھەسرەتكە قاپتۇ. راملەمۇ ياشلىقتىكى بىر خاتالىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ۋە مېنى نابۇت قىلدى. ھەتتا مېنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋەتتى. توغرا، ئادەم ياشلىقتا باسقان بىرەر خاتا قەدىمىنىڭ كاساپىتىدىن بىر مەزگىل ھەتتا بىر ئۆمۈر رىيازەت چېكىدۇ. بۇنىڭغۇ ھەقلىق دەيلى. بىراق مېنىڭ ياشلىقتىكى گۇناھىم نېمە؟ مۇھەببەتمۇ دەيلى، ئۇنداقتا مېنىڭ بىرەر قىزنى ياخشى كۆرۈشۈم تەقدىرىمنىڭ شۇنچىلىك زور ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشىغا سەۋەب بولسا، ئادەم قايسى يۈرتتا تۇغۇلۇش قانداق ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلۇشنى ئۆزى بەلگىيەلمىگىنىدەك، ئادەمنىڭ كىمنى ياخشى كۆرۈشىمۇ ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا بولمامدۇ؟ كۆڭۈل دېگەن پادىشاھ تۇرسا؟

تۇرۇپلا كۆڭلۈم غەشلىككە تولدى، ھەرقانداق ئىشلارغا بەرداشلىق بېرىشىم كېرەك. نېمە ئۈچۈن؟ ياشاش ئۈچۈن، پەقەتلا ياشاش ئۈچۈن! بۇنىڭدىن كېيىنكى ھايات يولۇم بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن يورۇقلۇق تېپىشىم كېرەك. قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇگۈلۈپ ياتقان قانداقتۇر بىر چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدىغان غۇۋا ئۈمىد، شۇ ئۈمىدتىن چاقناۋاتقان بەكمۇ سۇس، گۇڭگا بىر ئۇچقۇن مېنى ھەممىنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەۋاتاتتى. ۋىجدانىم ئۆزۈمنى ئاقلايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ پاكلىقىغا ئىشىنەتتىم.

— كەلدۇق — دېدى تالىپ مېنىڭ خىيالىمنى بۆلۈپ، — بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭ.

ئۇ مېنىڭ رازىلىقىمنىمۇ كۈتمەستىن ھارۋىنى قوش قاناتلىق دەرۋازىدىن ھويلا ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ھويلىدا بىزنى ئۇنىڭ ئاق مۇيناق ئىتى، ئاندىن ئايالى كۈتۈۋالدى.

چامغۇر توغراپ ئەتكەن يۇمدان تىلىمغا تېتىدى. جىن چىراغنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تورۇسلىرى ئىسلاشقان ئۆي مېنىڭ كۆزۈمگە خېلى ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مۇبادا بۇ ئاق كۆڭۈل ھارۋىكەش يىگىتكە ئۇچراشمىغان بولسام بۇ كېچە نەلەردىمۇ تېنەپ يۈرەتتىم؟

— ئۇخلاڭ، — دېدى ئۇ ئېشىمىزنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، — يول يىراق، يول ئازابى گۆر ئازابى، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟

قۇشقاچتەك چۇۋۇرلاشقان ئاۋازلار، ئىتلارنىڭ ھاۋشۇشى، كاللىلارنىڭ ئەنسىز مۆرەشلىرى مېنى ئويغىتىۋەتتى. ئىسسىق كاڭ مېنى شۇنچىلىك ئەزگەنىدى. ئاسماندا كۆتۈرۈلگەن قىش قۇياشىنىڭ سوغۇق نۇرى تۈڭلۈكتىن شولا چېچىپ تۇراتتى. تالىپنىڭ چوڭى 8 — 9 ياشلاردا، كىچىكى 6 — 7 ياشلاردا كۆرۈنىدىغان ئىككى ئوغلى ياتسىراپ قارىشىپ تۇراتتى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟ — دېدى تالادىن كىرگەن تالىپ ماڭا قاراپ، — توڭلىغانسىز ھە قاچان؟

— ياقەي، شۇنداق ئىسسىقكەن، خۇددى ئاپامنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلاپتىمەن.

بۇ سۆزنى دەۋېتىپ كۆڭلۈم غەلىتە بىر ھېسسىياتقا تولدى. ئاپامنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغاندەك ئۇخلىدىم دەپ يالغان ئېيتقانىدىم. يات، ناتونۇش ئۆيدە ھارغىنلىق، چارچاش بىلەن ئۇيقۇغا كەتكەن، ئەمما ئازابلارغا تەشنا بىر روھ بىلەن ئويغىنىدىغان بىر تەننىڭ ئۆز ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئۇخلىغاندەك راھەتلىنىپ ئۇخلىيالىشىنىڭ ئەسلا مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلەتتىم. بۇلارنى ئويلىغىنىمدا يۈرىكىم ئازاب ئىچىدە ئېچىشاتتى. بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشۇم پۈتۈنلەي ئۆزگىرەتتى. ناتونۇش، قوپال ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش، سازاڭغا ئوخشاش مىدىراپ يۈرگەن ئاجىز بەندىلەرنى كۆرۈش، ئۇلارنىڭ يۈرىكىنى ئەزگۈدەك دەرىجىدىكى ساددىلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىكى ئۈمىدسىز نۇرلارنى كۆرۈپ يۈرۈشۈم كېرەك.

ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تالىپ مېنى ئەترەت ئىشخانىسىغا باشلاپ باردى. خام كېسەكتىن سېلىنغان پاكار-پاكار بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىكى زومچاق-زومچاق توپا ئارىلاش پاخال دۆۋىلەنگەن مەيداندا (ئېھتىمال بۇ خامان بولسا كېرەك) توپ-توپ قوشقاچلار دان ئىزدەپ چۇۋۇرلىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى. ئىرىراقتا ياش جەھەتتىن بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بىر توپ باللار كالتەك ئويۇنى ئويناشۋاتاتتى.

بالىلارنىڭ بەزىسىنىڭ بېشىدا كونىراپ ئەسلى رەڭگىنى تامامەن يوقاتقان تۇماق، ئۇچىسىغا تىزلىرى يىرتىلىپ ئاللىقانداق رەختلەردىن ياماق چۈشكەن ئىشتان كىيىشىپ ئۆز بويىغا زادىلا ماس كەلمەيدىغان پاختىلىق پەشمەتلىرىنى ئاپىلىرىنىڭ گۈللۈك ياغلىقلىرى بىلەن باغلىۋېلىشقانىدى. ئۇلارنىڭ شامال چىقسا ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك كۆرۈنىدىغان ئاجىز تېنى ئۆز تېنىگە ماس كەلمەيدىغان كىيىملىرىنىڭ ئىچىدىن ساپاقتەك چىقىپ تۇرغان بويۇنلىرىدىن ياكى كالتەك توپىنى ئۇرۇش ئۈچۈن سوزۇلغان تارىمۇشتەك قوللىرىدىن بىلىنىپ تۇراتتى.

ئەترەت ئىشخانىسى دەپ ئاتالغان بۇ ئۆينىڭ ئىچىدە سىرلانمايلا ئەسلى رەڭگىنى پۈتۈنلەي يوقاتقان ئىككى ئۈستەل تۇراتتى. بىر-بىرىگە قارىمۇ قارشى قويۇلغان ئۈستەلنىڭ ئىشكتىن كىرگەندىلا كىشىنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان تەرىپىدە گۆشلۈك يۈزلىرى ساڭگىلاپ تۇرىدىغان، ھەر بىر تىنغاندا بۇرۇن تۆشۈكى خۇددى كۆل پاقىسىنى ئەسلىتىدىغان دىقماققىنا بىر كىشى ئولتۇراتتى. بېشىغا كىيىۋالغان تۈلكە قۇلاقچىسى قايرىما ياقىلىق چىپەرقۇت چاپىنى ئۇ كىشىنى خېلى سالاپەتلىك كۆرسەتتەتتى. ئۇنىڭ قارشىسىدا ئاق تۇماق، چىپەرقۇت چاپان كىيگەن گەۋدىلىك بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەم قارىماققا 50 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، قارشىسىدىكى ئادەمدىن چوڭراق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىگە تولىمۇ ياراشقان چىرايلىق بۇرۇتى، پاكىز قىرىلغان يۈزى، يوغان كۆزلىرىدىن بىرخىل مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا ئۇ كىشىگە نىسبەتەن ھۆرمىتىم قوزغالدى. ئادەم دېگەن قىزىقتە...

— مامۇت دۆيجاڭ — دېدى تالىپ ھېلىقى تۈلكە قۇلاقچىلىق كىشىگە، — بۇ پالىنى بىزنىڭ ئەترەتكە تەقسىم قىپتىكەن...

مەن يانچۇقۇمدىن گۇگشېدىن ئالاقە ئورنىدا قىلىپ بەرگەن تونۇشتۇرۇشنى تالىپقا بەردىم. تالىپ تونۇشتۇرۇشنى ئىسمىنى مامۇت دۆيجاڭ دەپ ئاتىغان ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئەترەت باشلىقى قەغەزنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى تامغا بېسىلغان جايىغا بىرپەس قاراۋەتكەندىن كېيىن:

— شۇ تاپتا ئەترەتتىكى خەقنىڭ قورسىقىنى باقالمايۋاتقاندا بۇ كەلگۈندىنى باققۇدەك نەدىمۇ ئاشلىق بولسۇن؟ باي بولساڭ ئۆزۈڭ باق. ساڭا ئوخشاش ئالقاپتۇر بۇمۇ ئەتمالىم، — دېدى دۆيجاڭ زەردە بىلەن تالىپقا.

بەدەنلىرىم خۇددى ھاشارەت ماڭغاندەك تىكەنلىشىپ كەتتى. نېمە دېيىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. دېمەك، تەكلىماكان چۆللۈكىگە ياندىش بولغان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدىكى بۇ خىلۋەت ماكاندا مەن تۇرغۇدەك، پاناھلانغۇدەك بىرەر ماكان چىقمايۋاتاتتى. ھەي، ئادەملەر دۇنياسى بەكمۇ مۇرەككەپ. بىرلىرى ساڭا شەپقەت قولىنى سۇندۇ، بىرلىرى ئىچىشكە تەييارلىغان ئېشىڭغا توپا چاچىدۇ...

— كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، — دېدى تالىپ، — ئاستا-ئاستا ھەل بولىدۇ،

ئەترەت يالغۇز بۇلا ئەمەسقۇ، ماكانلاشقۇچە بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇڭ، كۆڭنىمىز قەدىر ئەھۋال، ئۇماچ بولسىمۇ ھەر ھالدا قورساق تويىدۇ. سىز ئەھۋالنى كېيىن چۈشىنىسىز، بەزەنلەر شۈنچىلىك نامرات، ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلىدۇ. بىراق، دۈيجاڭنىڭ ئۆيىدە كۆندە بەتتە-پولۇ. پۇقراچۇ؟ بىر يىل ئىشلەپ تاپقىنىمىز گېلىمىزغا يېگەن ئاشنىڭ پۇلىغا چىقىش قىلمىغان.

ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا يېرىم-ياتا كىرەتتى. مەن ئۆز خىيالىم، ئۆز غېمىم بىلەن ھەلەك ئىدىم.

جىن چىراغنىڭ پىلىلداپ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولۇپ تۇرۇلۇپ چىقىۋاتقان قاپقارا تۈتۈن ئۆي تۇرۇسىنى خۇمدانىدىن پەرقسىز قىلىپ قويغانىدى. كۆزلىرىم بۇ قاراڭغۇلۇقىمۇ كۆنۈشى كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشقا باشلىدىم. تالىپنىڭ ئىككى بالىسىنى يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئۇلارنىڭ چۈچۈك تىلىدا يەرلىك تەلەپپۇز بىلەن ئېيتقان قىزىقارلىق سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بىردەم بولسىمۇ ئۆزۈمنى گوللاپ ئولتۇراتتىم. تالىپ كەچ كىرمەيلا تالادا ئازراق ئىش بارلىقىنى ئېيتىپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئەل ياتقۇ بىلەن قايتىپ كەلدى.

— خۇداغا مىڭ شۈكرى — دېدى تالىپ ئىشىكتىن كىرىپلا، — ئەترەتكە نوپۇسقا چۈشىدىغان بولدىڭىز، — ئۇ مەندىنمۇ بەكرەك خۇشال ئىدى. بايا ئۇ دادۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مېنىڭ ئەترەتتە قېلىشىمنى ئىلتىماس قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ماموت دۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۇنى ئۇنۇتۇپتۇ.

— دادۈيجاڭ دېگىنىڭىز كىم، — سورىدىم مەن قۇچىقىمدا ئولتۇرغان ئۇنىڭ كىچىك بالىسىنى يەرگە قويۇپ.

— بۈگۈنكى ھېلىقى ئىشخانىدا ماموت دۈيجاڭ بىلەن ئولتۇرغان كىشى شۇ. قالتىس ئادەم دەڭا ئۇ، پۈتۈن يېزىدىكىلەر ئۇ كىشىنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيمىز. ئەترەتتە يا توي، يا نەزىر ئۇ كىشىسىز ئۆتمەيدۇ.

ئەتىسى چۈشكە يېقىن ئەترەت ئەزالىرى ھەممىسى تۈنۈگۈن مەن كۆرگەن ھېلىقى ئىشخانىنىڭ ئالدىغا يىغىلىشتى. بەزىسى ئورۇندۇق ئورنىدا خام كېسەكلەردە، بەزىسى پاخال تاشلاپ داق يەردىلا ئولتۇرۇشتى. بىر ياخشى يېرى بۇ دالىدا قىش قۇياشى بىمالال ھالدا ئۇلارغا ئازراق بولسىمۇ نۇر ۋە ئىللىقلىق ئاتا قىلالايتتى. دۈيجاڭ مەن توغرۇلۇق شۈنچىلىك ئۇزۇن ۋە مۇھىم نۇتۇق سۆزلىدى. نېمىلەرنى دېدى دېمەمسىز؟ مېنىڭ ياخشى ئۆزگىرىشىم ئۈچۈن ئەزالارنىڭ ھەر بىرى ياردەم بېرىشى كېرەكمىش. پەقەت ياخشى ئىشلەش بىلەنلا كاللامنى ئۆزگەرتىشىم كېرەك ئىكەن. ئۇنىڭ تۇرۇپ كىشى تىترىگۈدەك ئاۋازدا بۇغۇلۇپ ۋارقىرىشى، تۇرۇپلا كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك مۇلايىملىشىپ كېتىشى مېنى شۈنچىلىك ھەيران قالدۇردى. ئىنتائەت قىلىشقىلا يارالغاندەك دۈيجاڭنىڭ ئالدىدا ئۈن-تىنسىز قول باغلاپ تۇرغان ئەزالار شۈنچىلىك ئاجىز كۆرۈندىكى، بۇرۇن تارىخ كىتابلىرىدا ئوقۇغان ھوقۇقسىز، ئۆزىنىڭ ھايات-ماماتىغىمۇ

ئىگە بولالمايدىغان قۇللارنى ئەسلەپ قالدىم.

ماڭا بېرىلگەن ئۆي ئەترەتنىڭ كالا قوتىنىغا يانداپ سېلىنغان كىچىككىنە بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. كاڭلىق ئوچاق، كاڭ ئۈستىگە زىغىر پاخلى سېلىنغان بولۇپ بۇ ئۆينىڭ ھەممىلا يېرىدىن نامراتلىق تۆكۈلۈپ تۇراتتى. بۇ مېنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۆيۈم — مېنىڭ نامرات كەپەم ئىدى.

ئادەم جاپالىق كۈنلىرىدە ھەرگىزمۇ ياخشى كۈنلىرىنى ئويلىماسلىقى كېرەك، پەقەت ياخشى كۈنلەردە يامان كۈنلىرىنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىقى كېرەك. مەن بۇ سۆزنى شۇنچىلىك توغرا دەپ ئويلايتتىم. ھالبۇكى مۇشۇ مىنۇتتا ئىختىيارسىز ھالدا بەختلىك باللىق چاغلىرىم، ئۇنتۇلماس ستۇدېنتلىق ھاياتىم كۆز ئالدىمدىن لەپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ بىر ئاددىيلا ئۆتۈش بولماستىن، يۈرەكلىرىمگە ھەسرەت ئوتلىرىنى ياققۇچى ئەسلىمە سۈپىتىدە كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش كەلتۈردى. مەن بۇ قىسمەتلەرنى ئويلىغانىمدىم، ھەتتا چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن بولسام كېرەك. ئاپامنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرىدىغان چىرايى ئورنىغا خىيالىي ۋەھىملەرنىڭ ئازابى، ئاخشاملىرى ناخشا توۋلاپ ئۇسسۇل ئويناپ ئۇخلاتمايدىغان ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئورنىغا، كالىلارنىڭ ئەنسىز مۆرەشلىرى بىلەن كېچە-كۈندۈز ئارام بەرمەيدىغان دوكۇر-دوكۇرلىرى ئالماشقانىدى... قانچە ئويلىماسلىققا، ئەسلىمىسىلىككە تىرىشسامۇ، ئاشۇ ئۆتمۈشۈم بىلەن بۈگۈنكى رېئاللىقىم روشەن سېلىشتۇرما بولۇپ كۆز ئالدىمدىن زادى نېرى كەتمەيتتى. ئەمەلىيەتنى يوشۇرۇپ نېمە قىلاي؟ كۆڭلۈم نېمىنى خالىسا شۇنى قىلسۇن. ئەمدى مېنىڭدە شۇنىڭدىن باشقا ھېچنەرسە قالمىدىغۇ ئاخىر.

بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن بىرلىرى كونا قازان، بىرلىرى تاۋاق، بىرلىرى ئەسكى چۆمۈچ، بىرلىرى كونا تەڭنە بېرىپ ئۆي بىساتىمنى تولۇقلاپ بەردى. مېنىڭ قىلالايدىغان تامىقىم قوناق ئۇنىنى ئىلمان سۇ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ زىغىر پاخلىنىڭ سۇس ئوتىدا پىشۇرىدىغان قوتۇرماچ ئىدى. بۇمۇ بىر ھۈنەر ئىكەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئاچ گېلىمنىڭ غېمىنى ئۆزۈم قىلىشىم كېرەك-تە.

كۈنلىرىم ھەر ھالدا ئۆتۈۋاتتى. كۈندۈزلىرى ئىشسىز بىكار يۈرگەن دېھقان باللىرى تۈن تەڭگىچە ماخوغا قارايدىغان قېرى قوشنامنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ قۇرۇق گەپ سېتىشاتتى. ئۇلار تارقاشقاندىن كېيىن بولسا مەن كالىلارنىڭ دوكۇر-دوكۇرلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان بۇ غېرىپ كۆلبەمدە تۈننى تاڭغا خىيال بىلەن ئۇلايتتىم. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن ئادەمگە ياشاش ئىستىكى، ھايات بىلەن ئېلىشىش جاسارىتى بېغىشلايدىغان تارىم چۆللۈكىنىڭ بۇ چەت ماكانى مېنى ئۆز قوينىغا يامغۇر تامچىسىنى ياكى يول تاپالماي ئېزىقىپ قالغان بىر مەۋجۇداتنىڭ قورقۇنچلۇق ساداسىنى يۇتۇپ كەتكەندەك سىڭدۈرۈپ كېتىۋاتاتتى.

يەر مېھرىبان ئانا، ئانا پەرزەنتىنى قانداق ياخشى كۆرسە، قانداق ئاسرىسا،

يەرمۇ ئۆز پەرزەنتلرىنى، بارلق مەۋجۇداتلرىنى شۇنداق ئاسرايدۇ، شۇنداق ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى زېمىندىكى بارلق جانلقلارنى ئۇ ئاپىرىدە قلغان. ئۇ پەپلەپ ئۇخلاتقۇچى، ئۇ جان بېرىپ ئويغاتقۇچى، ئۇنىڭ مەيىن شاملمۇ، غەزەپتىن نەرە تارتىپ چاقىقان چاقماقلرىمۇ، سىم-سىم يامغۇرلرىمۇ، زىمىستان قشلرىمۇ، شىۋىرغانلق ئەتىيازلرىمۇ ئوخشاشلا سۆيۈملۈك. دېمەك ئۇلار ئۇنىڭ ئۆز پەرزەنتلرىگە قلغان خىتابى، ئېيتقان يۈرەك سۆزلرى، ئاگاھلاندۇرۇش ۋە سۆيۈنۈشى... يەر ئانا. خۇددى كىم ساغسا بولۇۋېرىدىغان سۈتلۈك كالىدەك ئۆزىنىڭ بارلىقنى ئۆز پەرزەنتلرى، مەۋجۇداتلىرى ئۈچۈن ئاتىغان. بۇنىڭدىن ياخشلارمۇ، يامانلارمۇ ئوخشاشلا بەھىر ئالىدۇ. نەپ ئالىدۇ. پەرق پەقەت بىرلرىنىڭ ئاز، بىرلرىنىڭ كۆپ نەپ ئالغانلقىدا. ئەقللىكلەر بىراۋنىڭ دۆتلكىنى مازاق قلىدۇ. نادانلار ساددىلارنى ئۆزلرىنىڭ قۇربانلقى قلىدۇ. قارا نىيەتلەر ئاق كۆڭۈللەرنى ۋەيران قلىدۇ. بايلار نامراتلارنى مەنىۋى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قۇل قلىۋالىدۇ. گۈزەللەر ھېچقانداق جاپاسىزلا كۆرۈمسىزلەرنىڭ بەختىنى ۋەيران قلىۋېتەلەيدۇ. شاھلار ئۆز خاھىشى بويىچە پۇقرانى ئۈن-تىنسىز بويسۇندۇرالايدۇ.

«ھايات بىرلا قېتىم ئوينلىدىغان قىمار» بۇ سۆزنى مەن قايسىدۇر بىر كىتابتىن ئوقۇغاندەك قلىۋېدىم. شۇنى ئويلاپ قالدىم. مۇبادا ھايات راستتىنلا بىرلا قېتىم ئوينلىدىغان قىمار دېيىلسە، مەن تېخى تاۋاكاغا چۈشمەي تۇرۇپلا بۇلانغان، ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان بىر بىچارە ئىدىم. يۈكسەك ئارمانلىرىم كەلگۈسى ھەققىدىكى شىرىن خىياللىرىم... بۇلارنى قايتىدىن باشلاش، ھەممىگە يېڭىچە بىر غەيرەت، يېڭىچە بىر جاسارەت بىلەن ئاتلىنىش كېرەك، بۇ ئىشنىڭ بەكمۇ مۇشكۇل ئىكەنلىكىنى بىلەتتىم، لېكىن بۇ مۇشكۇللۇكنىڭ سالمىقى، مۇساپىسى ماڭا قاراڭغۇ ئىدى.

بۇ يەردىكى ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلىرىمدىن بىرى تالىپنىڭ ئۆيىگە بېرىش ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىدە ھۆرنىساخاننىڭ ئىشلەپ ئەتكەن تامىقىنى يەپ ئۆي تامىقى سېغىنغان خۇمارىمنى باساتتىم. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى يېنىمغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، خەت ئۆگىتەتتىم. بولۇپمۇ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى باقى بەكمۇ چېچەن ئىدى. مەندىن بەكمۇ كۆپ سوئاللارنى سورايتتى. مەنمۇ زېرىكمەي-تېرىكمەي جاۋاب بېرەتتىم.

— ئۆگىتىڭ! — دېدى تالىپ قولىدىكى غاڭزىغا تاماكا لىقلاۋاتقاچ، — بىزغۇ قارا قورساق، دۈيجاڭنىڭ ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ دەپتىرىگە قاراپ نېمە دېسە ھەدەپ ئولتۇرىمىز.

— بۇ يېزىدا مەكتەپ بولمىغانمۇ؟

— بۇرۇن بار ئىدى. بۇ جاي بەك چەت بولغاچقا مۇئەللىم چىدىماي يۆتكىلىپ كەتتى، — تالىپ بۇ سۆزنى ئادەم چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىر خىل ئىستىھزالىق تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

ھەش-پەش دېگۈچە ياز ئۆتۈپ ئالتۇن كۈزمۇ كەلدى، ھەممە ئادەم ئالدىراش ئىدى. قۇرت، قوڭغۇزلارمۇ ئادەملەر بىلەن بەسلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ قىشلىق ئوزۇقىنى جەملىمەكتە ئىدى. ياۋا تېرەكلەرنىڭ، جىگدىلەرنىڭ يالڭاچلانغان تاللىرى كۈز شامىلىدا ئەنسىز تەۋرىنەتتى. ماڭا بۇ يەرنىڭ كۈندۈزىمۇ، ئاخشىمىمۇ ھەتتا تاڭ سەھىرىمۇ ئىنتايىن سىرلىق تۇيۇلاتتى. بۇ سىرلىقلىق ئادەمنى ساراسىمىگە سېلىپ يۈرىكىنى ئېزىدىغان بىر خىل بۇرۇقتۇملۇق ئىچىدە داۋام قىلاتتى. بۇ جاينىڭ ئادەملىرى بۇ چوقۇم شۇنداق بولۇشى كېرەكتەك، تۇغۇلۇشتىنلا ئۆزىگە قۇچاق ئاچقان بۇ مۇھىتتىن رازىمۇ ۋە ياكى نارازىمۇ بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتتە ياشىشاتتى.

تالپىنىڭ بالىسىغا قوشۇلۇپ بىرقانچە باللار ۋاقىت تاپسىلا مېنىڭ يېنىمغا كېلىشەتتى. مەن ئۇلارغا دۇنيا، ئادەم، ئاي، يۇلتۇز ھەققىدە سۆزلەپ بېرەتتىم. مەن بۇنداق چاغلاردا ھەممىنى ئۇنتۇيتتۇم-دە، باشقىچە بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك روھلىنىپ كېتەتتىم. ئۇلارنى يولغا سېلىۋېتىپ ئەترەتنىڭ كۈندە كەچتە ئېچىلىدىغان يىغىنىغا قاتنىشاتتىم. بۇ يىغىن ئەلۋەتتە مامۇت دۈيجاڭ تەرىپىدىن باشقۇرۇلاتتى. ئەترەت باشلىقى، مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى، ئاياللار مۇدىرى، نومۇر خاتىرىلىگۈچى... ئىشقىلىپ سامانلىقنىڭ ئاچقۇچى بارلىكى كىشىلەر «مەن ئىككى ئېغىز پىكىر قىلاي»دىن بىر باشلىسا رەسمىيلىشىپ قالغان سۆزلەرنى، بىرىنىڭ سۆزىنى بىرى تەكرارلاپ تۈننى تەڭ قىلاتتى. تاڭغا يېقىن ئەسنىگەن يىغىنچىلار ئاستا ئۆيلىرىگە قايتىشاتتى.

ئىلكلەر سۇيۇلغان. ھورۇن كالىلارنىڭ كەينىدىن ئېتىز ناخشىسىنى بولۇشىغا توۋلاپ يەر ھەيدەۋاتقان دېھقان يىگىتلىرى كۈننىڭ پاتراق ئولتۇرۇپ كەچ بولۇشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتەتتى. قاشاڭ كالىلارنى تېزراق ماڭغۇزۇش يولىدا تارتقان جاپالىرى ئۇلارنى ئاشۇ ئورۇق جانىۋارلاردىنمۇ بەكرەك ھاردۇرۇۋەتكەنىدى. كالپۇكلىرى گەز باغلاپ چىرايلىرىدىن توپا ئۆرلەپ كەتكەن بۇ بەندىلەر مۇشۇ زېمىندىكى ھاياتلىقنىڭ شاھىدلىرى ئىدى...

باقى ۋە ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرى خېلى نەرسىلەرنى بىلىپ قالدى. ئۇلار بىلەن بىرگە بولسام ئۆزۈمنى ئىنتايىن تېتىك، خۇشال سېزەتتىم، ئۇلارنىڭ سورىغان سوئاللىرى بەكمۇ قىزىقارلىق ئىدى.

— مېنىڭ ئاچام كىتاب ئوقۇيالايدۇ. ئۇ شەھەردىكى تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە تۇرغاندا ئۆگەنگەنىكەن، — دېدى بىر كۈنى قوشنا ئەترەتتىن كەلگەن ئەخمەت ئىسىملىك ئون ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالا، — ئاڭلىسام شەھەردە بەك كۆپ مەكتەپ بارمىش.

— مەكتەپ بولسا ئوقۇمتۇڭلار؟ — سورىدىم مەن.

— ئوقۇيتتۇق، — ئۇلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا ماڭا تەڭلا جاۋاب بەردى.

ئۆزۈممۇ شۇنى ئويلاپ تۇراتتىم. سۇغا تەشنا زىرائەتلەردەك چاڭقىغان يۈرەكلەرگە ئاز-تولا بولسىمۇ بىلىم بېرىش، ئۇلارنى ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلەيدىغان قىلىشنى بۇرچۇم ھېسابلايتتىم.

تۈن تاڭغا ئۇلىشاي دېگەن ۋاقىتتا قانداقتۇر بىر خىل ئەنسىزچىلىك ئىچىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. ئورنۇمدىن سۇغۇرۇلۇپ تۇرۇپ ئىشىك تاقىغان غولدىنى ئېلىپ سىرتقا چىقتىم. ئاۋاز ئەترەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرى تەرەپتىن كېلىۋاتاتتى. بىردەم ساقلاپ تۇردۇم. كۆزلىرىم قاراڭغۇلۇققا كۆنگەندىن كېيىن ئالدىمغا بىرقانچە قەدەم ماڭدىم. ئىككى ئادەم ئىنجىقلىغانچە لىق نەرسە قاچىلانغان بىر تاغارنى ئىشىك ئالدىدا توختىتىپ قويغان ئېشەك ھارۋىسىغا بېسىۋاتاتتى. بۇلار زادى كىمدۇ؟ مەن ئوغرىنى تونۇماقچى بولۇپ ئالدىمغا سىلجىدىم. دەل شۇ پەيتتە بىرئاقار يۇلتۇز كېچە ئاسمىنىنى يورۇتۇپ جەنۇبقا قاراپ ئېقىپ كەتتى. شۇ بىر دەملىك يورۇقتا مەن ئۇ ئىككى ئوغرىنى تونۇپ ئۈلگۈردۇم، قانداق قىلىشىم كېرەك؟ مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي بىر پەس گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدىمدە، كەلگەن يولۇمغا قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

بۈگۈن كۈندۈزى ئەترەت ئامبىرىغا گۈرۈچ ئالغىلى كىرگەنىدىم. ياشقا چوڭلارنى ئالدىدا ئېلىۋالسۇن دەپ بىر چەتتە قاراپ تۇراتتىم. گۈرۈچ جىڭلاۋاتقان ئامبارچى يۈزلىرىنى سارغىيىپ تۈك باسقان، كۆزلىرى چاشقان مارىلىغان مۈشۈكتەك ھەممە تەرەپنى تەڭ كۆزىتىپ ئۈلگۈرىدىغان 40 ياشلار چامىسىدىكى ۋىجىككىنە بىر ئادەم بولۇپ، ئۇ گويا ئۆز يېنىدىن پۇل چىقىرىپ سەدىقە بېرىۋاتقان سېخىي بايۋەتچىلەردەك تولىمۇ ھاكاۋۇر ئىدى. ئۇ ھالال مېھنىتىنىڭ نېسىۋىسىنى ئالغىلى كەلگەن مۆمىن دېھقانلارنىڭ ئىلتىجاسىغا توڭلۇق بىلەن جاۋاب قىلاتتى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا يېزىغا بارغان چاغلىرىمدا ئامبارچى تاغامنىڭ ئەزالارغا ئاشلىق بەرگىنىگە ياردەملىشىپ يۈرۈپ، گىرنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، شۇ تاپتا گىرگە قاراپ تۇرۇپ ھەيران قالدىم. چۈنكى جان سانى كۆپرەك ئائىلىلەردىن بەش جىڭدىن كام جىڭلىنىۋاتاتتى. دەسلەپتە خاتا تونۇپ قالدىممىكىن دەپ ئېھتىيات بىلەن يەنىمۇ دىققەت قىلىپ قارىدىم...

نۆۋەت ماڭا كەلدى. ئامبارچى مېنىڭ باش-ئايىغىمغا بىر قۇر سەپسالدى. مەن ئۇ جىڭلاپ بەرگەن گۈرۈچنى خالتامغا قۇيۇپ بۇ يەردىن ئۈن-تىنسىز چىقىپ كەتتىم. بۇ ئىشلار كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئاچكۆز بۇلاڭچىلار، بىچارە دېھقانلارنىڭ گول-نادانلىقىدىن پايدىلىنىپ ساختىلىق قىلىۋاتىدۇ، بۇلارغا جازا يوقمۇ؟... بىچارە دېھقانلار تۈنۈگۈنلا تېخى ئۆتمۈش ئۈستىدىن شىكايەت قىلىپ بۈگۈنكى بۇ كۈننى ماختىغانىدى. ئۇلار خۇددى تۇمشۇقىدىن تۇتۇپ قايىقىا يېتىلىسە شۇ ياققا ماڭىدىغان، قوشقا قاتسىمۇ، سۆرەمىگە سالسىمۇ، سېغىۋالسىمۇ ھەتتا قاسساپنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ باسسىمۇ ئۈن-تىنسىز، قارشىلىقسىز تۇرىدىغان بىر كالا، تالىپنىڭ دەسلەپ كەلگىنىمدە ماڭا ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

ئەنسى ئىسمائىل ئاكىنى تېپىپ مەكتەپ ئېچىش ئويۇمنىڭ بارلىقىنى ئېيتتىم.

ئىسمائىل ئاكا بىردەم خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ، ماڭا سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى.

— نېمىشقا بۇ خىيالنى قىلىپ قالدىڭىز؟

مەن تۈنۈگۈنكى ۋە ئاخشامقى كۆرگەن ئەھۋاللىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

— بۇ بولماپتۇ، بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىش كېرەك. لېكىن پاكىت بولمىسا ئۇلارغا تەگكىلى بولمايدۇ، — ئۇ غاڭزىدىكى تاماكىسىنى كۆچەپ شوراپ ئىسنى پۈۋلىۋەتكەندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — خەلقىمىز تولىمۇ نادان، بۇنداق ئىشلار يالغۇز بۇ ئەترەتتىلا ئەمەس، ھەممىلا يەردە بار. باللىرىمىزنى ئوقۇتۇپ كۆزىنى ئېچىپ قويايلى دېسەك خوش بولىمىز ئۇكا، بىراق ساڭا ئايلىق بېرەلمەيمىز، بىزگە ئوخشاشلا نومۇرغا ئىشلەيسەن، مەيلىمۇ؟

ئىسمائىل ئاكا كېتىمەن دەپ شۇنچە تۇرۇۋالغىنىمغا قارىماي تاماققا ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

— ناھىيە بازىرىدىكى يىگىرمە سالغان كىنوخانىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ تاماق ئۈستىدە، — ئۇنىڭ ئىچىگە كالتەك-چوماق كۆتۈرۈشكەن كىشىلەر لىق توشۇپتۇ. كوچىدا يۈرەكلىك ماڭغىلى بولمايدۇ، يەنە بىر قېتىم تۆنگان يېغىلىقى بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئېغىر خورسىنىپ، — بىزغۇ بىر نەرسىلەرنى بەك چۈشىنىپمۇ كەتمەيدىغان قارا قورساق ئادەملەر، ھۆكۈمەت قىل دېگەننى قىلىمىز، باغلارنى بۇز دېدى، بۇزدۇق. يەرلەرنى تۈزلە دېدى تۈزلىدۇق، داجەيدىن ئۆگىنىمىز دېۋىدى ئۆگىنىۋاتىمىز. ئەزالىرىمىز ئاچتىن-توق يۈرۈشىۋاتىدۇ. ئاخىرى بىلسەم پۇقراغا زىيان ئىكەن... — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى شۇنچىلىك خورسىنىش ئىچىدە ئېيتىلدى.

مىس چۆگۈندە چاي كۆتۈرۈپ كىرگەن ئەخمەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم.

— ئەخمەت؟

— بۇ، مېنىڭ كەنجى ئوغلۇم. سىزنىڭ گېپىڭىزنى تولا قىلىپ ئاغزى تالمايدۇ، ئوقۇيمەن، كامال ئاكامدەك نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدىغان بولىمەن دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ ماڭا زادى ئارام بەرمىدى...

ئەخمەت ھېجىر چىنە بىلەن چۆگۈننى داستىخان بۇرجىكىگە قويۇپ ماڭايەر تېگىدىن قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. مەن شۇنچىلىك خۇشال ئىدىم. نېمە ئۈچۈن شۇنچە خۇشال بولىمەن؟ مەن خۇشال بولغۇدەك نېمە بار. ئېغىر ئەمگەكتىن ھارغىنلىق چارچاشتىن قۇتۇلغىنىم ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. مەن مەكتەپ ئاچماقچى، تۇرۇپلا ئۆز-ئۆزۈمگە «ھەي قاملاشتۇرالماي قالساڭ قانداق قىلىسەن؟» دېگەن خىيالغىمۇ كېلىپ قالاتتىم. مەيلى نېملا بولسۇن نىيەت قىلغان ئىكەنمەن، قىلماقچى بولغان ئىشىمنى چوقۇم باشقا ئېلىپ چىقىشىم كېرەك ئىدى.

بۈگۈن مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى تەرىپىدىن سوزۇپ ئۇرۇلغان جاڭ ئاۋازىدىن چىددىي ئىش بولغانلىقىنى بىلگەن ئەزالار تامىقىنى يەپلا مەجلىسخانىغا بالدۇرلا يىغىلغانىدى. مامۇت دۈيجاڭ بۈگۈن ئادەتتىكىدىن باشقىچە تەلەپپۇز بىلەن يىغىنىنى باشلىدى! ئۇ سۆزىنى... «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنۇتماسلىق كېرەك» تىن باشلاپ ئارىمىزدا سىنىپىي يات بىر ئۇنسۇرنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ بۇنىڭدىن بىرھەپتە بۇرۇن كېچىسى ئەترەتنىڭ ئاشلىق ئامبىرىغا ئوغرىلىقچە كىرمەكچى بولغاندا ئامبارچى بىلەن ئىككىسىنىڭ سىزىپ قېلىپ ئاممىنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداپ قالغانلىقىنى بايان قىلدى.

مامۇت دۈيجاڭنىڭ سۆزى تۈگەش بىلەنلا ئىككى خەلق ئەسكىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ قوللىرىمنى كەينىگە قايرىپ باغلاپ بوينۇمغا بۇزۇق ئۇنسۇر دېگەن خەت يېزىلغان تاختاينى ئېسىپ قويدى. ئاغرىق مېڭەمگە چىقىپ پېشانەمدىن پۇررىدە تەر چىقىپ كەتتى. ئىككى خەلق ئەسكىرى مېنى ئۇستۈن قاراپ ئاما ئالدىدا گۇناھىمنى تونۇتقۇزۇشقا ئۇرۇناتتى. ئەمما بوينۇمغا ئېسىلغان تاختاينىڭ ئېغىرلىقىدىن بېشىمنى كۆتۈرگۈدەك ماجالىم يوق ئىدى.

بۇ ماڭا نېمە تارتقۇلۇق؟

ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان تالىپقا قارىدىم. ئۇ ئىچ ئاغرىتىش، پۇشايمان، نارازىلىق ئارىلاشقان ھېسسىيات بىلەن قاراپ تۇراتتى. مەن ھازىر ئۆزۈمنى قانچىلىك ئاقلىماي مامۇت دۈيجاڭنىڭ سۆزىنى قامۇس بىلىدىغان بۇ بىچارە بەندىلەر ماڭا ھەرگىزمۇ ئىشەنمەيتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە مەن بىچارە ئىدىم. ئەپسۇسكى دۇنيادا ھەقىقىي بىچارىلەرنىڭ مەن ئەمەس، ئالدىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا بىلدۇرۇشكە، چۈشەندۈرۇشكە ئامالسىز ئىدىم، دۇنيادا باشقىلارنىڭ ئۆزىنى قۇربانلىق قىلغانلىقىنى، ئۆزىنى بوزەك قىلۋاتقانلىقىنى بىلمەسلىكتىنمۇ ئارتۇق ھەسرەت ۋە بىچارىلىكنىڭ بولمايدىغانلىقىنى بۇلارغا ھەرگىزمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتىم. ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاخىر كۆچۈمنى يىغىپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئاقلىدىم:

— ئوغرىلىق قىلغان مەن ئەمەس. ئاشلىقىڭلارنى ئوغرىلىغان، نورماڭلارنى كەم بېرىپ ئۆزلىرىنى خالىغانچە بوردىغانلار ئەترەت باشلىقى بىلەن ئىسكىلاتچى.

شۇ كۈنى تۈگمەس سوراق، ئېغىر تاختىنىڭ بېسىمى بىلەن بويىنى قىپقىزىل قانىغا بويىلىدىغان خۇدا قول پوم بىلەن ھاجىم بايلار ئۆزلىرىنى بىر كۈنلۈك ئارامغا چىقىرىپ قويغان ماڭا ئىچىدە رەھمەت ئېيتقاندۇ.

ئاپام دائىم خۇدا بەكمۇ ئادىل، خۇدانىڭ بۇيرۇقىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. خۇدا بەندىلىرىگە بەكمۇ رەھىمدىل، دەيدىغان. ئۇنداق بولسا خۇدا نېمىشقا بىرەر پەرىشتىلىرىنى ئەۋەتىپ ماۋۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ، ئاۋۇ ئامبارچىنىڭ جىنايىتىنى خەلق ئالدىدا ئېچىپ تاشلىمايدىغاندۇ؟ نېمە ئۈچۈن مەندەك بىر بىگۇناھ بەندىسىنى ناھەق تاياقتىن

قۇتقۇزمايدىغاندۇ؟ ماڭا قىلىنغان تۆھمەتلەر، بىرىنىڭ رىسقىنى بىرى ئوغرىلايدىغان ئىشلار خۇدانىڭ بۇيرۇقى بىلەن بولغانمۇ؟ مەن تاياقنىڭ ئاستىدا بىر تامچىمۇ ياش تۆكمىگەنىدىم، كۆزلىرىم سۈيى قۇرىغان دەريادەك، لېكىن يۈرىكىم يىغلىماقتا ئىدى. تاياق، تېپىك مېنى يىقىتتى.

سۇس يورۇق ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ئەكس نۇر قايتۇراتتى، پۈتۈن بەدەنلىرىم تاش ئېسىپ قويغاندەك بەكمۇ ئېغىر ئىدى. بېشىم چىڭقىلىپ كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلاتتى. قىمىرلاشقىمۇ مادارىم يوق. بىر كەمدە بىرىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى.

كۆزلىرىمنى تەستە ئاچتىم، يېنىمدا ماخوچى قوشنام سايىم ئاكا تۇراتتى. ئۇ دەرەخ قوۋزاقلىرىدەك يىرىك قوللىرى بىلەن پېشانەمنى سىلايتتى. دېمەك ئۆلمەپتىمەن، تاياقتا ئادەم ئۆلمەيدىكەن. ئاخشامقى ئىشلارنى غۇۋا ئەسلىدىم.

— ئويغاندىڭمۇ بالام، خۇداغا شۈكرى. خەتەر ئۆتۈپ كەتتى. كېچىچە سەندىن بەكمۇ ئەنسىرەپ ھېچقايسىمىز كىرپىك قاقمىدۇق. شۇنداقمۇ ئۇرامدۇ كىشىنى لەنىتى ئىشەكلەر.

— رەھمەت ئاكا، — دېدىم تەسلىكتە. كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم ئىدى، — سىزمۇ مېنى ئوغرى دەمسىز؟ مەن راستىنلا ئۇلار ئېيتقاندەك يامان ئادەم بولۇپ قالارمەنمۇ؟ — بوۋاينىڭ نۇرى ئۆچەي دېگەن كۆزلىرىگە بىچارىلەرچە تەلمۈردۈم.

بوۋاي بىر ھازا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندىن كېيىن ئېغىر بىر تىنىدىدە، مەندىن يالدۇرۇپ سورىدى:

— سەن ئۇلارنىڭ كېچىدە بىرنەرسە ئېلىپ ماڭغىنىنى بىرىگە تىنغانمىدىڭ، سېنى بىرى كۆرگەنمىدى؟

مەن ھەيرانلىق ئىچىدە بوۋايغا قارىدىم.

بوۋاي سىر يوشۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ئادەملەردە بولىدىغان ئۇستىھزالىق بىر قاراش بىلەن ماڭا لەپپىدە قارىدى.

دېمەك بۇ ئادەم شۇ كېچىسى ھەممىنى كۆرگەن.

— نېمىشقا ماڭا گۇۋاھلىق بەرمەيسىز؟ مېنىڭ مۇشۇنداق چالا ئۆلۈك بولۇپ قېلىشىمغا قاراپ تۇرۇپسىز. سىز بەك تاش يۈرەك ئادەم ئىكەنسىز...

بوۋاي ئۈنچىقمىدى. ئۇ كىرلىشىپ رەڭگىنى يوقاتقان خالتىسىنى چىقىرىپ ئۇنىڭدىن ناسىۋال ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. ئۇنىڭ چىگىشلىشىپ كەتكەن چاڭگا ساقىلى يەڭگىل تىترەيتتى.

ئادەتتە ساراڭغىلا ئوخشايدىغان بۇ جىمغۇر ئادەمنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تۈگۈلۈپ ياتقان نۇرغۇن سىرلارنىڭ بارلىقىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئۇ مەن كۆرگەن ئىشلارنى شۇ كۈنىلا ئەمەس، تالاي قېتىم كۆرگەن. بۇ مۆرىمەس ئادەم ھەممىنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ كەلگەن. ئۇنىڭ يىللاردىن بېرى سوپۇن تەگمىگەن يۈزلىرىدە

ئازابىنىڭ سۈس شولىسى يالت قىلىپ پەيدا بولدى.
— بىز بەكمۇ مۆمىن بەندىلەرمىز بالام، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
ھاياجان مېنى ھالسىراتقانىدى. ئىشىكنىڭ غىچىرلاپ ئېچىلىشى ئۇيقۇغىمۇ ياكى بىھوشلۇقىمۇ تەئەللۇق بولمىغان گاراڭلىق ئىچىدىن مېنى ئويغايتتى. قارىسام كىرگەنلەر تالىپ ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى باقى ۋە ئەخمەتلەر ئىكەن.
— قوزغالماڭ، ئاخشام ئۇلار سىزنى ھارغۇچە ئۇرۇشتى. تاڭ ئاتقۇچە يېنىڭىزدا تۇردۇق، ئەتىگەن سىزنى سايمىكامغا تاپىلاپ قويۇپ كەتكەن، كۈندۈزى كېلەي دېۋېدىم ئېتىزنىڭ ئىشىدىن زادىلا ئارا بولالمىدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىتلىقى تۇتۇپتۇ بۈگۈن. كېلىڭ ئازراق بىر نېمە يەۋېلىڭ. ئۆلۈپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرىگەنىدىم، خۇداغا شۈكرى بۇنچىلىك بولۇپ قاپسىز، سىزنى ئوغرىلىقمۇ قىلار دەپ زادى ئويلىماپتىكەنمەن ئاغىنە، — دېدى ھېجىردىكى ئاشنى قوشۇق بىلەن ئاغزىمغا قويۇۋېتىپ.
— سىزمۇ ماڭا ئىشەنمەمسىز؟ — بۇ سۆزنى قانچىلىك ئازاب بىلەن ئېيتقانلىقىمنى تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن.
يىغىدىن ئۆزۈمنى ئاران تۇتۇپ تۇراتتىم. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن يېقىن ئادىمىڭنىڭ ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچىسىنى يوقاتقان چاغدىكى روھىي ھالىتىنى كۆرۈشتىنمۇ ئارتۇق ئازاب بولمايدىكەن.
ھاياتلىقنىڭ نامايەندىسى بولغان ئاجىز تەنلەر مىدىرلاپ تۇرغان بىپايان ماكان. سىرلىق سىرتماقلارغا بوغۇلۇپ كۈندۈلۈك تامىقىغا شۈكرى قىلىدىغان نادان خەلق، دوزاخ، پەرىشتە، جەبرائىل، بېھىش بىلەن پۈتۈن ھاياتىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆلچەپ ئادەتلەنگەن، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق قەدىر-قىممىتى بىلەن قىلچە ھېسابلاشمايدىغان ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ يېتەلمەيدىغان نادان، ساددا خەلقىم. ئۇلارنىڭ قانلىرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنمەس زۇلۇكلار تەرىپىدىن شۈمۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى زادىلا بىلىشمەيتتى. ھەتتا ئامبارچى جىڭلاپ بەرگەن نورمىنى ئۆزىنىڭ ھالال مېھنىتىنىڭ مېۋىسى، ئېلىشقا تېگىشلىك ھەققى ئەمەس، بەلكى قوپال، ياۋۇز، نەپسانىيەتچى ئەترەت باشلىقىنىڭ ئىلتىپاتى، ئۆزلىرىگە قىلغان غەمخورلۇقى دەپ بىلىشەتتى، رەھمەت ئېيتىشاتتى. ئۇلار پۈتۈن جانلىقلار ئىچىدىكى ئاجىزلار ئىدى. جاھالەت، نادانلىق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى توسىۋالغان، ئۇلار ئۆزلىرىدىن كۈچلۈكلەرنىڭ سۆزىگە ئۈن-تىنسىز بويسۇنۇشقا ئادەتلەنگەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرى، بۇيرۇقلىرى خۇدانىڭ كالامىدەك مۇقەددەس، ئۇلارنى ئەيىبلەش مۇمكىنمۇ؟ مەن شۇ يالماۋۇزلارنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرىنى كۆرۈپ قالغىنىم، پاش قىلغىنىم ئۈچۈن شۇنچىلىك قىسمەتلەرنى تارتتىم. ماڭا بۇ قىسمەتنى، بۇ خورلۇقنى ھەدىيە قىلغۇچىلار ئاشۇلار — ئۆز نېسىۋىسىنىڭ شەيتان قولى بىلەن ئېلىپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ھېچنەرسە بىلمىگەن نادان ئىنسانلار، مۇبادا

بۇ تاياق ماڭا ئەترەت باشلىقى ياكى چاشقان كۆزلۈك ئامبارچىدىن تەگكەن بولسا مەن بۇنچىلىك ئازابلانمايتتىم، يۈرىكىم پۇچۇلانمايتتى. ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدىم، ھۆركىرەپ ئەمەس ئانىسىدىن ناھەق تەنبىھ يېگەن كىچىك بالىدەك بۇقۇلداپ يىغلىدىم.
بۇ ئارىدا ئىسمائىل ئاكىمۇ مېنى يوقلاپ كەلگەنىدى.

— ئەيىب مەندە ئوغلۇم، مېنى كەچۈرۈۋەت. قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ئىسمائىل ئاكا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

— نېمىشقا باشقا بىرىنى ئامبارچى قىلمايسىز، نېمىشقا دۈيجاڭنى ئالماشتۇرمايسىز؟ سۆزلەڭا؟ زادى نېمىشقا؟ ھاياجاندىن جالاقلاپ تىترەيتتىم.

ئىسمائىل ئاكا ئاغزىغا سالغان ناسۋالنى پۈركۈپ تۈكۈرۈۋېتىپ، كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى ۋە شۇنداق دېدى:

— راست دەيسەن ئوغلۇم، سەن مېنى ئەيىبلەشكە ھەقلىسەن. چۈنكى سەن ئوقۇغان ئادەم، ھەممىنى بىلىسەن، چۈشىنىسەن. خەق مېنى ھۆرمەتلەيدۇ، لېكىن مېنىڭ كۈچۈم نېمىگە يېتىدۇ؟ مەن نېمە ئىش قىلالايمەن؟ گۇڭشېدىن تارتىپ ناھىيىگىچە بۇلارنىڭ ئادىمى بار، ئۇلارنىڭ ئارقا تېرىكى بەك كۈچلۈك. خۇدانىڭ ئىرادىسى شۇنداق بولسا كېرەك، بۇنى ئۆزگەرتمەك بەكمۇ قىيىن.

كۆزلىرىمنى يۇمدۇم. بۇ دۇنيانى، ئادالەتسىز بۇ دۇنيانى بىردەم بولسىمۇ كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم.

ھايات نەقەدەر سىرلىق، تۇرمۇش نەقەدەر مۇرەككەپ ھە؟

تۆھمەت بىلەن مېھرىبان ئانامدىن، يۈكسەك ئارمانلىرىمدىن، ئىسسىق ماكانىمدىن ئايرىلىپ بۇ يۇرتلارغا — ناتونۇش ئادەملەر يېنىغا پاناھلانغاندا بۇ قىسمەتلەرنى خىيالىمغا كەلتۈرگەنمىدىم؟ ياق، بۇلارنى ھەرگىز ئويلىمىغانىدىم. بۇ نامرات خەلقنىڭ ئاق كۆڭۈللىكى، ساددىلىقى، مېھمان دوستلۇقى مەندە ئۇلارغا نىسبەتەن چەكسىز ھۆرمەت قوزغىغانىدى. مەن ھەسرەت بىلەن ياش تۆكۈۋاتقان مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاشۇ نادان ئادەملەر مېنى ئۇرغاندا، قايسى بىرى مۇشتىنى ئەپلەپ ئۇرالىغىنى بىلەن خۇشاللىنىپ يۈرۈيدىغاندۇ، يارەببىم، بۇ ئىنسانلار، بۇ ئادەملەر...

ئىككى كۈن ئۆتۈپ مامۇت دۈيجاڭ مېنى ئەترەتتىن قوغلاندى قىلدى. ئۇنىڭ گېپىچە ماڭا ئوخشاش «ئوغرى» نى ئەترەتتە ساقلىغىلى بولمايدىكەن، يۈك-تاقىمنى ئېلىپ تالىپنىڭ ئۆيىگە بېرىپ تۇرۇشۇمغا، ئىسمائىل ئاكا بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ ئەترەتنىڭ كالا ھارۋىسىنى ئەۋەتىپتۇ. تالىپنىڭ ئېيتىشىچە، ئىسمائىل ئاكا ئولتۇرۇشلۇق ئەترەتنىڭ ئەترەت باشلىقى ياۋاش، باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن. ئىسمائىل ئاكا مېنى شۇ ئەترەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويماقچى بوپتۇ. تالىپنىڭ ئوغلى خەۋەر قىلغان بولسا كېرەك، شاكىچىكلار مەن بىلەن خوشلاشقىلى كېلىشتى. ئۇلار بىلەن غەمكىن خوشلاشتۇق. دېمىسىمۇ مەنمۇ ئۇلارغا بەكمۇ ئىچىكىپ قالغان ئىكەنمەن. لېكىن

ئامال قانچە. شۇ كۈنى كەچتە مەن ئىسمائىل ئاكىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. بىر دېھقاننىڭ بىر ئېغىز ئۆيى بىكار ئىكەن. شۇ ئۆينى ماڭا تەييار قىلىپ قويۇپتۇ، ئەتە بارسامۇ كېچىكمەيدىغانلىقىمنى ئېيتىپ ئىسمائىل ئاكا تۇرۇپلا ئالدى.

— بىزنىڭ كىشى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ كەلدى. مەن بىرمۇنچە ئاچچىقلاندىم. ئۆتمىگەن مۇشتۇمگىنى قوينۇڭغا سال دەپ، گېپىنى ئۆتكۈزۈلمىگەندىكىن سىلىنى بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىققا سېلىپ نېمە قىلىدۇ بالام...

چاراسلاپ ئوت كۆيۈۋاتقان ئوچاقتا ئېسىلغان قازاندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھوردا ئۆي ئىچىنى تازا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. كەينىمگە قويۇلغان تەكىيگە يۆلىنىپ ئولتۇراتتىم. ئاھ... يۈرىكىم ئېچىپ كېتىشتىن ئاران توختاپ قالغاندەك گېلىمغا بىر قاتتىقلىق تىقىلدى. ئانا ساداسىنى ئەسلىتىدىغان بۇ يېقىملىق ئاۋازنى ئاڭلىمىغىلى بىرقانچە يىللار بولغانىدى. بەختى قارا ئوغلىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى كۆرۈۋاتامدىكىن؟ ھازىرمۇ مەندىن رەنجىپ يۈرەمدىكىن؟ تامىقىمنى پۇشۇرۇپ قويۇپ شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزماسلىق ئۈچۈن سائەتلەپ بېشىمدا ئولتۇرىدىغان ئانامنىڭ سىماسى لەپپىدە كۆز ئالدىمغا كەلدى، «ئوغۇل بالا دېگەننىڭ بېشىغا نى-نى قىسمەتلەر چۈشىدۇ» بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسىنى مەن ئەينى ۋاقىتتا بىلمەيتتىم. ئانام دېگەن قىسمەت مۇشۇمىكىن؟ مېنى يەنە قانداق قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟

— كەل، دېھقان ئىشى، بۈگۈن زەينەپ ئۈگرە ئېتىپتۇ، بۇ ئاي بۇ كۈنلەردە قوي-پوي ئۆلتۈرۈشتىن ئېغىز ئېچىش تەس بولۇپ قالدى. ئەتە بىرەر يېرىم توخۇ ئۆلتۈرۈپ شورپا قىلىپ بەرسۇن، تاياق ئىچىڭگە ئۆتۈپ كېتەرمىكىن دەپ بەك غەم قىلىۋاتىمەن.

ئىسمائىل ئاكىنىڭ سۆزلىرى خىيالىمنى بۆلۈپ قويدى. مەن ئالدىمغا قويۇلغان چىنىدىكى مەززىلىك ئۈگرىنى تەستە چايناپ يۇتاتتىم. ۋايساش ئوغۇل بالىغا خاس خىسلەت ئەمەس. لېكىن ئادەم تاياق يېگەنگە ئۆلمەيدىكەن. ئەگەر تاياقتا ئۆلگەن بولسام موردام ئۆزۈمدىن نەچچە ھەسسە غېرىبلىق ئىچىدە بۇ سەھرادا قالغان بولاتتى. ئىسمائىل ئاكىدىنمۇ رەنجىگىلى بولمايتتى. ئۇلارنىڭ شۇنچە ئارقا تېرىكى تۇرسا ئۇنىڭ كۈچى نېمىگە يەتسۇن؟

بىر ئايدىن كېيىن سەللىمازا ساقىيىپ كەتتىم.

— ساڭا بىر ئۆينى تەييارلىتىپ قويدۇم. باللارنى يىغىپ بېرەيلى، ئوقۇتقىن، ئۆزۈڭنىڭمۇ ئارزۇيۇڭ شۇ ئىدى ئۇكا، — دېدى بىر كۈنى كەچتە ئىسمائىل ئاكا ئىشىكتىن كىرىپلا. بۇ سۆز مېنى ھەقىقەتەن بەكمۇ خۇشال قىلغانىدى. ئەمما، يەنە بىر تەرەپتىن ئوقۇش كىتابىنىڭ يوقلۇقى مېنى غەمگە سالدى. ئەمدى تاغدىن-باغدىن بىر نېمىلەرنى دەپ باللارنى گوللىسام بولماس... ئەھۋالنى ئىسمائىل ئاكىغا ئېيتتىم.

— خاتىرجەم بولغىن، مەن ئەتە شەھەرگە بارىمەن، كېرەكلىك كىتابىڭنىڭ تىزىمىنى يېزىپ بەرگىن، مەن تۇغقانلار ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلىپ ئالغاچ كېلەي. راست ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قاپتىمەن. سەن بۇ يەرگە كەلگىلى خېلى يىللار بولۇپ قالدى، ئۆيۈڭگە بىرەر قېتىممۇ بېرىپ باقمىدىڭ. ئاناڭغا دەيدىغان گەپ-سۆزۈڭ بولسا ئالغاچ كېتەي. ئۆيۈڭنى دەپ بەرگىن، ئىزدەپ تېپىپ چوقۇم سالىمىڭنى يەتكۈزىمەن.

دەرۋەقە مەن يېزىغا كەلگەندىن بۇيان ئۆيگە بېرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. قىشلىق تەقسىماتتا تەگكەن ئازراق پۇلۇم بار ئىدى. ئۇنىڭدىن ئەللىك كويىنى ئىسمائىل ئاكىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم.

— ئاپامغا مۇشۇنى بېرىپ قويۇڭ، دەيدىغان گەپلىرىم بەك كۆپ ئىدى. مېنىڭ سالامەت ئىكەنلىكىمنى ئېيتىپ قويسىڭىز...

بىر ئۆمۈر جاپا تارتىپ پەرزەنت ئۈتىدا پۇچۇلانغان ئانىنىڭ ئەجرىنى ئۇنداق ئەللىك يۈەندىن قانچىسى بولسىمۇ تۆلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنەتتىم. لېكىن، ماڭىمۇ ئامال يوق ئىدى. تەقدىر باشتىن-ئاخىر مەن بىلەن قېرىشىپ كەلدى، بۇنداق ئۆتتۈرمەسمەن دەپ ئويلايتتىم ئىچىمدە.

شەھەردە بىرنەچچە كۈن تۇرىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىسمائىل شوجى ئەتىسىلا قايتىپ كەپتۇ.

— چاققان بول، ئاپاڭنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىكەن، — دېدى ئىسمائىل شوجى مېنى ئالدىرىتىپ.

بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىم. يۈرىكىم بىرەر پېشكەللىكنى سەزگەندەك ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. گۇڭشېغا كەلسەم قېرىشقاندەك شەھەرگە ماڭىدىغان بىرمۇ قاتناش يوق ئىكەن. كېپەك بېسىلغان بىر قارا ماشىنا شەھەرگە ماڭماقچىكەن. شوپۇرغا شۇنچە يالۋۇرساممۇ يۈك ئۈستىگە ئادەم سېلىش بەك خەتەرلىك، بېشىمىزدىن قورقمىز دەپ ئۇنىماي قويدى. ئىچىم تىتىلدايتتى. لېكىن، ساقلىماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. سەكسەن كىلومېتىر يولنى پىيادە باسقىلى بولمايدۇ-دە...

ئەتىسى چۈشكىچە ساقلىساممۇ يەنىلا ھېچ نەرسە يولۇقمىدى. جىلى بولۇپ تۇرغىنىمدا مېنى يېزىغا ئۇزاتقان مائارىپقا مەسئۇل مۇسا ئاكا ئۇچراپ قالدى.

— نېمىشقا تۇرىسىز ئۇكام، — سورىدى مەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن.

مەن ئەھۋالىمنى ئېيتىۋىدىم، ئۇ كىشى:

— سەھرايى قىيامەت دېگەن شۇ دەڭا ئۇكا. بىراق، ئامال قىلمىساق بولمايدىكەن. ئانا ئەمەسمۇ، بۇ يەرگە كەلگەندىن بۇيان ئانىڭىزنى يوقلىمىغانمىدىڭىز؟

— ياق، — دېدىم مەن.

— ھە راست، — دېدى ئۇ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالغاندەك قىلىپ، — سىزنى شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن گۇڭشېي ئوتتۇرا مەكتىپىگە ئېلىپ قالمىغانلىقنىڭ سەۋەبىنى

ئەمدى ئېيتىپ بېرەي، سىز بىلەن بىللە مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەن ھېلقى قىز بالا ئۆزىنى ئۇلتۇرۇۋالغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇقىرىدىن بۇيرۇق چۈشۈرۈپ سىزنى ئوقۇتقۇچى بولۇشقا سالاھىيىتى توشمايدۇ دەپ قارىغان گەپ.

ئەگەر مەن باشقا بىر چاغدا بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بولسام، ئېھتىمال باشقىچە بىر ھېسسىياتلاردا بولۇشۇم مۇمكىن ئىدى. ھازىر پەقەت ھەيران قېلىش بىلەنلا چەكلەندىم. چۈنكى، مېنىڭ ئەس-خىيالىم ئاپامدا قالغانىدى.

— مەن بىر ئامالىنى قىلاي، — دېدى مۇسا ئاكا، — ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسى كەلگەنتى، ئۇلار ھازىر قايتماقچى، مەن شوپۇرغا ئېيتىپ باقاي، ئورۇن چىقىپ قالسا ئېلىۋالار بەلكىم.

تەلىيىمگە ماشىنىدا بىر كىشىلىك بوش ئورۇن بار ئىكەن. كونا جىپ تاشلىق يولدا جالداقشىغىنىچە ئالغا قاراپ چاپماقتا. ئالاھەزەل بىرەر سائەت ماڭغاندىن كېيىن چوڭ يولدىن قېيىپ شەرققە قاراپ يول ئالدى، ماشىنىدا ئولتۇرغانلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشقان پاراڭلىرىدىن ئۇلارنىڭ ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئېغىلدا بېقىلىۋاتقان قويلىرى ئۈچۈن يەم-خەشەك ئالغىلى ماڭغانلىقىنى بىلدىم. بەك بولسا بىرەر سائەت ھايال بولارمىز دەپ ئويلاپتىمەن. ئۆي ئىگىلىرىنىڭ بۇ ئەزىز مېھمانلارنىڭ كېلىشىدىن خەۋىرى بولسا كېرەك. ماشىنا سىگنال بەرگىنىچە قوش قاناتلىق بىر دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ توختىدى. شۇ ھامان دەرۋازا ئىشىكى ئېچىلىپ (ساھىبخانىلار بولسا كېرەك) ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى كەككە ساقال، تەمبەل بىر ئەر، ئوتتۇز بەش ياشلار چامىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق بىر جۇۋان ماشىنىدىن چۈشكەن مېھمانلارنى بەكمۇ قىزغىن ئىلتىپات بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلىشتى.

— ماشىنىدا ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، — دېدى توڭقاپاق شوپۇر ماڭا قاراپ، — بىز ھېلىلا قايتىپ چىقىمىز.

ماشىنىدا ئولتۇرىمەن. كېچە. تۇرۇپ-تۇرۇپ ئۆي ئىچىدىن كۆتۈرۈلگەن قىقاس-چوقانلار كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ يىراقلارغا ئۇچاتتى. ئۇلارنىڭ «ھېلى»سى ئەتىسى كۈن نەيزە بوي ئۆرلىگەندىلا ئاندىن توشتى. ئۇلار ماشىنىغا ئېلىشقا بولىدىغان، كاۋا، قوناق (كۆكباش) پىياز، ئىشقىلىپ شەھەردە پۇلغا يارايدىغانلىكى نەرسىنى بولۇشىغا باستى. يەنە ھاكىمغا ئاتاپ ئالغان بىر تاغار قوناق بىلەن ماشىنا ئىچىدە خۇددى قاسقاندا تىزىلغان مومدەك قىسىلىپ ئولتۇرۇشتۇق.

— ماۋۇ تېرەك ئەجەبمۇ يوغىناپتا، — دېدى تۈنۈگۈن كەلگۈچە توختىماي ۋاتىلداپ ئولتۇرغان ئېگىز بوي، تاقىر باش، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ بوغالتېرى ماشىنىغا چىققۇچە، — ئۆيگە تازا ياخشى لىم بولغۇدەك.

— ۋاي، لازىم بولسا سىلىدىن ئايلانسۇن، — ناز بىلەن كۈلۈپ قويدى ئۆي ئىگىسى جوۋان بوغالتىرغا مەنىلىك بېقىپ.

ماشىنا قوزغالدى. خۇداغا شۈكۈر. ئۇلار كىچىچە يىگەن تاماقلىرىنى ماختىغانسىرى قورسىقىمنىڭ شۇنچە قاتتىق ئېچىۋاتقانلىقىنى قارىمامدىغان. ھەي...

— پىشۇرغان گۆشنىڭ لاۋزىلىقىنى دېمەمدىغان، ئېرىنىڭ سۆڭگىچىنى تۇتۇپ ياتىدىغان ئۇخشايدۇ بۇ پەسەندە، — دېدى بوغالتىر يېنىدىكى ھەمراھىغا.

كەچ پېشىندا ئاران ئۆشك ئالدىغا كەلدىم. بىزنىڭ ئۆيگە ئەگىلىدىغان دوقمۇشقا كەلدىم. كىشلەرنىڭ ماڭا سوغۇقلا قارىشى مېنى بىر ئاز ئەجەبلەندۇرۇپ قويدى. ئۈچ يىل كۆرمەي مەھەللىدىكى ھەممە نەرسە ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ھېسسىياتقا كېلىپ قالدىم. لېكىن، ئەھۋال ئۇنچىلىك ئاددىي ئەمەس ئىكەن. ئۆشك ئالدىغا كېلىشىمگە ئاكام بېلىگە ئاق باغلىغان ھالدا ئالدىمغا چىقماسمۇ، يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ قالدى. ئىختىيارسىز كۆزلىرىمدىن ياش يامغۇردەك ئېقىشقا باشلىدى. يا ئاكام، يا مەن ھېچقايسىمىز ھېچ نەرسە دېيىشمىدۇق. ھەممە نەرسە ماڭا ئايان ئىدى.

— ئەتە يەتتە نەزىر، — ئاكام شۇنداق دېگىنىچە كوچا تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

ھويلىغا كىردىم. ھويلىمىز بەكمۇ يوغان ئەمەس ئىدى. لېكىن، مەن بالىلىقىمدا بۇ ھويلىدا يەتكۈچە شوخلۇق قىلاتتىم. ئائىلىمىز بەكمۇ باي ئەمەس ئىدى، بىراق مەن شاھزادىدەك ياشايتتىم. ئاھ ئانام! يېپىلسام يايلىقىم ئانام! ھۆكرەپ يىغلىدىم. گويا پۈتۈن كائىنات مەن بىلەن قوشۇلۇپ يىغلاۋاتقاندەك. پەلەك شۇنچىلىك شۇم ئىكەن. مەن ئەمدى نېمە قىلاي. قانداق قىلاي؟...

— بولدى، كۆزىڭىزنىڭ سۈيىنى ئېقىتىپ يىغلاۋەرگەننىڭ نېمە پايدىسى؟ سىزمۇ ئوغۇل بولۇپ قاپسىز. بولۇڭ، ئاكىڭىزنىڭ كەينىدىن چىقىپ ئەتكى نەزىرنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ. بۇ يەردە سىز قىلىدىغان ئىش يوق، بىز خوتۇنلارمۇ يېتىشىپ تۇرۇپتىمىز.

يەڭگەمنىڭ زەھەردەك سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم تېخىمۇ بۇزۇلدى. مەرھۇم ئانام بىلەن ھەممە نېمىنىڭ بىراقلا تۈگىگىنىنى سەزدىم. شۇنداق ئوغۇلمىدىم، ئاپىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىدىغان؟ لېكىن...

ئۆشك ئالدىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپتىمەن.

— يۈر بالام، يىراق سەپەردىن كەلدىڭ، ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلۈۋالغىلى بولمايدۇ. قورسىقىڭغا ئازراق بىر نەرسە يەۋالغىن، — قارىسام قوشنىمىز سادىق بوۋاي ئىكەن.

گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيتتى. بوۋاينىڭ زورلىشى بىلەن ئازراق بىر نەرسە يېدىم.

— رەھمەتلىك يولۇڭغا بەك تەلمۈردى... — بوۋاينىڭ سۆزلىرى يۈرەكلىرىمنى لەختە-لەختە قان قىلىۋەتتى.

— كېسەلمىدى؟ — دېيەلىدىم ئارانلا ياشلىرىمنى بوغۇزۇمغا يۇتۇپ.

— ھەي نېمىسنى دەيسەن ئوغلۇم، — بوۋاي ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويىدى، — سۆزلىسەم گەپ تولا. كېيىن چۈشىنىپ قالسەن بالام. ئاپاڭلارنىڭ نەزىرىنى چىرايلىقچە ئۆزىتىۋېلىڭلار. قان، زەرداپ ئىچىدە كەتتى رەھمەتلىك.

ماڭىدىغان ۋاقتىمدا ئىسمائىل شۇجى ئۇنىمىغانىغا قويىماي يۈز كوي پۇلنى يانچۇقۇمغا سېلىپ قويىغانىدى. بۇ پۇلغا يېنىمدا بار پۇللارنى يىغىپ ئاكامنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم. ئېغىر ئەلىياتقۇ مەزگىلىدە پەيتچىلەرمۇ تارقاشتى. ئەمدىلا ھويلا ئىشىكىدىن بوسۇغا ئاتلىشىمغا ئوچۇق دېرىزىدىن يەڭگەمنىڭ دەۋاتقان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قالدىم.

— ئاران شۇمىكەن قەلەندەرنىڭ تاپقىنى. ئۆلۈكنى بىزگە ئارتىپ ئۆلۈمگىمۇ كەلمىگەن بالىنى قانداقمۇ بالا دېگىلى بولسۇن؟ ئاپىڭىزنىڭ ئۆلگىنىنى ئاڭلاپ مىراس ئالغىلى كەلگەندۇ ھەقىچان؟

— ۋاي، ئاستىراق گەپ قىلسىڭىزچۇ؟ — ئاكامنىڭ بىچارىلەرچە يېلىنىشى ئۇ خوتۇننىڭ تېخىمۇ ئوغىسىنى قايناتقاتتى.

— ھە سۆزلىسەم نېمە بوپتۇ؟ كەچتە نەگە بېرىپ ياتسا ياتسۇن. پىت-بۈرگىلەرنى تېرىۋەتسە تازىلايدىغان ۋاقتىم يوق مېنىڭ...

قالغان سۆزلەرنى ئاڭلاشقا رەۋىتىم قالمىدى. بۇ مېنىڭ ئاكام، دۇنيادىكى بىردىنبىر قېرىندىشىم ئىدى... سادىق بوۋاينىڭ ئۆيىگە چىقىپ ياتسامۇ ياتاتتىم. لېكىن مەن نېمىشقا ئۇ يەردە ياتقۇدەكمەن؟ چۈنكى، بىزنىڭ ئۆيىمىز — مېھرىبان ئاپامنىڭ ئۆيى ئىككى بالىسىنى سىغدۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە تار، كىچىك ۋە نامرات ئەمەس ئىدى...

ئاي تۇغدى. بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ شەھەرنىڭ جەنۇبى تەرىپىدىكى قەبرىستانلىققا كەلدىم. مەن دادامنىڭ قەبرىسىنى بىلەتتىم. شۇ قەبرىنىڭ يېنىدا بىر يېڭى قەبرە تۇراتتى. كىچىك ۋاقلىرىمىزدا قەبرىستانلىقتىن بەكمۇ قورقاتتۇق. ئالۋاستىلار، جىنلار توپىلاشقان جاي دەپ كۈندۈزلىرىمۇ تىنىمىز شۇركۈنۈپ كېتەتتى، مەندە ھازىر ئۇنداق ھېسسىياتتىن ئەسەرمۇ يوق.

قەبرە ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندۇم. پېشانەمنى مۇزدەك قەبرە توپىسىغا قويۇپ شۇنداق ئۇزاق ئولتۇردۇم. كۆز ياشلىرىم قەبرە توپىسىغا ئاستا-ئاستا ئېقىپ ئۇنىڭغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى. ماڭا نىسبەتەن، مەندەك بالاغەتكە يەتكەن بىر ئوغۇل ئۈچۈن بۇنىڭدىن باشقىچىرەك ئىش قىلىش جائىز ئىدى. لېكىن، مەن ھازىر بۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايتتىم.

— ئاپا، مېنى كەچۈرۈڭ، بەرگەن سۈتىڭىزنىڭ ئەجرىنى قايتۇرالمىدىم. ئەگەر ئادەملەر ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ روھى بولىدۇ، روھلار دائىم ئادەملەر ئارىسىدا ئايلىنىپ يۈرىدۇ دېگەن سۆزلەر راست بولسا بەختسىز شورلۇقىڭىزنىڭ بېشىغا چۈشكەن قىسمەتلەرنى چوقۇم كۆرەلەيسىز. مەن ھېچكىمگە ھېچقانداق يامانلىق قىلمىدىم. ئەپسۇسكى، سىزنىڭ يەرلىكىڭىزگە يەتتە كەتمەن توپىمۇ تاشلىيالمىدىم. ئاپا،

ئاڭلىسام جان ئۈزۈش ئالدىدا مېنىڭ ئېتىمنى چاقىرىپسىز، بۇ سىزنىڭ مېنى كەچۈرگەنلىكىڭىز ئەمەسمۇ؟ ئىشىنىمەن ئاپا، سىز مېنى كەچۈردىڭىز. مۇشۇنىڭ ئۆزى ماڭا چوڭ مەدەت.

ئاي تۇرۇپ بۇلۇتلار ئارىسىغا مۆكۈنەتتى، تۇرۇپ بۇلۇتلار باغرىنى يېرىپ سۇرلۇك قەبرىستانلىققا سوغۇق نۇر چاچاتتى. شەرق تەرەپ سۇزۇلۇشكە باشلىدى. شۇ چاغدىلا مەن ئاپامنىڭ قەبرە بېشىدىن يىراقلاشتىم.

مېنىڭ نەزىرگە قاتنىشىشىمنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. جامائەتنىڭ مېنى ئەيىبلەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ يەنىلا يېزىغا قايتىپ كەتتىم.

كېتىۋاتىمەن. مەهەللىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتتىم. چېتى كۆرۈنمەس. سۆكسۆكلۈك. يېزا كېچىگە سۇرلۇك جىمجىتلىق بېغىشلايتتى. تۇرۇپلا پالاقشىپ ئۇچۇۋاتقان ئالىلقانداقتۇر تۈن قۇشلىرىنىڭ شەپىسى بۇ جىمجىت ئورمانلىقنىڭ سۇرلۇكلۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. مەهەللىمىزنىڭ شەرقى تەرىپىدىن ئاڭلىنىۋاتقان سۇس نەي ئاۋازى ئەسلىدىنلا جىمجىتلىققا ئەسىر بولغان بۇ كېچىنى تېخىمۇ مۇڭلاندۇرۇپ، ئادەمدە چىداپ بولغۇسىز بىر غېرىبلىق پەيدا قىلاتتى. بۇ نەي ئاۋازى كىچىك چېغىمدا مومام ماڭا ئېيتىپ بەرگەن «مۇڭگۈزلۈك ئىسكەندەر» دېگەن چۆچەكنى ئېسىمگە سالدى. گويا شۇ سۆكسۆكلۈكنىڭ ئەڭ ئىچكىرى جايىدىن شۇ مۇڭگۈزلۈك ئىسكەندەر چىقىپ بۇ دۇنيانى باشقىدىن قۇرۇپ چىققىدىغاندەك بىلىنىدى... توۋا، ئادەمنىڭ خىياللىرى نېمىدېگەن كۆلكىلىك-هە؟ مەن شۇ خىيال بىلەن كېتىۋاتىمەن. ئايدىڭ كېچە. كۆكتىكى يۇلتۇزلار سۇس جىمىرلايتتى. خىياللىرىمغا شەپە بېرىپ ئاپئاق تۇمان ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرگەندەك بىلىنەتتى. قويۇق ئورمان بوش ۋە ئاجىز شىۋىرلايتتى. ئولتۇرۇپ قارا يەرگە تىۋىندىم. چەكسىز خىيال چۈشلىرىمگە يۆگىشەتتى. ئارمانلىرىم شەبنەم بولۇپ يەرگە تۆكۈلمەكتە. قەيەردىندۇر گۈزەل ۋىسال مېنى چاقىراتتى. لېكىن، ئۈمىدىمنىڭ قاناتلىرى بوغۇچلىنىپ، هەتتا يەردە ياتقان كۆلەڭگىمۇ ئۇچۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداقتىمۇ كۆزلىرىمدىكى قېتىپ قالغان بىر تامچە ياش قەلبىمدىكى ئۈمىدنىڭ هەيكىلىنى يۇتۇپ كېتەلمەيتتى. چۈنكى، خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بىلىنگەن بىر قىش كېچىسى قەسەمنى پۈتۈن كائىناتقا چېچىۋەتكەنىدىم. مۇشۇ مىنۇتتا ياردەمدىن، مېهىر-شەپقەتتىن، ئىشەنچتىن ئايرىلغان تەنها يۈرىكىم ئۈنسىز تېپىرلىماقتا. ئاسماندا تولۇن ئاي ئاپئاق ۋە كۆچسىز نۇرىنى چېچىپ مۇڭلۇق ئۈزمەكتە. ئاه! مېنىڭ چوقۇنغان ئىرادەم قېنى؟

يۈرىكىمدىن بىر يىغا يامراپ چىقاتتى. ئەي كائىنات، ۋىسال پەرىشتىسى. ماڭا ئازراق ئۈمىد بېغىشلىغىن. مەن ئىبرىشمەكچى بولغان نەرسەمنى چوقۇم ئىزدەپ تاپاي. شۇ يولدا كۈرەش قىلاي!

مەن نېمىنى تاپماقچى؟ بۇ ئۆزۈمگىمۇ قاراڭغۇ ئىدى. لېكىن، ئىزدىشىم، چوقۇم ئىزدەپ تېپىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. بۇ زادى نېمە؟ توغرا! بۇ مېنىڭ هاياتلىقىم.

بۇ مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم ئىدى...

مەن گەرچە مەكتەپ ئېچىش ئارزۇسىدا شۇنچە يانسامۇ بۇنىڭ ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. سىنىپ، دوسكا، دەرسلىك ماتېرىيال... بۇلارنى ھەل قىلىش بەسى مۇشكۇل ئىش. شۇنداق بولسىمۇ ئەترەتنىڭ بىر ئىشخانىسىنى ئانچە-مۇنچە تۈزەشتۈرۈپ ئون نەچچە بالىنى يىغدىم، ئىش ھەقىقىم ئۈچۈن ئەترەتتىكى ئوتتۇرا ئەمگەك كۈچى ھېسابلاپ نومۇر بېرەتتى. بۇ نومۇرلارنى كۆزدە جەملەپ، ئەترەتنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى بويىچە پۇل بېرەتتى، بىر يىل ئىشلەپ قىشتا بىرمۇنچە قەرزنى ئارتتۇرۇپ ھەسرەت بىلەن شۇمشىيىپ چىقىپ كېتىشىدىغان بىچارە جاپاكەش دېھقانلار ھەر كۈندىكى نومۇر باھالاشتا تەلمۈرۈشۈپ بىرىنىڭ ئېغىزىغا بىرى قارىشىپ خېلى ۋاقتىنى سەرپ قىلىشاتتى. مەنمۇ بۇلاردىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدىم.

مەن ئوقۇتۇشنى بالىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىشتىن باشلىدىم. بۇمۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر مۆجىزە ئىدى. تېخىچە جىنچىراغنىڭ يورۇقى بىلەن بىر قازان ئېشنى مىڭبىر جاپادا پىشۇرۇپ ئالدىراپ-سالدىراپ يەپلا قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈپ كېتىدىغان بۇ خىلۋەت ماكاندا، بۇ پەقەت مەن قىلالايدىغان بىردىنبىر ئىش ئىدى. يېزىدىكى بىر-ئىككى ھاللىقراق ئائىلىنىڭ ئۆيىدىكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك رادىئو خۇددى ئەتىۋارلىق ئاسار-ئەتىقىدەك پۈتۈن كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى، ھەۋىسىنى قوزغايتتى. لېكىن ئۇلار بۇ نەرسىلەرنىڭ ھازىرقى دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ قالدۇقى ئىكەنلىكىنى، شۇ نەرسىلەرنى ياسىغۇچىلارنىڭمۇ ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەسلا بىلىشمەيتتى. بالىلار بەكمۇ چېچەن، ئەقىللىق ئىدى. ئۇلار مەندىن بەكمۇ ئاددىي ھەم قىزىقارلىق سوئاللارنى سورايتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بىلگىنىچە زېرىكمەي چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ زېھنى بولاقلىرىنى ئېچىشقا تىرىشاتتىم. بالىلار مەن بىلەن بىللە بولسا بەكمۇ شوخلىشىپ، توپا ئۆرلەپ تۇرىدىغان سولغۇن چىرايلىرىغا كۈلكە يامرايتتى. بۇنداق چاغلاردا مەن باياشاد تۇرمۇش ئىچىدە راھەتلىنىپ ئۆسۈۋاتقان شەھەر بالىلىرىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەتتىم. ئۆزلىرىگە دەل كەلمەيدىغان كونا-يېڭى كىيىملەر ئىچىدىكى قورايدەك تەنلەر، ئايلاپ ھەتتا يىللاپ سوپۇن تەگمەيدىغان پاخما چاچلار... ئەسلىدە شۇ تەنلەرنىڭ ئىچىدىكى گۆشمۇ يۇرەك، شۇ پاخپايغان چاچلارنىڭ ئاستىدىكى باشتا ئوخشاشلا مېڭە بار ئىكەندۇق ئەمەسمۇ؟ ئەپسۇسكى ئۇلار خۇددى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشاش ھېسسىياتسىز، پەرۋاسىز، داد-پەريادسىز ياشاشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن...

كۈنلەر تۇرغۇن سۇدەك بىر خىل ئۆتمەكتە. ھەش-پەش دېگۈچە قىش ئېيىمۇ كىرىپ ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان قاپقارا ئىسلار يېزا ئاسمىنىنى قاپلىدى. بۇ ئەترەتنىڭ ئەھۋالى تالىپلارنىڭ ئەترىتىگە قارىغاندا كۆپ ياخشى ئىكەن. بىر يىل ئىشلەپ يېگەن نورما ئاشلىقتا قەرز بولىدىغان ئەھۋال يوق ئىكەن. مەنمۇ ئىشلىگەنگە چۈشلۈك ئاز-تولا نېسىۋىگە ئىگە بولدۇم. مەن تەگكەن

تەقسمات پۇلۇمنى ئېلىپ ياتقىمغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا ئىسمائىل ئاكا كىرىپ كەلدى.

— يۇر، ئۇيگە بارىمىز. ساڭا دەيدىغان جىق گەپلىرىم بار، ئاڭلىساڭ چوقۇم خۇش بولىسەن.

تاماقتىن كېيىن ئۇ كىشى راستىنلا مەن خۇش بولغۇدەك بىر خەۋەرنى يەتكۇزدى.

— ئاخشام گۇڭشېدا مەتنىياز شياڭجاڭنىڭ ئۇيىدە مېھماندارچىلىقتا بولغانىتىم. سېنىڭ ئەھۋالىڭنى شياڭجاڭغا ئېيتىۋىدىم، ئۇ ئادەم ساڭا ئوبدانلا قىزىقىپ قالدى. ناھيىنىڭ ھاكىممۇ بار ئىدى. ھاكىممۇ ئەسلى مۇشۇ يېزىلىق ئەمەسمۇ؟ ئۇ كىشىمۇ بوپتۇ، ئىشلىتىپ باقساڭلار ئىشلىتىپ بېقىڭلار. ئۇزىنىڭ قىزغىنلىقى بولسا كۇرۇپ باقامسىلەر؟ دېدى. سېنى ئەتىلا قوشئېرىقتىكى ھېلىقى باشلانغۇچ مەكتەپكە ئۇزۇم ئاپىرىپ قوياي بولامدۇ؟

مېڭىشتىن بۇرۇن تالىپنى بىر كۇرۇپ كېلىش ئۇچۇن ئۇنىڭ ئۇيىگە باردىم. ئۇ مېنى بەكمۇ پەرىشان كۇتۇۋالدى. مەيلى مەن دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە بولسامۇ ئېغىر كۇنلەردە مېنىڭ بېشىمنى سىلىغان، ماڭا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن يۇلەك بولغان بۇ يىگىت مەندە ئۇچمەس بىر تەسىرات قالدۇرغانىدى. ئۇنىڭ بۇگۇنكى پەرىشانلىقى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى. ئۇتكەندە مەن ئۇنىڭ بالىسىدىن مەن ئەتىرەتتىن كېتىپ بىرقانچە كۇندىن كېيىن ئۇنىمۇ كۇرەش قىلىپ قاتتىق ئۇرۇپ بېشىنى يېرىۋەتكەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبچىسى ئەلۋەتتە مەن ئىدىم. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا يەنە ھالاقىت بەرمەي دەپ ئوغلىدىن دۇئايى سالام ئېيتىش بىلەنلا چەكلەنگەنىدىم. شۇنىڭغا خاپىمىدۇ يا؟

ئۇ گەپ قىلماي جىم ئولتۇراتتى. ئارىدىكى بۇ ئېغىر سۇكۇنات يۇرىكىمنى بەكمۇ مۇجۇپ ئېچىمنى سىقىلدۇرۇۋەتتى.

— مەن قوشئېرىق يېزىسىدىكى مەكتەپكە بارىدىغان بولدۇم، — دېدىم ئارىدىكى جىمجىتلىققا خاتىمە بېرىش ئۇچۇن.

— ئاڭلىدىم، — ئۇنىڭ ئاۋازى غاراڭ-غۇرۇڭ چىقاتتى، — ئىسمائىل ئاكا ماڭا ھەممىنى ئېيتىپ بەردى. بىراق، بۇ يېزىدىكى بالىلار ساۋاتسىز قالدىغان بولدى-دە...

ئۇنىڭ پەرىشانلىقىنىڭ سەۋەبىنى شۇندىلا چۇشەندىم.

ئادەم دېگەن ھۇل دەرەخ، قايەرگە ئاپىرىپ تىكسە كۇكلەۋېرىدۇ. مەنمۇ جايىنى تېپىپ قويۇلمىغان كۇچەتتەك ئۇ جايدىن بۇ جايغا يۇتكىلىپ ئاخىر يېڭى ماكانىمغىمۇ كۇنۇپ قالدىم. ئەتىياز قۇياشىنىڭ سۇس ئاجىز نۇرلىرى ئېرىق-ئۇستەڭدىكى مۇزلارنى ئېرىتىپ كۇمۇش تەڭگىلەردەك يالتىرايتتى. زېمىنغا باھار كەلگەنىدى... مەن يىراق ئاسمان بوشلۇقىغا توپ-توپى بىلەن ئۇچۇپ كېلىشىۋاتقان قۇشلارغا قارايتتىم. قۇشلار بىلەن بەسلىشىپ مېنىڭ خىياللىرىمۇ قانات ياساپ يىراقلارغا پەرۋاز قىلاتتى.

خىيال بىلەن يېزىنىڭ سىرتىدىكى قۇملۇققا چىقىپ قاپتىمەن. يىراققا نەزەر تاشلىدىم.

دۇنيانىڭ چېتى يوقتەك. مەن گويا بالىلىقىم، ياشلىقىم، ئۆتمۈشكە تەئەللۇق ھەممە نەرسەم بىلەن مەڭگۈ خوشلاشقاندەك. ئېھ سەھرا، زېرىكىشلىك سەھرا. ھاۋاسى ساپ، ئاسمىنى كەڭ بۇ سەھرادا ئۆزۈم يالغۇز جىمجىت ئولتۇرۇپ خىيال سۈرمەكتىمەن. تۈيۈقسىز يالغۇزلۇق يۈرىكىمنى شۇنچىلىك ئەزدى. دۇنيادا تىنغدەكلا تەنها ئىكەنلىكىمنى ئېسىمگە ئېلىپ كۆڭلۈم بىر قىسمىلا بولدى.

كەينىمگە ياندىم. يىراق-يىراقلاردىن قوشچىلارنىڭ ئېيتقان يۈرەكنى ئېزىدىغان لاي-لايلىرى ئاڭلىناتتى. ئۇلار سازاڭدەك ئۆملىشىدۇ، مىدىرلىشىدۇ. مانا بۇ ھاياتلىق...

مەن ئىشلەيدىغان مەكتەپ ئىككى سىنىپ، ئىككى ئوقۇتقۇچىدىن تەركىب تاپقان يوغان بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىكەن. زەي پۇراپ تۇرىدىغان، تورۇسلىرى قارايغان بۇ ئۆينىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا مەش ئورنىدا قويۇلغان كونا بېنزىن تۇڭىغا تاشلانغان ھۆل جىگدە كۆتىكى پىسىلداپ ئىس چىقىرىپ تۇراتتى. قىڭغىر-سىڭغىر بولۇپ ئەسلى ئىسكەتنى يوقاتقان ئۈستەل-ئورۇندۇقلار سەللا دىققەت قىلمىسا ئۆرۈلۈشكە ئاران تۇراتتى. بۇ مەكتەپتە باللار ئىككىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندىن كېيىن بۇزۇلۇپ كەتمەكتىن قالىدىكەن. دوسكا ئورنىدا ئىشلىتىلىۋاتقان تاختاي كۈندۈزى باللار ئۈچۈن، ئاخشىمى ئەترەتنىڭ يىغىنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىكەن. خىزمەتداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىچە بەزى كۈنلىرى مەجلىسخانىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان ئادەمنى ئىزدەپ تاپقۇچە كۈن ئۆتىدىكەن. بۇنداق كۈنلىرى باللار ھارغۇچە ئويناپ ئۆيلىرىگە قايتىشىدىكەن.

خىزمەتداشلىرىم — ئىككى مۇئەللىم، بىرى كونا ۋېلسىپىتنى مىنىپ ئون ئىككى كىلومېتر يولنى بېسىپ كېلىپ مۇشۇ مەكتەپتە تىل دەرسى بېرىدىغان نايىپ مۇئەللىم. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈپ گۇڭشېدىكى بىر كادىرنىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەنىكەن. قانداقتۇر بىر مۇناسىۋەت بىلەن ئۇ مۇشۇ يېزىدا خەلق ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتى بىلەن يىگىرمە تۆت يۈەن مائاش ئېلىپ ئىشلەيدىكەن. ئايالى گۇڭشېنىڭ دوختۇرخانىسىدا سېسترا بولغاشقا ئۆيى شۇ يەردە ئىكەن.

— قانداق قىلىمىز، — دېدى ئۇ مەن كېلىپ بىرقانچە كۈندىن كېيىن، — دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى بەكمۇ ناچار. كۆرمەمسىز، بۇ باللارنى. مېنىڭ بالامۇ بۇلاردىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ. ئىشقا يارىغۇدەك باللىرىنى خەق ئوقۇتمايدۇ، راستىنى دېسەم مەنمۇ شۇ كونا ۋېلسىپىتنى سۆرەپ مۇشۇ يىگىرمە تۆت يۈەن پۇل ئۈچۈن كېلىمەن دەڭا. مەكتەپنىڭ ئەھۋالىنى كۆردىڭىز، مەكتەپ دېگۈچىلىكى يوق.

يەنە بىرەيلەن مۇشۇ يېزىدىكى ئەترەت بوغالتىرىنىڭ قىزى ئايتۇرەم خانىم. ئۇنىڭ ئېرى ئەترەتتە ھارۋىكەشلىك قىلىدىكەن. ئايتۇرەممۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بۇ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغانىكەن. ئۇنىڭ بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئىككى بالىسى، بىرى ئەمدىلا مېڭىپتۇ. بۇ ئىككى مۇئەللىم باللارغا نېمە ئۆگىتىپ، نېمىنى بىلدۈرىدىغاندۇ؟ دېگەن سوئال كاللامنى چىرمىۋالدى. مەن

يوقنى بار قىلغۇچە بارنى ياخشىلساق بولىمامدۇ، دېگەن خىيال بىلەن بىر قاتار پىلانلارنى تۈزۈپ ئىسمائىل ئاكىنى ئىزدەپ باردىم. چىپىپ يۈرۈپ دادۇي ئىشخانىسىدىكى يەنە بىر ئىغىز ئۆيىنى بوشىتىپ ئەسلىدىكى ئىككى سىنىپنى ئۇچكە كۆپەيتتىم.

— يارايسەن ئۇكا، جىم ياتماپسەن. بىزگە ئۇنچىلىك ئىش قىلىپ بېرىمەن دېسەڭ مەيلى. بىز خۇش بولىمىز، كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىمىز، — دېدى مېنى يېزىغا ماڭدۇرغان مائارىپقا مەسئۇل كادىر مەن ئىسمائىل ئاكا بىلەن كۆرۈشكىلى بارغاندا.

مېنىڭ مەقسىتىم بارا-بارا يەنە ئىككى سىنىپ تەسىس قىلىپ بۇنى ئىسمى جىسمىغا لايىق مەكتەپ قىلىپ قۇرۇپ چىقماقچىدىم. بەلكىم، بۇ بىمەنە بىر خىيالدۇر. لېكىن، بىر ئىشقا نىيەت قىلغانىكەنمەن، قىلماقچى بولغان ئىشىمنى چوقۇم ئەمەلگە ئاشۇرۇشۇم كېرەك. بۇ چوڭ بىر ئىشلارنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

— دادام سىزنى چوقۇم كېلىپ كەتسۇن دەپ ئېيتىپ بەرگەنىدى، — دېدى تالىپنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلى. ئارىلىقنىڭ يىراقلىقىغا قارىماي تالىپ بىلەن ئىسمائىل ئاكا ئولتۇرۇشلۇق ئەترەتتىن ئوندىن ئارتۇق بالا كېلىپ بۇ مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى.

— بۈگۈن يېزىدا مەشرەپ بولماقچىدى. شۇڭا، سىزنىمۇ قاتنىشىپ ئىچ-قارنىنى ئېچىۋالسۇن دەپ قىچقارتتىم. بۇ مەشرەپ دېگەن بىلەن يىغلاپ كۆرۈشكۈدەك بولغانىدۇق. نېمە ئىنسابىغا كېلىپ قالدى، بۇ خەق مەشرەپ ئۆتكۈزگۈسى كېلىپ قاپتۇ، — دېدى تالىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپلا.

بۇرۇقتۇرمىلىق ھايات ئىچىدە ياشاپ زېرىككەن بۇ كىشىلەر مەشرەپنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ خېلى جايلاردىن ھارۋىلىق، ئېشەكلىك كەپتۇ. ئەترەت سەيناسىغا يوغان پاختىنى كىرسىنغا چىلاپ پانۇس قىلىپ ئېسىپتۇ. مەھەللىنىڭ كونا سازەندىلىرى بار ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ خەلق ناخشىلىرىغا بولۇشىغا تووۇلماقتا. جۈپ-جۈپ بولۇپ ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئۇسسۇلچىلار بېقىشىپ، پىرقىرىشىپ ئوينىماقتا. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا ئۇزاق يىللارنىڭ تېپلىقتۇرغان ھارغىنلىقى بىراقلا توگەپ كەتكەندەك، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى خۇشلۇق، ھاياجان چېھرىگە تېپىپ چىققان. ئۇلار پۈتۈن جاھاننىڭ ۋەسۋەسىلىرىدىن، خاپىلىقلىرىدىن مۇستەسنا ھالدا شۇنچىلىك ئەركىن...

مەن يىراقتىن يارنى كۆردۈم،
يار مېنى كۆردىمىكىن.
يۈرىكىمگە ئوت تۇتاشتى،
يار بۇنى بىلدىمىكىن.

كۆك قومۇشقا ئۆتنى ياقسا،
مەن ئۇنى كۆيمەس دېدىم.
يۈزى ئاق، كۆڭلى قارانى
مەندىن ئايرىلماس دېدىم...

تالىپ ماڭا ئىشارەت قىلدى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ خامانىنىڭ بىر بۇرجىكىگە دۆۋىلەكلىك مەڭگەنىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردۇق. مەشرەپچىلەرنىڭ ئۇلاپ ئېيتقان ناخشىلىرى شۇنداق مۇڭلۇق.

— مەن بۇلارنى بۇنچىلىك ئويۇنچى دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، — دېدىم تالىپ ماڭا سۇنغان تاماكىنى بىر شورىۋېتىپ.

— ئۇلارمۇ ئىنسان-دە، ئۇلار بۈگۈن خۇشاللانغىنى بىلەن ئەتە يەنە ئۆزىنىڭ ئىسكەنتىگە چۈشىدۇ. ئەتە يەنە شۇ بۇرۇنقى بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشايدىغان گەپ...

بىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ ياقىلاپ ماڭدۇق. قىش-ياز سۈيى توختىمايدىغان بۇ ئۆستەڭنىڭ ئىككى يان تەرىپى ئازراق مۇز تۇتقان بولسىمۇ، سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئاققان ئاۋازى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۆستەڭ چېتىگە تىكىلگەن سۆگەت تاللارنىڭ شاخلىرى ئاللىبۇرۇن يالىڭاچلانغان. پەقەت، جاھىللىق بىلەن دەرەخ ئۈستىدە قالغان ئاندا-مۇندا يوپۇرماقلار باش قىشنىڭ سوغۇق شۇۋىرغىنىدا شىر-شىر قىلىپ كائىناتنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزاتتى. مەھەللە تەرەپتىن تۇرۇپ-تۇرۇپلا ئىتلارنىڭ ئۆزئارا ئولجا تالىشىپ خىرىس قىلىشقان ئاۋازلىرى، ئەنسىز قاۋاشلىرى پات-پاتلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

— ئاداش، — دېدى تالىپ قەدىمىنى توختىتىپ، — گەپ يورغىلاتقانىنىڭ پايدىسى يوق، سىزنى ئۆيلەپ قوياي‌لىمىكىن دەپ ئويلاپ قالدۇق.

مەن تالىپقا قاراپ ئاچچىق كۈلدۈم.

— مەندەك بىر كەلگۈندىگە كىممۇ قىزىنى بىرەر؟

— بايا مەشرەپتە بىر قىز بالىنىڭ كۆزى سىزدىن زادىلا ئۈزۈلمىدى. ئۇ سىزنىڭ ئۇنى پوتا ئويۇنغا تەكلىپ قىلىشىڭىزنى بەكمۇ كۈتكەن چېغى.

— چاقچاق قىلمىسىڭىزچۇ؟ قايسى قىز ماڭا قارايدۇ دەيسىز؟

— راست بىلمەمسىز؟ ئانداق بولسا مەن سىزگە دەپ بېرەي. ئىسمائىل ئاكىنىڭ قىزى زەينەپ.

— ھوي، نېمە دەيدىغانسىز؟ ئاشۇ زەينەپ ماڭا تېگەمدۇ؟ ئاشۇ شۇجىنىڭ قىزى.

— ئۆزىڭىزنى نېمشقا تۆۋەن چاغلايدىغانسىز؟ ئوغۇل بالا دېگەن پايتىمىسنى تەتۈر يۆگىسىمۇ ئوغۇل بالا جۇمۇ! سىز قانداقكەنسىز؟ سىز بىلەن باغلىشىمەنكى، قىزنىڭ سىزگە كۆڭلى بار.

— ئەجەب ئىشەنچلىك سۆزلەپ كەتتىڭىزغۇ؟

— بولدى تالاشمايلى. بۇ يېزىدا سىزگە ئۇنىڭدىنمۇ لايىقراق قىز تاپماق تەس. چىرايلىق قىزغۇ تولا. لېكىن، زەينەپتەك قىزلارنى تاپماق قىيىن. بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، سىزگە ئەلچى بولۇپ ئىسمائىل ئاكا بىلەن سارىخان ئاچىنىڭ قېشىغا ئۆزۈم كىرىمەن.

مەن مەكتەپتىن ئايرىلغان چېغىمدا ئايال زاتىغا ئىككىنچى قارىماسمەن، دەپ نىيەت قىلغانىدىم. قارىغاندا تۇرمۇش قانۇنىيىتى يەنىلا ئىنساننى ئۆزىگە بويسۇندۇرىدىكەن، يېشىممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. مېنىڭ ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئالدىنىڭ ئىككىدىن بالىسى بولۇپ بولغاندۇ ھەقچان.

تويۇم ئىنتايىن ئاددىي، ئەمما بەكمۇ كۆڭۈللۈك بولدى. مېنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىم ئىسمائىل ئاكىلارغا بەش قولدەك ئايان بولغاچقا، ئۇلارمۇ ماڭا ھېچقانداق ئېغىرچىلىق سالمىدى. ئۇ توينىڭ ئالدىدا مېنى ئالدىغا چاقىرىپ:

— ئوغلۇم، سەن بىزنىڭ بۇ مەھەللىگە كەلگەندە سېنى بىر كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالغانىدىم. لېكىن تاكى تالىپ ساڭا ئەلچى بولۇپ كىرگەنگە قەدەر سېنى كۈيئوغۇل قىلىشنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىكەنمەن. ھەي نېمىسنى دەيسەن. مەنمۇ بالىلارنىڭ ئانىسىنى ئەپقېچىپ ئالغانىدىم. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى باي كىشىلەر ئىدى. بۇنداق يالاڭتۆشكە قىز بەرمەيمىز دەپ قىزنى سولاپ قويۇۋىدى، ئۇنى ئەپقاچتىم. مېنىڭ سېنىڭدىن ئىلتىماسىم، ئۇنى بوزەك قىلمىغىن، كۆڭلىگە ئازار بەرمىگىن، — قېيىن ئاتام شۇ سۆزنى ئېيتىۋېتىپ ماڭا تەتۈر قارىۋالدى. چوپچوڭلا بىر ئادەم يىغلىسا غەلىتە تۇرىدىكەن.

يېزا قىزلىرىغا خاس ياسانغان زەينەپ ئالدىمدا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ توغاچتەك قىزارغان ئىككى مەڭزى، ۋىسال شادلىقىغا چۆمگەن كىشىلەرنىڭ كۆزىدىنلا چاقناشقا تېگىشلىك بولغان بەخت نۇرلىرى چاقناۋاتقان شەھلا كۆزلىرى، سۆيۈلۈشنى كۈتۈپ تۇرغان گۈلاستەك لەۋلىرى... ماڭا تاماق ئېتىپ بەرگەن نازۇك بارماقلار، بۇرۇنلاردا مەن. بۇ چىراي، بۇ جەزبىلىكنى ئۆزۈمگىمۇ تەئەللۇق دەپ بىرەر قېتىممۇ ئويلاپ باقمىغانىدىم. قىسقىسى بۇنىڭدىن قورقاتتىم. چۈنكى، مېنىڭ يۈرىكىم تۇنجى مۇھەببەتنىڭ پاجىئەسى بىلەن پارە-پارە بولۇپ كەتكەن، بۇنىڭ بىلەنلا چەكلەنمەي مېنىڭ پۈتۈن ھاياتىمنى خانىۋەيران قىلىپ، تەقدىرىمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەنىدى. مېنىڭ يۈرىكىم دەز كەتكەن جانان چىنىدەك سەللا تېگىپ قويسا مۇڭلۇق سىرقىرايتتى. بۇلارنى ساقايتىش، بۇلاردىن پەيدا بولغان ئازابنى يەڭگىللىتىش ھېچقانداق بىر ئىنساننىڭ قولىدىن كەلمەيدىغاندەك ھېسسىياتتا ئىدىم. شۇڭا، مەن بىرەر ئايال زاتىنى ئويلاشتىنمۇ قورقاتتىم.

مۇشۇ مىنۇتلاردا ئالدىمدا ئولتۇرغىنى زەينەپ ئىدى. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا رامىلەنىڭ خۇش خۇي چىرايى كەلدى. ئۇ مېنىڭ ھاياتىمدا تۇنجى مۇھەببەت ئوتى ياندۇرغان

قىز ئىدى. باشقىلار، ئادەم تۇنجى مۇھەببىتىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ قالالمايدۇ. تۇنجى مۇھەببەت ئۇلۇغ دېيىشىدىكەن، ئەپسۇسكى تۇنجى مۇھەببىتىم... راملە ئۆلدى. ئۇ مېنى مەڭگۈلۈك بەدنامدا قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتى. مېنىڭ مۇھەببىتىم ئاللىبۇرۇن نە پىزەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى. مېنىڭ يۈرىكىم مۇزلىغان، ھېسسىياتلىرىم ئۆلگەن.

مۇشۇ ھالدا تۇرمۇشنىڭ مەجبۇرلىشى بىلەن ئېھتىياج، زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن بۇ قىزغا، ئالدىمدا ئولتۇرغان بۇ سەھرالىق قىزغا ئۆيلەنگەنىدىم. مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە تالاي بارغان. ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ئىشتىھا بىلەن يېگەن بولسامۇ بۇ قىزغا ھېچ بولمىسا بىرەر قېتىم كۆڭلۈم چۈشۈپ قارىمىغانىدىم. تويدىن كېيىن چۈشەندىمكى، ئۇ ماڭا ھەرقانداق باشقا بىر سەھرا ئاياللىرىغا ئوخشاش ئەر بولغىنىم ئۈچۈنلا تەگكەن ئەمەس ئىكەن. تالىپىنىڭ ئېيتقىنى توغرا ئىكەن. ئۇ مېنى پۈتۈن ئىشقى، ۋۇجۇدى بىلەن سۆيىدىكەن. ئۇ مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۆزىنىڭ ئاياللىق بۇرچىنىلا ئادا قىلىدىغان ئاددىي بىر ئايال بولماستىن، بەلكى ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئەرنى بەختلىك قىلالايدىغان خىسلەتلەر قاپلىغان قىز ئىكەن.

ئۇ ماڭا ھېچقاچان مۇھەببەتلىك سۆزلەرنى قىلمايتتى. ئۇنىڭ يوغان شەھلا كۆزلىرى چەكسىز ئۈمىد، تەلپۈنۈش بىلەن ماڭا تىكىلگەندە ئۇنىڭ بەختتىن مەست بولغان جامالى تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ سەۋرچانلىقى، ماڭا بولغان كۆيۈنۈشى، ساداقىتى بىلەن مېنىڭ يۈرىكىمدىكى مۇزلارنى بارا-بارا ئېرىتىپ ماڭا بەخت ئاتا قىلىشقا باشلىدى.

مەن كىتابلاردا ئوقۇغانىدىم. ھېسسىياتنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ دېسە ئىشەنمىگەنىدىم. ئەمەلىيەتتە زەينەپ مېنىڭ ھېسسىياتىمنى ئۇستا دوختۇر كېسەللىكنى داۋالىغاندەك پەيلەپ يېتىشتۈرگەنىدى. بۇ سەھرا قىزىنىڭ كرىستالدەك پاك مۇھەببىتى مېنىڭ دەزلەنگەن يۈرىكىمگە مەلھەم بولۇپ مېنى باشقىچە بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

تۇنجى پەرزەنتىمىز دۇنياغا كەلدى. «بالىلىق ئۆي بازار» دەپ توغرا ئېيتقانىكەن كونىلار. مېنىڭ ھاياتىمغا يېڭى بىر مەزمۇن قېتىلدى. ئىشتىن چۈشۈپ كىرىسىن چىراغنىڭ يورۇقىدا دەرسىمنى تەييارلاپ بولۇپ بالىنى قولۇمغا ئالاتتىم.

ئېھ، بالىلار ھاياتنىڭ مەنىسى، ئىنساننىڭ خۇشلۇقى. ئۇنىڭ ئاتا-ئانىغا بېغىشلايدىغان شادلىقى چەكسىز، شۇڭلاشقىمۇ ئۇنىڭ جاپاسى كۆزگە كۆرۈنمەيدۇ.

مەكتەپتىكى ئوقۇش سىنىپىنى بەشكە يەتكۈزدۇق. بىز جەمئىي ئالتە ئوقۇتقۇچى دەرس ئۆتۈشكە ئاران-ئاران يېتىشىپ يۈرىمىز. تالىپىنىڭ ئوغلى بىلەن ئەخمەتنىمۇ گۆڭشېدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئۇزاتتۇق.

ئىقتىسادنىڭ يېتىشمەسلىكى ئۆزىنى كۆرسەتكىلى تۇردى. دادۇي، گۆڭشې ئىمكانىيىتىنىڭ بارىچە مەكتەپنى يۆلەپ مۇشۇ ھالغا ئەكىلىپ بەردى. ئەمدى

ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە يۆلەنمىسەك باشقا ئامال يوق. سىنىپلارنىڭ ئۆپرىگەن يەرلىرىنى ئۆزىمىز كېسەك قويۇپ رېمونت قىلىمىز.

كۆلچەكتە كەتمەن بىلەن كېسەككىنىڭ لېيىنى ئارىلاشتۇرۇۋاتاتتىم. پۇرقىرىتىپ توپا توزۇتقىنىچە مەكتەپ قورۇسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغان بىر جىپ ھەممىمىزنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ماشىنىدىن ئوتتۇرا بوي، قىرىق ياشلار ئەتراپىدىكى بىر ئەر كىشى چۈشتى-دە، ماشىنا ئەتراپىغا ئولاشقان كىچىك بالىلارغا بىر نەرسىلەر دېدى. بالىلاردىن بىرى قولى بىلەن مەن تەرەپنى ئىشارەت قىلىۋىدى، ھېلىقى كىشى ماڭا قاراپ كېلىشكە باشلىدى.

مەن گۇڭشېدىن بىرەر ئىش بىلەن كەلگەن كىشى بولسا كېرەك دېگەن گۇمان بىلەن كۆلچەكتىن چىقتىم. ئارىلىقىمىز يېقىنلاشقانسېرى ئۆز كۆزلىرىمگە ئىشەنمەي قالدىم...

بۇ ئەمەتقۇ؟ كۆزلىرىم، ھېسلىرىم مېنى ئالداۋاتامدىكىن! ياق. مەن ئالدانمىغانىدىم. دادىسىنى نارازى قىلىپ ئوقۇشقا بارغان بۇ دوستۇم سالاپەتلىك بىر ئادەم بولۇپ كېتىپتۇ، مەن ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزۈمنى ئارانلا تۇتۇۋالدىم. بالىلىق ۋاقتىمدىكى قەدىردان دوستۇمنى باغرىمغا بېسىشنى شۇنچىلىك خالايتتىمكى، لېكىن ئۆزۈمنىڭ ئەپتىگە قاراپ ئۆز-ئۆزۈمگە ھاي بەردىم.

— ياخشىمۇسەن؟... — قوللىرىم ھاياجاندىن تىترەيتتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمنى سىقىپلا مېنى قۇچاقلىدى، — بۇ سەنمۇ كامال؟ سېنى زادىلا تونۇيالمىدىم...

— شۇنداقمۇ؟ — تەنلىرىم بوراندا قالغان ياپراقتەك يېنىك تىترەيتتى. ھېسسىياتلىرىم چىگىش، پىكىرلىرىم چېچىلاڭغۇ. بۇ تاسادىپىي شادلىق مېنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى. ئىختىيارسىز كەينىمگە داجىدىم. پاسكىنا تۇرقۇم بىلەن ئۇنىڭ كىيىمىنى بۇلغاپ قويغانىدىم. لېكىن، ئۇنىڭدىن پەقەتلا ئايرىلغۇم يوق ئىدى. ئۇنى ئۇزاقراق قۇچاقلاپ تۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بۇ قەلبىم ساھىلىغا چوڭقۇر كۆمۈلگەن سېغىنىش، ساۋاقداشلىق رىشتىسىدە پەيدا قىلغان ھەسرەتتىن بىراقلا پارتلاپ چىققان تۇيغۇ ئىدى.

بۇ مىنۇتتىكى ھېسسىياتلىرىمنى ھېچقانداق بىر تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيتتىم. خۇددى دار ئالدىدا تۇرغان بىر بىچارە غايىب قۇدرەت تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغىنىغا ئوخشاش شادلىقتىن، خۇشلۇقتىن ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتاتتىم. مەن ھەم خۇشال ئىدىم، ھەم كۆڭلۈم يېرىم ئىدى. چۈنكى، يۇرتۇمدىن ئايرىلغان ئون يىل ئىچىدە مېنى يا قېرىنداشلىرىم، يا ساۋاقداشلىرىمدىن بىرەرىمۇ يوقلاپ كەلمىگەنىدى. مەنمۇ ھېچكىمنى ئىزدىمىگەن، ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ خالىماستىن بۇ چەت ماكاندا تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغانىدىم. شۇڭا، بۇ تاسادىپىيلىق مېنى بەكمۇ ھاياجانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. مەن ئەتراپىمدا تۇرغان ئوقۇغۇچىلىرىمنى، باشقا خىزمەتداشلىرىمنى ھەتتا، ئۆزۈمنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا ياش تۆكمەكتە ئىدىم. كۆز

ياشلىرىمنى زادىلا تۇتۇپ قالالمايۋاتاتتىم. تىللىرىم تۇتۇلغان، پۈتۈن ھېسسىياتىم كۆز ياشلىرىم ئارقىلىق ئېقىپ چىقىۋاتاتتى. مەن ھېسسىياتىمنى، شۇنچە يىللار ھېچكىمگە تۆكەلمىگەن دەردىمنى كۆز يېشىم، پەقەت كۆز يېشىم ئارقىلىق دوستۇمغا تۆكۈۋاتاتتىم. ھازىر ئەمەت مېنى مەيلى تاسادىپىي ھالدا ئۇچراتسۇن ياكى ئاتايىتەن ئىزدەپ كەلگەن بولسۇن يالغۇزلۇق ئازابلىرىدا پۇچۇلانغان قەلبىم بىردەملىك بولسىمۇ خۇشلۇققا چۆمگەنىدى. دۇنيادا ئەڭ ئېغىر كۈلپەت يالغۇزلۇق ئىكەن...

— كامال مۇئەللىم، سىز ئۆيگە كېتىۋېرىڭ، بۇ يەردىكى ئىشنى بىز ئىشلەيلى.

خىزمەتدىشىمنىڭ بۇ سۆزى مېنى سەگىتتى. مەن لاي قوللىرىم بىلەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ ئوقۇغۇچىلىرىمدىن ئايرىلىپ ئەمەت بىلەن يانمۇ يان ماڭدىم. ئەمەت شوپۇرىغا گۇڭشېغا كېتىۋېرىشنى ئېيتىپ ئۇنى ماڭدۇرۇۋەتتى. ئەمەتنىڭ مېنىڭ ئۆيۈمگە بارماقچى ئىكەنلىكى ئېنىق ئىدى. مېنىڭ نامرات كۈلبەمدە ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋالغۇدەك نېمەتلىرىم بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بارىدىغانلىقىدىن بېشىم كۆككە تاقاشقاندەك خۇش بولدۇم.

— قانداق بولۇپ بۇ سەھراغا قەدەم بېسىپ قالدىڭ؟ — سورىدىم مەن ماشىنا كەتكەندىن كېيىن.

— سېنى ئاتايىتەن ئىزدەپ كەلدىم.

— مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭ؟

— ناھىيىنىڭ ھاكىمى ئېيتىپ بەردى.

دەرھاللا ئېسىمگە كەلدى. بىر چاغلاردا مېنى مۇشۇ مەكتەپكە ئورۇنلاشتۇرۇشتا ھاكىمنىڭمۇ ھەسسىسى بارلىقىنى قېيىن ئاتامدىن ئاڭلىۋىدىم. ئۇنتۇپ قالماپتۇ-دە...

پاراڭ بىلەن بولۇپ ئىشىك ئالدىغىمۇ كېلىپ قالدۇق.

غەربكە قىيسايغان قۇياشنىڭ ئاخىرقى نۇرلىرى تال باراڭنىڭ ئارا-ئارىلىرىدىن ئۆتۈپ سوپىغا جەزىبدار سۈرەتلەرنى سىزماقتا ئىدى. ئۆيگە باشلاي دېۋىدىم ئەمەت سوپىدا ئولتۇرايلى، بەكمۇ سالقىن ئىكەن دەپ تۇرۇۋېلىۋالدى.

بىردەمدىن كېيىن ئىككى بالامنى ئەگەشتۈرۈپ زەينەپمۇ كەلدى. ئۇ ئەمەت بىلەن سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ئالدىراشلا قازان بېشىغا ئۆتتى.

«ئاسقۇدا گۆش بولسا مېھمانغا ياراپتۇ» دېگەندەك توي قىلغان يىلى تىككەن ئۈزۈم كۆچىتىم ئۆتكەن يىللا مېۋىگە كىرگەنىدى. ئەمەتنىڭ رىزقى ئوخشايدۇ، تازا مەي باغلىغان ئۈزۈملەردىن ئۈزۈپ ئەمەتنىڭ ئالدىغا قويدۇم.

— يېگىن ئاداش. سەھرا دېگەننىڭ مۇشۇ نېمىتى بار، ئېغىز تېگىپ باق.

داستىخان بىردەمدىلا تەييار بولدى. تامىقىمىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن زەينەپ ئاپسىنىڭ ئۆيىگە ئىككى بالىنى ئېلىپ كەتتى. ئۇ مېڭىش ئالدىدا ماڭا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييار قىلىپ بېرىپ:

— گەپلىرىڭلار باردۇر، قىلىشىۋېلىڭلار، — دېدى ماڭا.

مەن ئۇنىڭ يىراقلاپ كېتىۋاتقان سىيماسىغا قاراپ خىيالغا چۆمدۇم. ئاھ، ساپ يۈرەك، ئاق كۆڭۈل سەھرا قىزلىرى. ئۇلار ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەرلىرىگە، بالىلىرىغا بېغىشلايدۇ...

— ئايالىڭ چېچەن ئىكەن، تەلىيىڭ چىقىپتۇ، — دېدى ئەمەت ماڭا زەينەپ كەتكەندىن كېيىن، — بالىلىرىڭمۇ شۇنچە ئوماق.

— تۇرمۇش دېگەن شۇنداق ئىكەن، ئاداش...

ئەمەت سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا پىچەتلىك هاراقنى ئېلىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويدى. بۇ خىلۋەت سەھرادا هاراق ئېپىشنى قىيىن كۆردىمۇ ياكى ماڭا ئەكەلگەن سوۋغىتىمۇ ئۇقمىدىم.

— خوش دوستۇم، ئىزلەپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن كۆپ رەھمەت! ئەر كىشى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىش بەكمۇ بىمەنىلىك. بىراق، كەچۈرگىن، بايا تىن سېنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى زادىلا تۇتۇۋالالمىدىم. خوش، ئۆتمۈشتىكى دوستلۇقىمىز ئۈچۈن كۆتۈرەيلى.

— ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كېلىپلا سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەر تاپتىم. بىراق، ئىزلەپ كېلىشكە ئىمكانىيەت بولمىدى. ھەممىمىز ئۆز ئىشىمىز بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق. مېنىڭمۇ خىزمەت تەقسىماتىم ئانچە ياخشى بولمىدى، توقاي يېزىسىغا تەقسىم قىلىنىپ ئۇ يەردە ئىككى-ئۈچ يىلدەك ئىشلەپ ئاران دېگەندە شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئىشخانىسىغا ئورۇنلاشتىم. ئاپاڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ يەتتە نەزىرىگە بارسام سەن نەزىرگىمۇ قاتناشماي كېتىپ قاپسەن. شۇ ئىشتىن كېيىن بىر ئايال مېنى بىرنەچچە قېتىم ئىشخانامغا ئىزلەپ كېلىپ مەن بىلەن ئايرىم كۆرۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ئايال بىلەن كۆرۈشتۈم، ئايال مېنى كۆرۈپ بەكلا يىغلاپ كەتتى. ئۇ راملەنىڭ ئاچىسى ئىكەن.

يۈرىكىم جىغ قىلىپ قالدى. مەن بۇ ئىسىمنى مەڭگۈ يادىمدىن چىقىرالمايتتىم.

— ئۇ ئايال ھېمىشقا كەپتۇ؟

— ئۇ ئازاب بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن سىڭلىسىنىڭ ۋەسىيىتى بىلەن مېنى ئىزلەپ كەلگەنىكەن. ئۇ ماڭا راملە قالدۇرۇپ كەتكەن بىر پارچە خەتنى بەردى. خەتنى ئالغاچ كەلدىم. ئۆزۈڭ كۆرۈپ باققىن.

خەتنىڭ چۆرىلىرى قىرچىلغان، سىياھلىرىمۇ ئەسلىدىكى رەڭگىنى سەل يوقاتقانىدى. مەن قارا پلا تونۇۋالدىم. بۇ راملەنىڭ پوچۇركىسى ئىدى. مەن خەتكە كۆز يۈگۈرتتۈم.

«سۆيۈملۈك ئاچا، كەم ئەقىل سىڭلىڭىزنى كەچۈرۈڭ! بىلمەن، سىز ماڭا شۇنچىلىك ئامراق ئىدىڭىز. سىز مېنىڭ ھىماتچىم ئىدىڭىز، مەن سىزنى ئاپام-دادامدىن كېيىن قالساق ئىككىنچى ئاپام، مېنىڭ يۆلەنچىكىم دەپ ئويلايتتىم.

ئېسىمدە، ئوقۇشقا ماڭغان چېغىمدا سىز بىر كېچە ئۇخلىماي مېنىڭ كىيىملىرىمنى

رەتلەپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلغانىدىڭىز. سىز مېنىڭ ئىستىقبالىم، كەلگۈسى بەختىم ئۈچۈن ئاپام، دادامدىنمۇ، ھەتتا مەندىنمۇ بەكرەك خۇشاللىققا چۆمگەنىدىڭىز. شۇ چاغلاردا سىز ياخشى كۆرگەن، سىز سۆيگەن سىڭلىڭىزنىڭ ياشلىق باھارىغا ۋاقىتسىز قىروچۈشۈشىنى، ياشلىق غۇنچىلىرىنىڭ ئېچىلماي توزۇپ كېتىشىنى، سىزنى شادلاندۇرۇپ ئەمەلگە ئاشقان ئارزۇ-ئارمانلىرىنىڭ ۋايىغا يەتمەي بەرباد بولۇشىنى خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىگەن بولغىيدىڭىز؟ توغرا، سىز بۇنى ھەرگىز خىيالىڭىزغا كەلتۈرمىگەنىدىڭىز. چۈنكى، ھەر قانداق ئىنسان ئۆز ئەجرىدىن كەلگەن مېۋىسىنىڭ زىيدە بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدۇ. سىز مۇشۇلارنىڭ بىرى ئىدىڭىز. ئەپسۇس... مىڭ ئەپسۇس.

ئەمدى مەن يالغۇز ئۆزۈملا يارىماس ئادەم بولۇپ قالماي، پەسكەشلەرچە يەنە بىر بىگۇناھ ئادەمنىمۇ ناھەق ئارازغا قويدۇم. شۇ تۈپەيلى ئۇ مەن بىلەن بىللە مەكتەپتىن قوغلاندى. ھەتتا ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ماكاندىن، مېھرىبان ئانىسىدىن، قوۋم-قېرىنداشلىرىدىن ئايرىلىپ يەككە-يېگانە ھالدا يات يەرلەرگە كېتىپ قالدى. ئۇ قانچىلىك ئازابلانغاندۇ؟ ئۇ ئۆزىنى ئاقلاپمۇ ئاقلىيالمىدى. چۈنكى، مەن بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز ئادەتتىكى مۇناسىۋەتتىن ھالقىغان مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، قورسىقىمدىكى تۆرەلمىنىڭ شۇنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى دەپ ئىسپات بەرگەنىدىم.

خاتالىشىپتىمەن!

مەن نېمانچە دۆت! نېمانچە ئەخمەق! «سەن مېنى قوغداپ قالساڭ، مېنى پاش قىلمىساڭ سىلەرنى مەكتەپتىن ھەرگىز قوغلاتمايمەن. سىلەرگە ھېچ ئىش بولمايدۇ.»

سۆيۈملۈك ئاچا، بۇ بىزنىڭ سىنىپ مەسئۇلىمىزنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسى ئىدى. مەن ئالىي مەكتەپكە ماڭغاندا سىز مېنى يېرىم يولدا قارايۈز بولۇپ قايتىپ كەلگەن ھالەتتە كۆرۈشنى ئويلىغانمىدىڭىز؟ مەن سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. سىزنىڭ ئەقىدىلىرىڭىزگە يۈز كېلەلمەيمەن. ئاتا-ئانامغا يۈز كېلەلمەيمەن. مېنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن كامالغا تېخىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن!

سۆيۈملۈك ئاچا، مەن ئۆيگە كەلگەندە سىز خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كەتكەنىكەنسىز... بولمىسا مېنىڭ تەقدىرىم باشقىچىدەك ھەل بولارمىدىمكىن. چۈنكى، سىز مېنىڭ ھىماتچىم، بۆلەنچۈكۈم ئىدىڭىز، بىراق مەن ئۆزۈمنى ھىمايە قىلالمىدىم...

دادامنىڭ ئاچچىقىنى سىز بىلىسىز. بەكمۇ سەپرا مىجەز. ئاخشام مېنى ئېسىپ قويۇپ ھارغۇچە ئۇردى. ئىشەنسىڭىز بۇ تاياقنى مەن ئۆزۈمگە ھەق دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، تەنلىرىمدىكى بۇ ئاغرىق مېنىڭ ۋىجدان ئازابىدىن پەيدا بولغان ئاغرىقىمنى بېسىپ كېتەلمىدى. دادام مېنى ئۇرۇشتىن توختاپ كالا ھۆركىرىگەندەك ھۆركىرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن ئۆمرۈمدە دادامنىڭ بۇنچىلىك ئازابلانغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم. دادام بىر كېچىدىلا ئون ياش قېرىپ كەتتى. گەرچە مەن ھەممىگە كىچىككەن بولسامۇ

كامال بۇنىڭ قۇربانى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ شۇنداق خورلۇق ئازابىتا ياشاۋېرىشىنى مەن خالىمايمەن.

سۆيۈملۈك ئاچا، مەن ئۆزۈمنى كەچۈرەلمەيمەن. ئانا زېمىن، ئانا تۇپراق مېنى تېخىمۇ كەچۈرمەيدۇ. مەن پەقەت ئۆلۈم ئارقىلىقلا ئۆز گۇناھىمنى يۇيالايمەن.

ئەلۋىدا سۆيۈملۈك ئاچا! نېمە قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى سىز بىلىسىز.

بەختسىز راملە...»

دۇنيادا پېشلمەيدىغان سىر يوق ئىكەن. مەن راملەنىڭ ئۆلۈمگە يا قايغۇرۇشنى، يا ئازابلىنىشنى بىلمەي ئولتۇراتتىم. ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى. ئېھتىمال ئەمەت مېنىڭ نېمە ئويلاردا بولۇۋاتقانلىقىمنى بىلگۈسى بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭغا قارىدىم.

ئەمەت مەقسىتىمنى چۈشەندى بولغاي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— ئۇ ئايال كامالنى ئاقلاشقا ياردەملەشمىسەم بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئاقلانمىسا سىڭلىمنىڭ يېنى يەرگە تەگمەيدۇ. ئۇ مېنىڭ بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشىمنى ئۆتۈنۈپتۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ خەت سېنى ئاقلايدىغان بىردىنبىر پاكىت ئىدى. بىز شۇنىڭ بىلەن سېنى ئاقلاش ئىشىنى باشلىۋەتتۇق.

مېنىڭ خىزمەت ئورنۇم ماڭا بەكمۇ قولايلىق شارائىتنى يارىتىپ بەردى. گەرچە مەن ساڭا ھېچقانداق ياردەم قىلالمىغان بولسامۇ، مانا ئەمدى ئۆزۈمنىڭ نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى ئوبدان بىلەتتىم. سېنى يوقلاپ بارالماي سېنى تاشلاپ قويغان گۇناھىم ئۈچۈن خىجىل بولۇپ تۇرغاندا راملەنىڭ خېتى ناھايىتى چوڭ ئىسپات بولدى. راملەنىڭ ئاچىسى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ خېتىنى ئېلىپ مەكتەپكە بېرىپ بۇ دېلونىڭ ناھەق دېلو ئىكەنلىكىنى، ساڭا ئۇۋال قىلىنغانلىقىنى ئېيتتۇق. راملەنىڭ ھايات ۋاقتىدا نەلەردىدۇر ساقلىنىپ قالغان قول يازمىلىرىدىكى پوچۇركىلار بىلەن بۇ خەتتىكى پۆچۈركىلار سېلىشتۇرۇلدى. لېكىن، بۇ ئىشنى سېنىڭ سىنىپ مەسئۇلۇڭ ھەرگىزمۇ بوينىغا ئالمىدى. مۇشۇ ئىش بىلەن سېنىڭ دېپلومۇڭ ھەل بولدى. بۇنىڭغا فاكۇلتېت مۇدىرى بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كۈچ چىقاردى. ساڭا ئۇۋال قىلىنغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئۆكۈنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ۋاقىتلاردا ئىشنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان دەيسەن؟ راملەمۇ راست گەپ قىلغان بولسا سەنمۇ بۇنچىۋالا سورۇقچىلىق تارتمايتتىڭ. ھەي ئۆزىگىمۇ قىلدى، ساڭىمۇ قىلدى...!

قايتىپ كېلىپ يۇقىرى-تۆۋەن قاتراپ سېنىڭ خىزمەت ئىشىڭغا ماڭدىم، ستاژىڭنى مەكتەپ پۈتتۈرگەن ۋاقتىڭدىن باشلاپ ھېسابلاشنى ئېيتىپ ئىلتىماس يازدىم. بۇ ئىشتىن ھاكىمنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىكەن، سېنى ئەسلى يىلى بىلەن خىزمەت ستاژى تۇرغۇزۇش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرۈلدى. مائاشىڭمۇ شۇ بويىچە بولدى. ئەمدى بېرىپ رەسمىيەتلەرنى بېجىرسەڭلا بولدى.

ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى.

— گەپ قىلساڭچۇ؟ بىز كۆرۈشمىگىلى توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ، سەن شۇنىڭدىن بۇيان شەھەرگە بىرەر قېتىممۇ بارمىدىڭمۇ؟ — سورىدى ئەمەت، مېنىڭ جىمجىت ئولتۇرغانلىقىمدىن ئىچى پۇشقان بولسا كېرەك.

مەن ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئولتۇراتتىم. سۆزلىشىم، چوقۇم سۆزلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەتتىم. ئادەم كۆڭلىدىكى دەرد-ھەسرىتىنى باشقىلارغا دەۋالسا خېلى يەڭگىللەپ قالىدىكەن. يىللار مېنى يېشىمغا مۇناسىپ بولمىغان ھالدا قېرىتتى: قارا بۇ تەكلىماكان چۆلىنىڭ بورجىكىدىكى بۇ ماكانغا. ھەممىلا يەردىن نادانلىق، نامراتلىقنىڭ پۇرىقى دېمىقىڭغا ئۇرۇلىدۇ. ماڭا قوشۇلغىنى مۇساپىرلىق، يالغۇزلۇق. يېگانىلىك مەنىۋى جەھەتتىكى يېگانىلىك. مەن ناھەق ئازار يېدىم. دوستلىرىم، قېرىنداشلىرىم تەرىپىدىن تاشلاندىم. شۇنداق تۇرۇپمۇ مېنى ياشاشقا، ھايات بىلەن ئېلىشىشقا رىغبەتلەندۈرگەن، كۈچ بەرگەن نەرسە نېمە؟ ماڭا بىرلا نەرسە ھەمراھ بولۇپ كەلدى. مەن پەقەت شۇ نەرسىنىڭ ئىلھامى بىلەنلا قورايدەك بولۇپ قالغان ئاجىز تېنىمنى سۆرەپ، نەم تۇپراقنى يالاڭغىداق دەسسەپ چەكسىز ئازاب ئىچىدە ياشلىقىم بىلەن خوشلاشتىم. بەزىدە ئۆلۈمنى ئويلىغان مىنۇتلىرىممۇ بولدى. لېكىن، مەن ياشىدىم. ھايات بىلەن، تۇرمۇش بىلەن ئېلىشتىم، ھېرىپ ھالىمدىن كەتكۈچە ئېلىشتىم. كىم مېنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى؟ مەن جاۋاب ئىزلەپ ئەمەتنىڭ كۆزلىرى ئىچىگە تىكىلدىم. لېكىن، ئەمەت مېنىڭ بۇ سوئاللىرىمغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب بېرەلمەيتتى. بەلكىم بۇ مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەن قىسمەتتۇر؟

ھاياتنىڭ شۇنداق بىر قىسمەتلىرى باركى، بەزى ئىشلارغا زادىلا ئىشەنگۈڭ كەلمەيدۇ، لېكىن ئىشىنىشكە مەجبۇر بولىسەن. چۈنكى، رېئاللىق ھەممىدىن غالىب، ئۇ بويسۇندۇرغۇچى. ئالدىمدا ئولتۇرغان مۇنۇ دوستۇم بىلەن قىلىنغان سۆھبەت خۇددى كىشى ئويغانغاندا قىممىتىنى يوقىتىدىغان چۈشتەك بىلىنەتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ چۈش ئەمەسلىكىگە، رېئاللىق ئىكەنلىكىگە چارچىغان، ھارغان نېرۋىلىرىمنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن ئېھتىمال بىر مەزگىل كېتەمدۇ، قانداق؟

مەن ئەمەتكە قارىدىم، ئۇ كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. ئۇ مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن قىسمەتنى، ئادەم چىدىغۇسىز ئازابلارنى چۈشىنىپ يېتەلەرمۇ؟ بەلكى چۈشىنەر. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى ئاقلاش، گۇناھسىزلىقىمنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلغاندۇ. ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇقتۇرۇشنى كۆرۈپ ۋارقىراپ كېتىشىم، خۇشاللىقىمنى ئىپادە قىلىشىم كېرەك ئىدى. نېمىشقىدۇر، خۇشال بولالمىدىم. چۈنكى، مېنىڭ يۈرىكىم ئازاب پەردىلىرى بىلەن قاتمۇ قات ئورالغان. مەن ئۇزاقتىن بۇيان زارىقىپ كۈتكەن، لېكىن مۆجىزە سۈپىتىدە پەيدا بولغان بۇ خۇشاللىق قەلبىمدىكى ھەسرەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىيەلمىدى. خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك مۇشۇ مىنۇتتا ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىمنىڭ ھەر بىر مىنۇتى كۆز ئالدىمغا قايتا كېلىۋېلىپ، بۇ نېمە ئۈچۈن!

زادى نېمە ئۈچۈن؟ دېگەن سوئال بېشىمنى قايمۇقتۇرۇپ ماڭا بىردەممۇ ئاراملىق بەرمەيتتى.

ئادەم دېگەن ئەجەب-ھە؟ بەلكى تاسادىپىلىق ئىچىدىكى مۆجىزە ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قويسا كېرەك. مەن قاراڭغۇلۇقتىن شۇنچە قورقاتتىم. لېكىن، شۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تالاي يىللارنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. مەن بەكمۇ ئۇزاق قاباھەتلىك بىر چۈشتىن كېيىن ئويغاندىم. يېڭىدىن تۇغۇلغاندەك ئەمەس، ئۆلۈپ تىرىلگەندەك. مەن ئۆلگەندىم، قايتا تىرىلدىم.

تاڭ خورىزى سوزۇپ چىللاشقا باشلىدى. ئەمەت ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغانىدى. مەن ئاستا سىرتقا چىقىپ يازنىڭ جىمجىتلىقىغا چۆككەن كېچە ئاسمىنىغا قارىدىم. بۇ يۇلتۇزلار تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ سۈس نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ ئاسمان، بۇ سىرلىق كائىنات، بۇ ساپ ھاۋا ماڭا بەكمۇ تونۇش ئىدى. مەن بۇلار بىلەن تالاي سىرداشقان، مۇڭداشقان. بولۇپمۇ قايغۇ-ئەلەمدىن يۈرىكىم پۇچىلانغاندا، مۇساپىرلىق جېنىمغا پاتقاندا، يىراقتىن كۆرۈنۈپ قويۇپلا يوقاپ كەتكەن نۇرغا ئوخشاش ئۈمىدلىرىمنى كۆكتىكى يۇلتۇزلار ئارىسىدىن ئىزدەيتتىم. قىزىق، بۈگۈن چولپان يۇلتۇز ماڭا باشقىچە كۈلۈۋاتقاندەك، كۆزنى چاقنىتىدىغان يۇلتۇزلار سېنى تەبرىكلەيمىز دېيىشىۋاتقاندەك، تاڭ شاملى ۋىسال كۈيلىرىنى ياڭرىتىۋاتقاندەك.



مېنىڭ كۈتكىنىم دوستۇمنىڭ بۈگۈن يەتكۈزگەن خەۋىرىمدۇ. مەن شۇنىڭ ئۈچۈن ئازاب چېكىپ، شۇنىڭ ئۈچۈن تىركەشكەنمىدىم؟ ئېھتىمال شۇنىڭ ئۈچۈندۇر ۋە ياكى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەمەستۇر.

ئەمەت بىلەن بىللە شەھەرگە كىرىپ ئىشلىرىمنى پۈتتۈردۈم... پەقەت بانكىنىڭ رەسمىيىتىلا قالدى.

تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان، ئاپام تۇتقان ئۆينى كۆرمەي كېتىشكە چىدىمىدىم، ھويلىغا كىرىشىمگە ئاكام ئالدىمغا چىقتى. يەڭگەمنىڭ ئاغزى بېسقماي ۋاتىلداشلىرىدىن بىلدىمكى ئۇلار مېنىڭ ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدىن خەۋىرى بار ئىكەن. يەڭگەمنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى مېنى سەل ھەيران قالدۇرغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.

— سىزگە ئىككى پارچە گىلەم ئېلىپ قويغاندۇق. مىراسىڭىزنى ئالغىلىمۇ كەلمىدىڭىز- دېدى يەڭگەم چاي قويۇۋېتىپ، — پاكىزىرەك تۇرسۇن دەپ تامغا ئېسىپ قويدۇق.

ئاپامنىڭ ئۆلۈمىدە يەڭگەمنىڭ ئاكامغا دېگەن سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە يەنە بىر قېتىم تەكرارلاندى.

— پۇللىرىڭىزنى قانداق قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ — دېدى ئاكام، — بۇ ياخشى پۇرسەت، مۇشۇ باھانىدە يۆتكىلىپ كېلىۋالغىن.

مەن ئاكامغا لەپپىدە قارىدىم. ئاكام قاچاندىن بېرى ماڭا شۇنچە كۆيۈمچان بولۇپ قالغاندۇ؟ پەرۋاسىزلا جاۋاب بەردىم:

— بۇلارنى تېخى ئويلىنىپ باقمىدىم.

— ۋىييەي ئەخمەقلىك قىلماڭ، ئاكىڭىز دېگەندەك بۇ ياخشى پۇرسەت دەڭا، شەھەرگە يۆتكىلىپ كېلىپ بۇ ئۆيلەرنى چېقىپ باشقىدىن سالامسىلەر. زېمىن دېگەن ئۆلمەس مۈلۈك دەڭا. ياغاچ دېگەن سەھرادا جىقتۇ ھەقچان. بىرەر تىراكتور ماڭدۇرۇۋەتسىڭىز...

«جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا» بۇلارنىڭ قىزغىنلىقى ئەلۋەتتە مەقسەتسىز ئەمەس ئىكەن. يېزىدىكى ياغاچنىڭ ئىگىسىنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ سۆزىگە رەددىيە بەرمەكچىدىم، ئاغزىمغا كەلگەن سۆزۈمنى ئىچىمگە يۇتۇۋەتتىم. سۈكۈتنىڭ ئۆزىمۇ ئەڭ ياخشى جاۋاب.

ئۇلار مېنى تۇتۇپ قېلىشقا شۇنچە ئۇرۇنغان بولسىمۇ قەتئىي رەت قىلدىم. ئۆتمۈشتىكى ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكىلى بولسىمۇ، قېرىنداشتىن كېلىدىغان ئازابنىڭ تەمىنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى، مېنىڭ پۇلۇم بار، ئورنۇم بار چاغدا ھەممە ئادەم مېنى خالايدىكەن، ياخشى كۆرىدىكەن. بۇنى قانداقمۇ ياخشى كۆرۈش دېگىلى بولسۇن؟

ئاپامنىڭ قەبرىسىگە باردىم. قەبرە توپىسىنى شامال يالاپ ئازراقلا توپا دۆۋىسى قاپتۇ. ئەتراپىدىكى توپىلارنى قولۇم بىلەن ئاتىلاپ بىر يەرگە دۆۋىلىدىم. خەتمە قۇرئان قىلىپ بولغاندىن كېيىن قەبرىستانلىققا كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتىم. ئاپامنىڭ روھى بەلكىم ئەتراپىمدا ئايلىنىپ يۈرگەندۇ. مېنىڭ خۇشاللىق ياماشقان چىرايىمنى كۆرۈۋاتقاندۇ؟ شۇنچە كۆپ سۆزلىرىم بار ئىدى. مەن ئۆزۈمنى گۇناھكار ئوغۇل ھېسابلايتتىم...

كەچتە ئۆيگە يېنىپ كەلدىم. زەينەپ ئۆيدە ئىكەن، باللارنى سورىسام زەينەپ جاۋاب قايتۇرمىدى. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل ھەسرەتلىك نۇر چاقنايتتى.

— نېمە بولدى زەينەپ؟ بىر يېرىڭ ئاغرىمدۇ؟

— ياق، — ئۇ بېشىنى چايقىدى.

— ئەمسە نېمە بولدى؟

ئۇنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلۈشكە

باشلىدى. ئۇ دەسلەپتە ئۈن-تىنسىز بارا-بارا ئېسەدەپ ئاندىن ھىققىداپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ يىغىسى شۇنچىلىك ھەسرەتلىك ئىدىكى، قارىغان ئادەم چوقۇم بىرەر ئىش بولغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى.

مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم، ئۇنىڭ ۋاقىتسىز ئاقارغان چېكە چاچلىرى، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسىگە چۈشكەن ئىنچىكە قورۇقلار ئىنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. سۇزۇك ئاپپاق تېرىلەر ئاپتاپنىڭ كۆيدۈرۈشى، شامالنىڭ سۆيۈشى بىلەن ئەسلى رەڭگىدىن سەل ئۆزگەرگەن. ئۇنىڭ كۆز يېشى زادىلا توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەن ئۇنىڭ يىغىسىنىڭ سەۋەبىنى چۈشىنەتتىم. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىدىم:

— نېمىگە بۇنچە يىغلايسەن؟

ئۇ ھىققىداپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

— سىز راستىنلا كېتەمسىز؟ مېنى تاشلاپ كېتەمسىز؟

— كىم شۇنداق دەيدۇ؟

— خەقنىڭ ھەممىسى شۇنداق دەيدۇ.

— سەن ماڭا تەگكەندە كۈنلەرنىڭ بىرىدە مېنى تاشلاپ كېتەر دەپ ئويلىغانمىدىڭ.

ئۇ باغرىمغا تاشلاندى.

— گېپىمنى ئاڭلا زەينەپ. مېنىڭ ئاقلانغىنىم، بىرمۇنچە پۇلغا ئىگە بولغىنىم بۇ راست. كېتىدىكەن دېگەن سۆز باشقىلارنىڭ قۇرۇق گېپى. مېنىڭ يىلتىزىم بۇ جايغا ئورناپ كەتتى. مەن ئۆز تەقدىرىمنى ساڭا چەمبەرچاس باغلىۋەتكەن. چۈنكى، مېنىڭ بېشىمغا ئېغىر كۈن چۈشكەندە مېنىڭ ھالىمغا يەتكەن، ماڭا مۇھەببەت ئاتا قىلغان بىردىنبىر كىشىمسەن. مەن سەندىن ئايرىلىپ ھېچ يەرگە بارمايمەن. قارا، ماڭا بەرگەن بۇ پۇللارغا سېنىڭ مەھەللەڭگە بىر مەكتەپ سالىمىز.

— راستىما؟ — ئۇنىڭ يىغىدىن قىزارغان كۆزلىرى ئۈمىد بىلەن ماڭا تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ياكى كۆرسەممۇ دىققەت قىلمىغان بىر نۇر چاقنىدى.

ئېھ سەھرا قىزلىرى، ئۇلار ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ئەرلىرىگە بېغىشلايدۇ. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىدە نە مۇھەببەتنىڭ داغدۇغىلىق قەسەملىرى، نە كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ تىترىتىدىغان، كىشىنى مەستخۇش قىلىپ خىيالىي جەننەتنىڭ مەئىشىتىنى ئەسلىتىدىغان شېرىن شېكەر سۆزلەر، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان ناز-كەرەشمىلەر يوق. ئۇلار ئۈن-تىنسىز ھالدا پۈتۈن ئارزۇ-ئارمان، ئىستەكلىرىنى ۋۇجۇدىغا يوشۇرغان. پاكلىق، كۆيۈمچانلىق، تۈگمەس بەدەل ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتىدىكى ئاددىي ئىشلار. ئۇلار بۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلىپ سىڭدۈرگەن.

ئاكام مېنى ئىزلەپ كەلدى.

— ئۇكام، — دېدى ئۇ ماڭا، — زېمىن دېگەن ئۆلمەس بايلىق. شەھەردە

جېنى بارلىكى ئادەم ئۆي سېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ قولۇم قىسقا، ھويلا ئىچى كەڭرى بولغاندىكىن ساڭا بەرگەن پۇللارغا ئۆي سالايلى، كېيىنچە ساتساق پۇل. بالىلىرىمىزغا قالسا مىراس.

— سەن شۇ ئىش ئۈچۈنلا مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ كەلگەن قەدىمىڭگە رازى بولۇپ كەت ئاكا. مەن تېخى ئۇكىسى بولغانلىقى ئۈچۈن مېنى يوقلاپ كەلدى دەپ ئويلاپ بەكمۇ خۇش بوپتىكەنمەن، — دېدىم ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشىگە.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟ — سورىدى ئاكام گېپىمنى چۈشەنمەي.

— گېپىمنى تېخىچە چۈشەنمەپسەن-دە، ئۇ پۇلغا مەن ئۆي سالالمايمەن؟

— نېمىشقا؟ ئۇنچە جىق پۇلنى نېمە قىلسەن ئەمسە؟ بانكىغا قويساڭمۇ تۇرىدۇغۇ شۇ!

مەن ئاكامنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم.

— مەن ئۇ پۇلغا مەكتەپ سالىمەن. مۇشۇ يېزىغا. ئەمدى چۈشەندىڭمۇ؟ مەن ئۇ پۇلنى ئالىبۇرۇن تېگىشلىك ئورنىغا يەتكۈزۈپ بولدۇم.

ئاكام ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ساراڭ بوپسەن! ساراڭ! شۇنچە جىق پۇلنى بىكارغىلا خەققە بېرىۋەتكەن بارمۇ؟ بۇ سەھرالىقلار ساڭا نېمە قىلىپ بەردى؟

— چېچىلما ئاكا، بۇ سەھرالىقلار ساڭا نېمە قىلىپ بەردى دېدىڭمۇ؟ بۇ سوئالنى سەن ماڭا ناھايىتى ياخشى قويدۇڭ. بۇ گەپنى يۈزۈڭگە سالماقچى ئەمەس ئىدىم. سەن مېنى مەجبۇر قىلدىڭ، سەن ماڭا نېمەقىلىپ بەردىڭ؟ مېنى بىرەر قېتىم يوقلاپ كەلدىڭمۇ؟ ھەتتا ئاپامنىڭ ئۆلۈمىگىمۇ چاقىرمىدىڭ، ئۆيۈڭگە بارغىنىمدا خوتۇنۇڭنىڭ دېگەن گەپلىرى ئېسىڭدىمۇ؟ ئاكا، مەن ئۇ چاغدا سەندىن مىراس تالىشىدىغان، پىت-بۈرگىلەرنى ئۆيۈڭگە تارقىتىپ ئۆيۈڭنى مەينەتلەشتۈرۈۋېتىدىغان دېۋانىگە ئايلىنىپ قالدىم. مەن شۇ كېچىنى نەدە ئۆتكۈزدۈم، بىلەمسەن؟ مەن قەبرىستانلىقتا ئۆلۈكلەر بىلەن تۈنىدىم. مەن سەن ئۈچۈن شۇ كۈنىلا ئۆلگەن بىر ئادەمگە ئايلاندىم. بۇ سەھرالىقلار ماڭا دوستلۇق مېھرى، ئۆي-ماكان، پەرىشتىدەك بىر ئايال، ھاياتقا مۇھەببەت سوۋغا قىلدى. سەن ماڭا كېرەك بولغاندا بىر يۇتۇم سۇمۇ بەرمىدىڭ. مېنى كەچۈرگىن ئاكا. مەن سېنىڭ دېگىنىڭنى قىلالمايمەن. توغراق يېزىسىدىكى بۇ ئادەملەر سەن ياشاۋاتقان مۇھىتتىكى ئادەملەرگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇلار قوپال، كۆرۈمسىز، نامرات ئادەملەر. لېكىن، ئۇلاردا ھەقىقىي ئىنساننىڭ يۈرىكى بار. ئۇلار ئاق كۆڭۈل، ساددا، مېھرىبان، رەھىمدىل، جاپاكەش. ئۇلارنىڭ يۈرىكىمۇ سەن بىلەن بىزنىڭ يۈرىكىمىزگە ئوخشايدۇ. مەن ئۇلارنى سۆيىمەن. ئۇلارئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، ئۆلگەندىن كېيىن مۇشۇ تۇپراقتا ياشاپ مۇشۇ تۇپراقتا ئۆلگەن ئادەملەر بىلەن يانمۇ يان يېتىشنى بەكمۇ خالايمەن، — دېدىم ئۇنىڭغا.

گېپىمنىڭ ئاكامغا بەكمۇ ئېغىر كەتكىنىنى بىلەتتىم، لېكىن مېنى سۆزلەشكە ئۇ

ئۆزى مەجبۇر قىلغانىدى. ئاكام مېنى ھاماقەتلىكتە ئەيىبلىگىنىچە سەندەك ئىنىم يوق دەپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپ كۆزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالدىم...

ئادەمنىڭ ھېسسىياتى نېمىدېگەن چۈشىنىكسىز-ھە؟ تۇرۇپ بىرلىرىنى ياخشى كۆرۈۋاتقان، بىرلىرىنى يامان كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئۆچ بولۇپ قېلىۋاتقان، تۇرۇپ بىرلىرىدىن رەنجىۋاتقان، تۇرۇپ بىرلىرىدىن خۇش بولۇۋاتقان؟

شۇ ئىش بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن مەن گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كەلدىم. مەن گۇڭشېغا كېلىشتىن بۇرۇن ئۆزۈم بۇرۇن تۇرغان مەھەللىگە بەش ئېغىزلىق بىر مەكتەپ سالدۇق. بۇنىڭغا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلاردىن ئوقۇتقۇچى تەيىنلەپ بەردى. ئۇلار ھازىرچە خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. تالىپنىڭ ئوغلى شۇ مەكتەپكە مۇدىر بولدى. يىللار نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن. ئادەمنىڭ ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا ئېغى ئوچۇق ئىشتان كىيىپ تال چىۋىقنى ئات ئېتىپ ئويناپ يۈرگەن باللار بۈگۈن چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغىنىنى.... ئۇلار مېنى پات-پات يوقلاپ تۇرىدۇ. ئۇلار مەندىن يەنىلا شۇ ۋاقىتتىكىگە ئوخشاش كۆپ سوئاللارنى سورايدۇ. لېكىن، ھازىر ئۇلارنىڭ قويغان سوئاللىرى ئۇ چاغدىكىدەك كۈلكىلىك سوئال ئەمەس، ئادەمنى ئويلىنىشقا سالىدىغان سوئاللار...

ماموت دۈيجاڭمۇ ئەمەلدىن چۈشتى. چۈنكى ھېلىقى سېرىق ئامبارچىنىڭ بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشتە يىگىرمە ئىككى مىڭ جىڭ ئاشلىق خىيانەت قىلغانلىقى پاش بولغانىكەن. ئۇ قانۇننىڭ جازاسىغا ئۇچراپ تېگىشلىك ئورنىنى تاپتى. ماموتاخۇنىڭمۇ بۇ ئىشقا چېتىشلىقى بولغاچقا كەشى توغرىلاندى. تالىپ ھازىر شۇ ئەترەتنىڭ باشلىقى.

بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر يىغىنىغا ئوقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالغاندا بەكمۇ ھاياجانلاندىم. ۋەكىللەر ئىچىدىن بىر كىشى سۆزلىشى كېرەككەن، مېنى چىقىرىپ قويۇشتى. ئۇنداق چوڭ كىشىلەرنىڭ ئالدىدا سۆزلەش ئوقۇغۇچىغا دەرس سۆزلىگەندەك ئوڭاي ئىش-ئەمەس ئىكەن... مەن ھاياجانلىنىۋاتىمەن. ئالدىمدا ئولتۇرغانلار — شەرەپ مېدالىلىرىنى تاقاشقان خەلق ۋەكىلى. ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىمۇ تالاي ئارمانلار، يۈكسەك غايىلەر بار. ئۇ غايىلەر، ئارمانلار پەقەت مېھنەت بىلەن، ئىجتىھات بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ. مەن شۇلارنىڭ بىرى. مەن ئاددىي بىر ئادەممەن. خۇددى ئاشۇ تەكلىماكان جاڭگىلىنىڭ بىر بۆرجىكىگە جايلاشقان قۇمساڭغۇ مەھەللىنىڭ ئادەملىرىگە ئوخشاشلا بىر ئادەممەن. پەقەت شۇلارنىڭمۇ بىزگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئاسماندا ئۇچۇۋاتقان ئايروپىلان، ئۆزلىرى مۆجىزە بىلىدىغان ماشىنا، تراكتورلارنى ياسىغۇچىلارنىڭمۇ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق مەۋجۇداتلار ئىچىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ بىر مەخلۇق ئىكەنلىكىنى تونۇتۇش ئۈچۈن ئاز، بەكمۇ ئاز بىر ئىشلارنى قىلىۋاتقان بىر ئىنسانمەن. مەن ھازىر شەرەپ مېدالىنى تاقاپ ھۆرمەت سەھنىسىدە تۇرۇپتىمەن. بۇنى ماڭا ئاشۇ خەلقىم

بەرگەن. مەن خەلقنىڭ پەرزەنتى، خەلقنىڭ چاكىرى.

مەن سۆزلىدىم. سۆزلىگۈدەك ھېچ نەرسەمۇ يوق ئىدى. لېكىن، سۆزلىدىم. سۆزلەش پۇرسىتى كەلگەنىكەن، نېمىشقا سۆزلىمەيدىكەنمەن؟

خىيالىم يىراق تەكلىماكان زېمىنلىرىغا ئۇچماقتا. لاي كېچىپ، كېسەك قۇيۇپ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىم. تاياق-توقماق بىلەن مېنى ئۇرۇپ دۇمبالاۋاتقان دېھقان قېرىنداشلىرىم. ھاكىمنىڭ مەن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈشى. غىچىرلاپ تۇرغان ئەسكى ۋېلسىپىتىنىڭ پېدالىنى كۈچەپ تېپىۋاتقان خىزمەتدىشىم. مەن ئۈچۈن تاياق يېگەن دېھقان دوستۇم تالىپ، تۈگمەس سوئاللار بىلەن مېنى كۆمۈۋېتىدىغان نامرات دېھقان بالىلىرى. بوينىنى ئېگىپ كۆزلىرىدىن مۇنچاقتەك ياش تۆكۈپ تۇرغان زەينەپ. ماڭا ھاياتنىڭ ھەقىقىي شادلىقىنى تونۇتقان ئوماق بالىلىرىم.... كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. مانا بۇلار ھاياتنىڭ مۇساپىسى. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. مېنىڭ ھاياتلىقىمنىڭ، مەۋجۇتلۇقۇمنىڭ سىيماسى.

— يۇرتىمىز چەت، تۇرمۇشىمىز ناچار. ئوقۇغان، بىلىم سەۋىيىلىك، بولۇپمۇ ساڭا ئوخشاش شەھەردە چوڭ بولغان ئادەم بۇ يەردە ئەسلا تۇرمايدۇ. ئۇكا، ساڭا ئۇۋال بولدى. ساڭىلا ئەمەس، بىز ياخشى دەپ قارىغان نۇرغۇن كىشىلەرگە ئۇۋال بولدى. مانا سەنمۇ ئاقلىنىپسەن. ئەگەر زادىلا كېتىمەن دېسەڭ بىز سېنى تۇتۇپ قالالمايمىز. ئەگەر قېلىشنى خالىساڭ گۆڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىلىپ كېلىپ مۇشۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ بەرسەڭ... — دەپلا گەپنىڭ ئاخىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتكەنىدى گۆڭشېنىڭ شۇجىسى ئاقلىنىش قەغىزىنى كۆتۈرۈپ ئىشخانىسىغا كىرگىنىمدە.

بۇ ئۈمىد، بۇ مېنىڭ ئۈمىد گۈلخانلىرىمغا ئوت ياققۇچى چوغ. شۇجىنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىم تۈۋىدە قايتا جاراڭلىدى.

ئايروپىلان كۆكتە پەرۋاز قىلماقتا. سەرەڭگە قېپىدەك كۆرۈنۈۋاتقان كۆپكۆك دالا نېمىدېگەن گۈزەل. گويا مەن بۇلۇتلارغا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك. خۇشاللىق، ھاياجان، تەسۋىرلىگۈسىز ئىپتىخار ئىچىدە يىراق ئاسمان بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتىمەن. گۈزەل كېلەچەك، چەكسىز ئارمان، تۈگىمەس ئۈمىد مېنى كۈتمەكتە...

كامالنىڭ ھېكايىسى ئاخىرلاشتى. ھەممىمىز جىمجىت ئولتۇرۇشاتتۇق. ئۇ شۇنچە تۇتقىنىمىزغا ئۇنىماي كېتىشكە تەرەددۇتلەنىدى.

— ئاپامنىڭ تۇپراق بېشىغا بارىمەن، يېزىدىن كەلگەن تراكتور مېنى ساقلاپ تۇرماقچى ئىدى. ئەمەتكە سالام دېگىن، ئۇ يىغىنغا كېتىپ قاپتۇ، كۆرۈشەلمىدىم.

كامال كەتتى. ئۇنىڭ يادەك ئېگىلگەن ئورۇق گەۋدىسى كۆزىمىزدىن يىراقلاشقانسېرى ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا شۇنچە يوغىناشقا باشلىدى. بىز ئۈن-تىنسىز ھالدا ئۇنى ئۇزىتىپ قالدۇق.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل**

تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن


# يۇلتۇزلىرى ئويغاق ئالەمنىڭ

### تەكلىماكان

ھاياتلىقتا بولدۇڭ بىر ئۇتەڭ،
توختاپ سەندە نوھنىڭ كېمىسى؛
قۇچىقىڭغا ئادەم ۋە ھاۋا
ئېلىپ كەلدى جەننەت مېۋىسى.

كۆرمىڭ ئەسىر ئۇيقۇدا ياتقان
بارخانلىرىڭ دولقۇنمۇ قاتقان.
شېھىتلارنىڭ يۈرەك قېنىمۇ
يۇلغۇنلاردىن تەپچىرەپ ئاققان.

توغراقلىقتا قىران بۈركۈتلەر
سالدى قىقاس، ياڭراتتى ناۋا.
قانىتىدا ئازايدى دەرمان
ئۆتۈپ يىللار، ئۆزگىرىپ ھاۋا.




چۇڭ-چۇڭ قىلىپ سىيلىشار سۇرەن
ئۇۋۇسىدا بىر توپ بالاپان.
ئۇ ئۈستەيدۇ ئۇچۇرما بولۇپ
قانىتىدا توسماقنى ئاسمان.

دېڭىزمىدى قۇملۇقلار ئاۋۋال،
ئالەم شۇندىن بولغانمۇ بىنا.
قۇياشنى ئۇزىتىپ قۇملۇق،
تارقاتقانمۇ سۇبھىدىن زىيا.

مۇشۇ يەردە ياشىدى ئادەم،
ياڭراپ كەلدى ئۇزۇلمەي ناۋا.
مۇشۇ يەردىن باشلىنار ئەمدى
يېڭى، گۈزەل بىر ئالتۇن ئىرا.

1996-يىل

### تۈن لىرىكىسى

تۈن كۆيلىرى تەۋرەتتى بۆشۈك،
ئۇگدىگەي دەپ جاھاندا بارلىق.
بار مەۋجۇدات بولسا گەر بىدار،
زېمىن قوينى قىلمامدۇ تارلىق.

يۇلتۇزلىرى ئويغاق ئالەمنىڭ،
كۆزلىرىدىن تۆكۈلەر زىيا.
ئىشەنچ نۇرى پارلار قەلبىدە،
كۆزەتچى ئۇ زېمىنغا گويا.

زېمىن لېۋى، ئاسمان جىيىكى
قۇش كۈيىنى ئاڭلايدۇ ھامان.
ئىزگۈ كۈيلەر ئەيلەيدۇ مەپتۇن
يۈرەكلەردە قوزغىتىپ ئارمان.

زېمىن لېۋى، ئاسمان چېيىكى،
يۇلتۇز تۆكەر ئالتۇن رەڭ زىيا.
مۇرلۇك قۇشى سىلكىگەندە پەر،
ئويقۇسىدىن ئويغىنار دۇنيا.

1996-يىل

## بىر ئىشىك بار ئالەمدە

بىر ئىشىك بار ئالەمدە ھامان،
گۈلدەستىگە پۈركىنەر گاھى.
كۆزلىرىدىن ياش تۆكسە نەرگىس،
ئەتىرگۈلنىڭ ئاڭلىنار ئاھى.

قېرى ئالەم پاتسا سۈكۈتكە،
جۈپ كۆزلەردىن ئېقىپ كېتەر ياش.
گاھ بىمەھەل ساقىغان يۇلتۇز
بوسۇغىغا ياتار قويۇپ باش.

شۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ ھامان
ئاددىي نۆكەر ۋە ياكى سەردار.
دىلرەبا يا قامەتلىرى نار،
ھاتەم ياكى بېخىل، ستەمكار.

شۇ ئىشىكتىن كىرىدۇ بىر كۈن
خان، پەيغەمبەر ۋە ئاددىي بەندە.
ئاشۇ ئىشىك بوسۇغىسىدا
بولىدۇ تەڭ تاج بىلەن جەندە.

1996-يىل، فېۋرال

## بىر دەريا

جىم ياشىدى، جىمجىت ئاقتى ئۇ،
بۇ زېمىندا ئاجايىپ تىمتاس.
قۇملۇقلارغا سىڭىپ كەتتى ئۇ،
كۆۋەجەمەي، سالالماي قىقاس.

چاك-چاك بولۇپ تەسكەي ئېتىزنىڭ
قاغجىرىدى، يېرىلدى لېۋى.
ئۇسسۇزلۇقتىن تۆكۈپ يوپۇرماق،
رەيھانگۈلنىڭ يوقالدى ھىدى.

سىڭىپ كەتتى قۇملۇقتا دەريا
سىڭىپ كەتكەن كەبى كۆز يېشى.
يەر تېگىدە دولقۇنغا ئوخشاپ
ئاڭلىنىدۇ ئۇنىڭ تىۋشى.

1996-يىل فېۋرال

## تۈندىكى خىياللار

— ساۋاقداشلارغا بېغىشلاپ —

تۈن كېچىدە ئاسمان بېتىدە
چاراقلايدۇ تۈمەن يۇلتۇزلار.
ۋە بەزىدە ساقىپ قالىدۇ
قالدۇرۇپ ئۇ ئالتۇن رەڭ ئىزلار.

ئەمەسمىدۇق بىزمۇ بىر چاغلار
ئوتتۇز ئىككى دوست ۋە قەدىردان.
ئوتتۇز ئىككى يۇلتۇزى كۆكنىڭ،
يىگىت ۋە قىز ئىدۇق نەۋقىران.

ھۆسن تۈزگەن ئىدۇق قىزچاقلار
بويىغا يېتىپ گۈزەل، دىلرەبا.
بالاغەتكە يەتكەن يىگىتلەر
ئالتۇن بويلۇق قامەتلىك بەرنا.

پۈتتى ئوقۇش كەتكەندەك تېزىپ،
بالاپانلار ئۇچۇرما بولۇپ.
كەتتۇق ھەريان — يېزا-قىشلاققا،
ئاچتۇق قۇچاق ئارمانغا تولۇپ.

ئارزۇ، ھايات تەتۈر تاناسىپ،
كۆپ ئىشلارنى كەچۈردۇق باشتىن.
ئەسلىگەندە سانسىز كۈنلەرنى
تۇمانلىشار كۆزلەرمۇ ياشتىن.

كۆچتى كۆكتىن قانچە يۇلتۇزلار،
ئىز قالدۇرۇپ نۇرانە، يارقىن.
بولدى يۈرەك-پارە ۋە پارە،
كۆز ياشلىرىم ياسىدى ئېقىن.

ھايات ئۆتەڭ، يولۇچى ئىنسان،
ھەممىمىزنى چاقىرار زېمىن.
تېگىدىكەن ئەجەل يېمىشى
ھەممىمىزگە بالدۇر ۋە كېيىن.

ئاھ، رەھىمسىز يىللار ۋارىقى
ئوتتۇز تۆتنى ئالغاندا يىرتىپ.
ئوتتۇز ئىككى ساۋاقداش دوستقا
دىدارلاشماق بولماپتۇ نېسىپ.

«دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت»
ئىزدىشەيلى دوستلار يارانلار.
ئۆتۈپ يىللار داۋانلىرىدىن
بۇ ئالەمدە ھايات قالغانلار.

1996-يىل، مارت

**مۇساجان يۇنۇس**

# غەزەللەر

## 1

تاماشا ئەھلى زورلاپ كۈل، مېنىڭ سەۋدالىقىمدىن كۈل،
كۆزۈڭنىڭ ئالدىدا قىلغان دېۋەڭ تەرسالىقىمدىن كۈل.
جۇنۇن، ئاشىق ئۈچۈن لەززەت لاۋا-گۈلخاندا ئۆرتەنمەك،
ئەقىدەمگە سەبىلەرچە ئىجىل-ئاشنالىقىمدىن كۈل.
لېۋىمدە گەز، كۆزۈمدە نۇر، دىلىمدا كۈي، قېنىمدا ئوت،

گويا قۇملۇقسىمان دەھشەت، يامان تەشنالىقىمدىن كۆل.
يولۇمدا كۆپ تىكەن-توزاق، سېپىل-خەندەك، سېھىر-تىلسىم،
داۋانلاردا يېگانە-تاق، جەسۇر تەنھالىقىمدىن كۆل.
مېنى يەپ بولدى سانسىز كۆز، ئىزىمدىن ئۈندى كۆرمەك سۆز،
تۆھمەن پىتنە، ئۆسەكلەردە ھامان پەيدالىقىمدىن كۆل.
ماڭا كەلمەيدۇ غايىبتىن ساماۋى قۇت، توكۇر ئامەت،
ھالاللىقىقا، مالامەتكە يېقىن ھەمراھلىقىمدىن كۆل.
يورۇق بولغاي بەخت تېگى تۇغۇلغان بولسا زۇلمەتتىن،
بورانلارغا، جۇدۇنلارغا تولۇق شەيدالىقىمدىن كۆل.
كۆرەي مەيلى لەھەت، دوزاخ ئازابىنى تىرىكلىكتە،
غۇرۇر، ۋىجدانىغا بەخشەندە چاكار، ھەغدالىقىمدىن كۆل.
ئىمانىم-ئېتىقادىمغا جېنىم تۇرماق كۆلۈمۇ كۆل،
ئۈمىد-ئىستەك ۋىسالىغا دېڭىز-دەريالىقىمدىن كۆل.

2

ساڭا ئاشىقلىقىمغا يار ۋۇجۇد-جىسمىم، قېنىم شاھىد،
پىراق-ئىشقىڭدا ئۆرتەنگەن غۇبارسىز دىل، ئېڭىم شاھىد.
قارا تۈنلەردە ئاھ ئۇردۇم، سېنى باشلاش ئۈچۈن چۈشكە،
چۈشۈمگە قىلمىدىڭ پەتە، بىدارلىققا تېڭىم شاھىد.
بىغەم قۇشلار بىلەن سىرداش بولۇپ چىقتىم چىمەنلەردە،
يۈرەكتىن چاچرىدى ئاتەش، پىغانىمغا بىغىم شاھىد.
كېلەرمۇ دەپ سېنى بىردىن يولۇڭغا بەكمۇ تەلمۈردۈم،
تائام بولدى تەقەززالىق ئاڭا قاتقان نېنىم شاھىد.
جەزىرە، دەشت-باياۋاننى سەير ئەتتىم جۇنۇنلاردەك،
ۋىسال دەپ قۇتىرىدىم تۈرگۈن، چۇقانىمغا تېنىم شاھىد.
مۇساغا سەن ئۈچۈن چەككەن رىيازەتمۇ قەدىرلىكتۇر،
ھامان بىزنى تاپار نۇسرەت، ئەقىدەمگە قېنىم شاھىد.

3

ئەي نىگار باغرىمنى خۇن، ئىشقىمنى گۇمران ئەيلىدىڭ،
تاش بولۇپ يانچىپ مېنى، بىچارە-يۇمران ئەيلىدىڭ.

بىلمىدىم قانداقىسىگە ئالدىڭ مېنى ئىسكەنجىگە،
ھەممە ئەتراپىمغا خەندەك، تاغۇ قورغان ئەيلىدىڭ.
ھىيلە - نەيرەڭ زەنجىرىگە باغلىدىڭ مەھكەم مېنى،
قاپقىنىڭدا ئىڭرىسام، كۆلكەڭنى فونتان ئەيلىدىڭ.
ناتىۋان ساھىل كەبى چىقتىم باياۋانلار كېزىپ،
يوللىرىمدا مەن ئۈچۈن كۆلپەتنى سۇلتان ئەيلىدىڭ،
يايرىدىڭ جەننەتسىمان باغلاردا زەپ لەززەتلىنىپ،
بۇ جاھاننى شورلۇقۇڭغا خۇددى خۇمدان ئەيلىدىڭ.
چىن چىراغدەك غېرىبانە مەن ئاران پىلدىرلىدىم،
سەن ئۆزۈڭنى كۆكتە تۇرغان ماھى-چولپان ئەيلىدىڭ.

4

سەن غەنى چاغدا سېنى ئەسلەيدىغانلار بار ئاداش،
ھەر يېنىڭدا ئەركىلەپ پەسلەيدىغانلار بار ئاداش.
ئاقچا-تىللا، ئىمتىيازدىن ئايرىلىپ قالساڭ ئەگەر،
قىلچە ئەيمەنمەي سېنى دەسسەيدىغانلار بار ئاداش.
سەن رىيازەت دەشتىدە باقتىم پادا دەمسەن تېخى،
پاقلىنىڭنى بىئەجىر پەشلەيدىغانلار بار ئاداش.
كۆككە ئۇچساڭ زەر قاناتتا پاك ئەجىر-مېھنەت بىلەن،
پەيلىرىڭنى ھەردە كەسلەيدىغانلار بار ئاداش.
چىن ساداقەت سازلىقىدا تاش يۇدۇپ يۇرسەڭمۇ سەن،
قىممىتىڭنى پۇل قىلىپ خەجلەيدىغانلار بار ئاداش.
ھاجىتى چۈشكەندە مۇخلىس بوپ سېنى تەڭرى بىلىپ،
سەنمۇ چەككەندە ئەلەم ئەسنەيدىغانلار بار ئاداش.
ياخشىلارنىڭ بارلىقىدىن بار قۇياش كۆكتە ھامان،
رەزگىلەردىن ھەرقاچان چەتنەيدىغانلار بار ئاداش.

5

پىراق-ئىشقىڭدا، ئەي دىلدار، چىچەن ئەقلىم قاشاڭ بولدى،
جىمى شادلىقلىرىم بىردىن ۋاقىتسىزلا پاساڭ بولدى.
قىلاي قانداق، ئىكەن مۇشكۈل جانانىڭ ۋەسلىگە يەتمەك،

تاپالماي ھېچ ئامال-چارە قېتىپ بۇ باش گاراڭ بولدى.
تۇمان باستى كائىناتنى، جۇدا بولدۇم يورۇقلۇقتىن،
قارارگاھىمغا يەتمەستىن يولۇم ئازگال-كاتاڭ بولدى.
پەلەك تارتماي گۈزەل ئىستەك يولۇقتى جۇتقا-ئۇششۇككە،
ماڭا جىلمايغىنى مەغرۇر قاپاقسىز شاخ-باراڭ بولدى.
ئۇسال ھالىمنى كۆرگەنلەر ياقا چىشلەپ دېدى تووا،
پىقىر ھەققىدە ھەريەردە تۈمەن خىل گەپ-پاراڭ بولدى.
يۈرەككە ئىشق ئوقى تەگكەچ ۋۇجۇد گۈلخانغا ئايلاندى،
چۆلدە ئوت بالاسىنىڭ مۇسا مەجنۇن-ساراڭ بولدى.

## 6

پاھ، گۈزەل گۈلزاردا بىر گۈل ئۈز ئېچىلغانىدەك قىلۇر،
بىر كۆرۈپ شۇ گۈلنى دىلغا ئوت يېقىلغانىدەك قىلۇر.
شۇرۇردە قىپ ئېرىدى جان، قىزىدى تومۇردا قان،
ئەمدى تارتىشقا پىقىرغا دەرد تېپىلغانىدەك قىلۇر.
گۈلگە تەلمۈردۈم ھەۋەستە، گۈلگە باقتىم ئاھ ئۇرۇپ،
ھەر بېقىشتىن يۈرىكىمگە مىخ قېقىلغانىدەك قىلۇر.
گۈلنى ئۈزمەكنى ئىرادە ئەيلىدىم مەجنۇنسىمان،
بۇ ئىرادە پۈرستى كۆرگە سىپپىلغانىدەك قىلۇر.
گۈلنى دەپ كۆلپەت، رىيازەت دەشتىگە قىلدىم سەپەر،
(مەن ئۈچۈن ئىزگۈ ۋىسال چۆلگە چېچىلغانىدەك قىلۇر.)
نەچچە ئۆلدۈم ھەم تىرىلدىم بۇ ئىشق كوچاسىدا،
ئەمدى زۇلمەت باغرىدا چاقماق چېقىلغانىدەك قىلۇر.
پاك نىيەتتىن، ئېتىقادتىن ئېرىدى گۈلنىڭ دىلى،
ئاھ، مانا باغرىمغا گۈل ئوقتەك ئېتىلغانىدەك قىلۇر.

## 7

ئالدىراپ كەتمەڭ ئاداش، دائىمۇ سامانىدىن ئايرىلار،
ئۆلمىسە نۇرلۇق قۇياش چېھرى تۇمانىدىن ئايرىلار.
گاھىدا ھەسرەت تىغى كىرگەي يۈرەككە بەك تىرەن،
بولسىلا ئادەم تىمەن كۆزمۇ توپانىدىن ئايرىلار.

نە كېرەك زارلاش، ئېسەدەش باشقا كەلگەندە ئازاب،
قەد كېرىپ تۇرسا كىشى دىلمۇ يىغاندىن ئايرىلار.
كىم ئۆتتۈپتۇ بۇ جاھاندىن يىغلىماي دائىم كۈلۈپ،
ئاقچا-ئالتۇندىن بېخىل، ئاشىق جاناندىن ئايرىلار.
ساقلىيالمايدۇ ئەبەدكە نەۋقىرانلىقنى كىشى،
نى غەنىلەرمۇ ھامان زەرلىك چاپاندىن ئايرىلار.
شاھ، گاداي ھەم باي، مالايغا ئاخىرى كەلگەي قازا،
ياخشى ئىزدىن ئۆزگىسى پانىي جاھاندىن ئايرىلار.

## 8

جانان سېنىڭ مېھرىڭگە قانمايدىغان ئوخشايمەن،
ئوتتۇڭدا كۈل بولۇشتىن يانمايدىغان ئوخشايمەن.
لەيلى ئىكەن موماموۇ، مەجنۇن ئىكەن بوۋاموۇ،
شۇ مۇقەددەس ئۇدۇمدىن تانمايدىغان ئوخشايمەن.
سىڭىپ كەتتىڭ قېنىمغا، ئۇيۇپ كەتتىڭ جېنىمغا،
قارىچۇقۇڭدا قۇياش بوپ پارلايدىغان ئوخشايمەن.
تىڭشاپ كۆردۈم يۈرەكنى، دىلغا تاگدىم تىلەكنى،
خامىنىدا ئىستەكنىڭ دانلايدىغان ئوخشايمەن.
ئىزدەپ ۋىسال ساداقەت، مەيلى چەكسەم رىيازەت،
قازىنىدا ۋاپانىڭ قاينايدىغان ئوخشايمەن.
سەن بۇلاقسەن، مەن بىر چۆل، سەن بېلىقسەن، مەن بىر كۆل،
كوچىسىدا ھاياتنىڭ چانمايدىغان ئوخشايمەن.
بەختىم ساڭا كۆيگىنىم، ئېتىقاد قىپ سۆيگىنىم،
شارابىدا سۆيگۈنىڭ يايرايدىغان ئوخشايمەن.

## 9

بوۋىلاردىن، موملاردىن قالغان جاھان بۇ،
ھەر بىر دىلغا بىر سەۋدالىق سالغان جاھان بۇ.
گاھى ئىللىق، گاھى مۇزلۇق، گاھىدا جۇتلۇق،
جۇپ قولىغا ئوت بىلەن سۇ ئالغان جاھان بۇ.
يۈرەك لەختە، يۈرەك يالقۇن، يۈرەكلەر ئاتەش،

يۈرەكلەرنى چالغۇ قىلىپ چالغان جاھان بۇ.
بىر كىملەر گۈل، بىر كىملەر خەس، قىسمىتى ھەر خىل،
بىر كىمگە راست، بىر كىملەرگە يالغان جاھان بۇ.
كۆيگەنلەرگە ئىجىل ئامراق، كۆيمىگەنگە ئۆچ،
ئۆزى ئۈچۈن ئاشىقلارغا داستان جاھان بۇ.

ئابدۇرېھىم زۇنۇن

# سۆيگۈ يۈتەس، ئالەم قېرىغاس

## بىر سەبىينىڭ نالىسى

جان ئانا، كەتمىگىن خۇش بولاي،
سامادا كۆكلىگەن قۇش بولاي.
تۆنۈپ باش قويدۇم پۇتۇڭغا،
ئايرىما دادامدىن خۇش بولاي!
تاشلىما مەن جىگەر پارەڭنى،
ئاتامدىن ئۆزمە قەلب تارىڭنى!

ئۆتۈنەي مىڭ مەرتە، كەتمىگىن،
موماملار ئۆيىگە يەتمىگىن.
ئىرغىتىپ يېتىملىك چۆلىگە،
ئۆزگىگە مېنى قۇل ئەتمىگىن.
كىرپىكىم مارجانلار تۆكمىسۇن،
جان قوزاڭ دەردلەرگە چۆكمىسۇن.

بالىغا ئانا بىر گۆھەر ئۇ،
سېنىڭسىز بال يېسەم، زەھەر ئۇ،
بىگۇناھ مەسۇممەن، قىل رەھىم،
قۇلاق سال نالەمگە، كۆڭلۈم سۇ،
بول ماڭا بىر ئۆمۈر باشپاناھ،
تۈتمىسۇن ئۇۋالىم، ئەي ئانا.

يۈت ئاچچىق ئەلەمنى، ئەي ئانا،
بول ماڭا مەڭگۈگە رەھنامە،
ئۆتكەندۇر دادامدىن سەھۋەنلەر،
بىراق، مەن بىچارەڭ بىگۇناھ.
قاراپ قوي، ماڭا بىر قاراپ قوي،
خىسلەتتە ھەممىگە ياراپ قوي!

## قۇسۇر ۋە ئۇچۇر

ئۇ بۇنداقكەن، بۇ ئۇنداقكەن دەپ،
قۇياشتىنمۇ ئىزدەيمىز قۇسۇر.
قۇسۇر ئىزدەش بىلەن ھەلەك بىز،
ئۆتۈپ كېتەر پۇرسەت ۋە ئۇچۇر.

## ماڭا

سۆيگۈ دەپ چەكتۈرگىنىڭ ھىجران ماڭا،
يوق ۋىسال قۇچماقتا ھېچ ماكان ماڭا.
بىر گۈزەل ھۆسنىنى سەيرى ئەتتىم قاچان،
دەرد تېغى چۈشتى غۇلاپ شۇئان ماڭا.
قالدى قاقشال تەن، كېتىپ پەيكانغا جان.
بولدى ئەملەشكە كېرەك لوقمان ماڭا.
نە گۇناھ قىلدىم مۇھەببەت تەگرىسى؟

كۈندۈزۈڭ تۈن رەڭگىدە زىندان ماڭا.
يا يارا تمايسەن مېنى ئىشقسىز نادان،
يا بېرىپ قىلدىڭ خاتا ۋىجدان ماڭا.
قالمىدى مەن چۈشمىگەن دوزاخلىرىڭ،
بى نېسىپ بولدى ئەجەب غىلمان ماڭا.
رەھىم قىل بەندەڭگە، ئۈنچە قىينىما،
بەر دېدى، ئابدۇرېھىم جانان ماڭا!

## جانان

يۈرىكمنى رام قىلدىڭ قاچان،
گۈلخان بولدى ئارمىنىم شۇئان.
ئىشتياقنى يار قىلدىڭ ماڭا،
كۆۋەجىدى تومۇردىكى قان.
ۋەسلىڭ مەيسىز مەست قىلدى مېنى،
ئىكەكلەندى، چېچەك ئاتتى جان.
يۈرىكمدە ئويغاندى ھەۋەس،
تەرك ئەتتىم ئۇيقۇنى ھامان.
ۋۇجۇدۇمنى لەۋ قىلىپ سۆيدۇم،
ئىشقىم ئۇرۇق بولۇپ بەردى دان.
جاپايىڭ چىن راھەت سېزىلدى،
ۋىسالىڭدىن تاپقاندا دەرمان.
ساڭا تارتۇق جېنىم، ھەر دېمىم
ئىجاد ئاتلىق سۆيۈملۈك جانان!

## قىلدىڭ

بېرىپ غەيرەت-شىجائەتنى ئۇلۇغ ئارماننى يار قىلدىڭ،
ۋۇجۇدۇمنى ئاشۇ ئارمان ئۈچۈن كۆيگەن چاۋار قىلدىڭ.
ئەقىدەمنى قېتىپ ئىدراك-ئەقىلنىڭ مەپسى ئۆزرە،
ھاياتلىق ھۆكمى تەر-مېھنەت ئوچاقىدا يانار قىلدىڭ.
سەپەردە ھارمىدىم ئەسلا، چېكىپ كەلدىم ئىزىمغا گۈل،
قۇچۇپ نۇسرەت ھاياتىمدىن يېڭى بىر بەت ئاچار قىلدىڭ.
يۇتۇپ ئارمانغا تەڭ دەرمان مىسالى ئەيلىدىڭ سۇمۇرغ،
ئېگىز كۆكلەردە پەر قاقتىم قاناتنى مەندە بار قىلدىڭ.
بېشىغا قوندۇرۇپ ھۇما قۇشىنى ئەي گۈزەل ياشلىق،
بۇ ئابدۇرېھىم غۇرۇرىنى ھايات رىشتىگە تار قىلدىڭ.

## مۇپتىلا بولدۇم

يۈرەك بىتاپ، پەرى رۇخسار سەنەمگە مۇپتىلا بولدۇم،
كېچە-كۈندۈز پىراقىدا ئەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
جۇنۇن سەھراسىدا قاقتەك قۇرۇپ، جىسمىمدا نەم پۈتتى،
ئىكەكلەپ جاننى، ئوت-ئىشقى ھەشەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ئۇرۇپ قەھ-قەھ كۈلەلمەيمەن، يوقاتتىم كۈلكە-شادلىقنى،
يىراق ھۆكمدە بىھەد دەرد ۋە غەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ۋىسال جامىدا مەي ئوتلاش تەقەززاسى، تەمەسدە
پۈتۈپ مەكتۇپ ئاڭا ھەردەم قەلەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
جاھاندا كۆپ گۈزەل جانان، لېكىن كۆڭلۈمدە شۇ بىرى،
ئېتەي دەپ مېھرىنى مەلھەم قەسەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
يېتەلمەي قۇت ۋىسالىغا ئاتالدىم سۆيگۈ سەۋداسى،
كۆيۈك ھىجران تۈپەيلىدىن لەقەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
چېكىندى روھ، سۇغۇلدى جان، كۆيۈپ دوزاختا تىنماستىن،
لېكىن يالتايمىدىم قىلچە، دەرەمگە مۇپتىلا بولدۇم.
ۋىسال گۈلشەنى بۇ ئابدۇرېھىمغا بەك يىراق، ئەمما
ئۈمىدتىن كۆكلىگەن باغۇ ئېرەمگە مۇپتىلا بولدۇم.

ئۆمەرجان سىدىق (مسكن)

## قۈچىقلىق مۇھەببەت ئوچىقى گويا

### مۇھەررىر

قەغەزلەر شاھ بۇندا، قىسلغان شىرە،
ۋاقىتلار تەمتىرەپ ئۆتمەكتە تېز-تېز.
مۇھەررىر ئەجرىگە سالغانچە گىرە
ئەسەرلەر چېچىلىپ ياتىدۇ رەتسىز.

قەلەملەر يورغىلاپ ئاشالماس قىردىن،
ۋاراقلار تاشلىنىپ بارار تىنىمسىز.
كىمنىڭدۇر يۈتلى ئاڭلىنىپ بىردىن،
رۇجەكتە لىپپىدە كۆرۈنەر بىر قىز.

تۈپلەيىنىڭ ئۈنىدىن تىترەيدۇ بۆلۈم،
لىرىكا قونىدۇ تەھرىر ئالدىغا.
بەتلەردە سۆيگۈگە يول بېرەر ئۆلۈم،
چاڭقاق يول ئالمىشار گۈلشەن ۋادىغا.

ۋە لېكىن شۇ قىسقا تاۋۇش يىراقلاپ،
تىنىقلار سۈكۈتكە بولىدۇ مەھكۇم.
موخۇركا تۈتۈنى يۈزلەرنى ئوراپ،
كۈلدانىنىڭ بويىنى قاپلايدۇ گۇگۇم.

تۈيۇقسىز ئاستىلا ئىشىك چېكىلىپ،
بىر دەستە شېئىر ئېلىپ كىرەر ھەۋەسكار.
قارالماس تەھرىرگە بىر رەت تىك بېقىپ،
(كىرگەن ئۇ ئۆيىدا بولساق دەپ ئەسرار...)

يېڭى سان كېلىدۇ شادلىقنى يۈدۈپ،
شۇ ھامان جانلىنار بۇ تىمتاس ماكان.
تېزلىكتە ۋاراقلار تۈگەر ئۆرۈلۈپ،
ئەجرىنىڭ مېۋىسى قوزغاپ ھاياجان.

شۇنچە تېز ئۆتىدۇ كۈنلەر ئۇلىنىپ،
مېھنەتتە بۇ ئۆمۈر ئۆتەر تامچىلاپ.
تەھرىرىنىڭ قۇۋۋىتى خوراپ-بۆلىنىپ،
چىن ئەسەر ۋۇجۇدقا چىقار قانچىلاپ...

پەقەت شۇ خوشلۇقى ماختىسا قۇرداش،
سۆيەتلىك بوپتۇ دەپ قىلغان مېھنەتنى،
بەك ئېغىر يۈكنى ئۇ قىلغانچە ھاپاش،
يارىتىپ كېلىدۇ چەكسىز قىممەتنى.

ئۇ نامسىز، ئاتاقسىز تەر تۆكەر ھامان،
تەكىتلەپ يۈرمەيدۇ لېكىن مىننەتنى.
ئۇ يۈرەك بەرگىدىن تامچىلىتىپ قان،
يېتەكلەپ ماڭىدۇ نۇرغا مىللەتنى...

**ئانامغا**

باغرىڭدا يېتىلدىم ئەزىزىم ئانا،
قۇياشتەك مېھرىڭدە بولدۇم چىن ئىنسان.
قۇچىقىڭ مۇھەببەت ئوچىقى گويا،
تاۋلاندى ئەقىدەم سېھرىڭدە ھامان.

جاپالار دەستىدە يىقىلدىم كۆپ رەت،
تۇرمۇشنىڭ تەشۋىشى ئاققۇزدى جىق ياش.
ۋە لېكىن رىغبىتىڭ بېرىپ كۈچ-قۇدرەت،
ئالدىمدا ئىقبالدىن پارلىدى قۇياش.

ئۆگەتتىڭ سۆيۈشنى، گۈللەشنى يەرنى،
ئەجرىمدە دەۋرىمدە ئەزىزمەن بۈگۈن.
ئانىنىڭ مېھنىتى تاۋلاركەن ئەرنى،
ھاياتتىن ھەم شۇنداق چىقاردىم يەكۈن:

تەقدىرىنىڭ رەھىمسىز تىغى دەستىدە،
بەردەملىك نۇرىدا ياشىدىم ھامان.
ھەممىسى ئۆزگەردى ۋاقىت قەستىدە،
پەقەتلا ئۆزگەرمەي كەلدىڭ ئانجان!

**ئابدۇرېھىم مۇھەممەت**

# ســهــردىكى ســهرا

**ئانامغا...**

بوۋام يۈدكەن قىزىل قوناقتەك؛
ئېپ كەلگەندەك ساڭا كېلىنچەك؛
باھاردىكى قۇياشنى باشلاپ
مەن بارىمەن قېشىڭغا ئانا
ئارىمىزغا تاشلاپ كۈلۈشمەك.

تۇخۇم چىگىپ قويغان ياغلىقىڭ
كات ئىچىدە قالدى كونىراپ.
شەھەردىكى تونۇش قىزلارغا
گۈل تىكىلگەن رومال بۇيرۇتۇپ،
قويدۇم ساڭا-ساڭىلا ئاتاپ.

يۇلتۇز گۈللۈك چىت كۆڭلىكىڭنى
كىيىپ چىققىن ئالدىمغا ئانا.
بولغۇم كېلەر تەنتەك ئۇمبىلىك،
قانغۇم كېلەر مېھرىڭگە پۈتۈن،
بىرقەدەمدە مىڭ قاراپ ساڭا.

قوي، ئۇ لەگمەن، پولۇ دېگەننى،
چوغ تارتىلغان قىزىق ئوچاقتا
قوناق چېچىپ قىزارغان قوماچ
چىشلىرىمغا يوللار سېغىنىش
قار چۆمكىگەن زومچەك قىشلاقتا.

باقالمايمەن بۇ يەردە كەپتەر،
ئېغىللىرىم قالغان يىراقتا.
تۆگىلۆكمۇ يوق تورغاي كۆرۈنگەن،
شەھەردىكى گىچماچ شاۋقۇندىن
ئاغرىق كىرەر ھەردەم قۇلاققا.

ئۆزۈك تىككەن قۇراق شىرداقتەك،
ھويلاڭدىكى ئۈزۈم سايىسى.
ياغاچ چۆمۈچ، كۆيۈك تۇۋاقلار،
پىننە لەيلەپ تۇرغان چۆچۈرە
سېغىنغاندۇ مېنى ھەممىسى.

## سەن ئۈچۈن...

ئۈپۈق بولغۇم كېلەر تاڭلاردا
كۆكسۈڭسىمان قۇياشنى چىللاپ.
بىلىكىڭدەك جۈپ-جۈپ سۈزۈك نۇر
ئۆتسە دەيمەن يۇمشاق باغاشلاپ.

باھاردىكى چاقچاقچى بوران
ئېلىپ قاچقان ياغلىرىڭ دەپ.
ئاق يامغۇرسىز سالتاڭ بۇلۇتقا
بەرسەم دەيمەن مېھرىمنى سۆزلەپ.

ئۈپۈق بولغۇم كېلەر تاڭلاردا
ئۆرلىگەندە يۇمران ھىلال ئاي.
چاچ تارىغان چېغىڭدا بولسام
تاغاقلىرىڭ چۈشۈپ قالغان جاي.

## سەھەردىكى سەھرا

1

سۈبھىدىكى تۇمانلىق سەھرا
تەكشى ئەمەس تېخى ئالاڭغۇ.
بۇلۇڭلاردا قالغان ئۇنتۇلۇپ،
پەرىشتىنىڭ كۆلەڭگىسىدەك
نۇردىن قاچقان نېپىز قاراڭغۇ.

ئۈپۈقتىكى قىزىل گۈلدۈرمە
باغ-باغلارغا تۆكۈلۈپ كەتكەن.
قولۋاقسىمان پاكار ئۆيلەردىن
ئىس كۆتۈرگەن چۇۋۇق تۇرخۇنلار
سىلكىپ بارار مۇلايىم يەلكەن.

تاشپاقىدەك توپ-توپ بۇلۇتلار
يۇت سوزۇشقان تەشنە شەپەقتىن.
بۇ تەسۋىردىن قالسەن ئاڭلاپ
ياۋا دېگىز ھەققىدە قىسسە
شائىر دېگەن ساماۋى خەقتىن.

2

گىلاس چىگىپ قويغان شاخلارغا
يوپۇرماقتىن ئاداققى شەبنەم.

كۆل چايقىلار قىزىل دولقۇنلۇق،
سەزگۈلەرگە پۈتەر رىۋايەت
تاڭ بەھرىگە چىلانغان كۆكلەم.

دانە تۆككەن يېرىق ئاناردەك
جىلغىلاردا قىزارغان پادا.
ئولتۇرىدۇ غوزا شەكىللىك
ئاق دوپپىسى ئاپئاق چېچەكلەپ،
دۆڭ ئۈستىدە پادىچى بالا.

## بىر كۈپلېتلىق لىرىكىلار

1

قارلىق دالام چېچەكسەن ئۆرۈكلەردىن تۆكۈلگەن،
قونۇپ يۈرەر بەرگىگە شەپەق دېگەن كېپىنەك.
ئۇخلاپ قالغان يېشىللىق يوپۇرماقسىز باھار بۇ،
مەش ئالدىغا كۆچۈشكەن گۈللەر ئارا كۈلۈشمەك.

2

قار قاپلىغان بۇ يۇرتنى ئېمىپ ياتار يۇلتۇزلار،
قارلىق كۈجۈم باغلاردىن تۆرەلمەكتە سانسىز ئاي.
يىرتىق بۇلۇت ئەمەسمۇ ئۇششاق-ئۇششاق ئۆگزىلەر،
ئاسمان دېسەك ئاسماننى بەرگەن يەنە مۇشۇ جاي.

ئابدۇقادىر ھەسەن

# ئاقسۇ دەرياسى

دولقۇنلاپ ئۇزاقتىن ئېقىپ كېلسەن،
ئاقسۇنى نامىڭغا قېتىپ كېلسەن.

پەرىشتە بېغىغا قويغاندەك قەدەم،
خۇمارلىق كۆزۈڭدە بېقىپ كېلسەن.

ئەۋجىگە چىقىرىپ كۈيلەردىن كۈيلەر،
ئويناقشىپ، شاۋقۇنلار سېلىپ كېلسەن.
كۆلدۈرۈپ زېمىننى سەبىي بوۋاقتەك،
ھاياتقا رەڭ بەخش ئېتىپ كېلسەن.

ئېقىنىڭ زەر ئالتۇن، ئېقىنىڭ جەۋھەر،
تۇپراقنىڭ قوينىغا سىڭىپ كېلسەن.

ئوخشايسەن ئەجەبمۇ سامان يولىغا،
باغرىڭغا جەننەتلەر تېڭىپ كېلسەن.

سەن بولغاچ كۈلكە بار، سەن بولغاچ جىلۋە،
قۇياشقا يوللانما ئېلىپ كېلسەن.

**غوجا مۇھەممەت قابىز**

# كەچكىچە

مەھەللەڭنى ئەگىپ كەچكىچە،
ھاۋىسىدا سەگىپ كەچكىچە.
كۈتتۈم يېنىپ قالار بەلكىم دەپ،
ۋىسالدىن نۇر چىراغ كەچكىچە.

تۇرغان جايىم شۇ دوقمۇش بولدى،
كۆرۈنمىدىڭ، كىمدۇر خۇش بولدى.
ئەقىدەڭدىن قىلمىدىم گۇمان،
كەلمىسەڭمۇ بىراق، كەچكىچە.

بەزىلىرى يولنى توراشتى،
مەجنۇنمۇ سەن، دەپمۇ سوراشتى.
كىرىپ كېتەي دېسەم يەر قاتتىق،
بولدى ئاسمان يىراق، كەچكىچە.

بىر كۈن گويا ئەسىر تۇيۇلدى،
ھويلاڭ ئېگىز قەسىر تۇيۇلدى.
كۆزۈم يەتمەي سايەڭگە، ئەپسۇس،
ئەزدى دىلنى پىراق، كەچكىچە.

كۈتتۈم سېنى تاقەت يەتكۈچە،
كۆزلىرىمنىڭ نۇرى كەتكۈچە.
سەن ئۆيۈڭدە بىغەم، بىخەۋەر.
مەندە تەگسىز سوراق كەچكىچە.



ئابدۇراخمان مامۇت دىيار

# پەرىدە

(ھېكايە)

مىنى پەرىدەنىڭ مودا كىيىم ئارتىسلىرىدەك ئۆلچەملىك سۇمباتىغا، ناھايىتى ئاز ساندىكى بەختلىك قىزلارغىلا نېسىپ بولىدىغان ئالتۇن رەڭلىك، بىلەكتەك توم ئۇزۇن چېچىغا، قالغاچ قانىتىدەك قايقارا قېشىغا، قاش تېشىدەك سۇپسۇزۇك، توغاچتەك قىپقىزىل مەڭزىگە، ئوخچۇپ تۇرغان بۇلاقتەك كۆزلىرىگە، شاپتۇل چېچىكىدەك ھال رەڭلىك نېپىز لەۋلىرىگە، بالدەك تاتلىق سۆزلىرىگە قىزىقىۋاتىدۇ، دەۋاتامسىز؟ ئەمەلىيەتتە قىزىقىۋاتقانلىرىم ئىچىدە بۇلارلا ئەمەس. بەلكى، ئۇنى بۇ ئېگىز تاغدىكى چەت مەكتەپكە قانداق شامالنىڭ ئۇچۇرۇپ كەلگەنلىكىمۇ بار ئىدى...

تانسا دېگەن نەرسىمۇ بولىدىكەن. تانسا ئويناۋېتىپ، كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ ئىسىم-شەرىپى، يۇرت-ماكانىنى بىلىۋالىدىكەن. تۇغقانلىرىنىمۇ تېپىۋالىدىكەن. بەختى ئوڭدىن كەلگەن يىگىت-قىزلار ۋە بويتاقلار قوشماق مېغىز بولۇشۇۋالىدىكەن. ئەپسۇس، قىزلاردىن ھەدېگەندىلا، ئىسمىڭىز نېمە، دەپ سوراپ كەتسە، تولۇمدىن توقماق چىققاندەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. گەپ سوراشقىمۇ شارائىت تاللاش كېرەك.

ئۇنىئالغۇدىكى ناخشا «سىم-سىم يامغۇر» دىن باشلاندى. شارائىت دېگەن مانا شۇ، بۇ ناخشا ئېغىر بېسىق ھەم لەرزان. ياخشى بولغىنى ساھىبخان ئابدۇخېلىل بۇ تۆت نەپەر خانىم-قىزنى تونۇشتۇرۇپ بولغان. بۇ قىزلار ئۆيگە كىرگەندە يۈز ۋاتلىق لامپۇچكا مىڭ ۋاتقا ئۆزگەرگەندەك، ئۆي نۇر ئىلكىگە كۆمۈلۈپ، تومۇزدىكى قۇياشنىڭ ھارارىتىگە چۆمۈلگەنىدى. ئەگەر خوتۇن-قىزلار بولمىغان بولسا، قۇياش ئاسمانغا چىققىلى ئۇنىماي، ئالەم تۈن قاراڭغۇلۇقىغا پېتىپ، ھاياتلىق تاش-تۈپراققا ئايلىنىپ كەتكەن بولاتتىمىكى. مانا شۇ تۆت قىز كىرىش بىلەن تەڭلا نىمجانلار ئابىھايات ئىچىپ، ئورنىدىن دەس تۇرغاندەك، سورۇنمۇ باشقىچىلا جانلىنىپ كەتتى.

— پەرىدە، — دېدىم مەن، — بېھىشتەك باغلىرى بىلەن داڭق چىقارغان ئورمان مەيدانىدىن بۇ يەرگە قاچان كەلدىڭىز؟

— ئىيۇندا.

— كۆنۈپ قالدىڭىزمۇ؟

— ئۆزۈم خالاپ، تاللاپ كەلگەندىكىن كۆندۇم.

— ئېمىسنى ياقتۇرۇپ قالدىڭىز؟
— بۇ يەر ئېگىز ھەم سالقىن.
— يۇرتىڭىز يىلنىجاپ تۇرغان چوغ ئوخشىمامدۇ؟
— ...

پەرىدە بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن سىھرىلىك نۇر ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ شۇنداق ئوماق تەبەسسۇم قىلدىكى، سۆزلەر دۇنياسىدىن ئۇنى ئىپادىلەيدىغان پاساھەتلىك سۆزلەرنى تاپالمىدىم. ئۇ بېشىنى سىڭايان قىلىپ ۋىلىققىدە كۆلگىنىدە بېشى مۇرەمگە تېگىپ كەتتى. قەدەملىرىمىز سىم-سىم يامغۇردەك يەڭگىل يۆتكىلىپ، بەدەنلىرىمىز تىنىق كۆلدىكى يەلكەندەك قىمىرلاۋاتىدۇ. سۆزلىرىمىزمۇ سايدىكى بۇلاق سۇلىرىدەك راۋان. يەنە سورايدىغانلىرىم بار. ئۇ بولسىمۇ تەربىيە كۆرگەن ئادىملەرگە مۇناسىپ بولمىغان قانچە ياشقا كىردىڭىز؟ دېگەن سوئال. نوپۇس بېجىرگۈچى ياكى توي خېتى كەسكۈچىلەرغۇ بۇنداق سوئاللارنى سوراۋېرىدۇ.

بۇ ئوڭايسىزلىقنى پەرىدە ئۆزى ھەل قىلدى.

— ئون يىل ئوقۇدۇم. تۆت يىل تەرجىمانلىق قىلدىم. ئىككى يىل ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەكتىپىدە بىلىم ئاشۇردۇم...

ئۇنىڭ جاۋابىدىن كۆڭلۈمدىكى يىگىرمە بەشلەرگە كىرگەندۇ؟ دېگەن مۆلچەرىم ئىسپاتلاندى.

— قانچە يىل ئىشلەيسىز؟
— ئون بەش يىل.
— راست دەۋاتامسىز؟

— راست بولمايچۇ؟

زېمىندىكى سىم-سىم يامغۇرنى شامال قوغلاپ كەتكەندەك ئۇن ئالغۇدىكى «سىم-سىم يامغۇر» مۇ ئاياغلىشىپ قالدى. سۆھبەتنىڭ ئاساسىي ۋاقتىسىغا ئەمدىلا ئۆتكەندۇق. پەرىدە ئەۋرىشىم بېلىنى مەجنۇن تالدەك ئېگىپ رەھمەت ئېيتىپ، ئورنىغا ئولتۇردى.

لېنتا يەڭگۈشلەنگەندە باشلانغىنى «تەكىنىڭ ئاستىدا» دېگەن ناخشا بولدى. پەرىدە بىلەن «تەكىنىڭ ئاستىدا» نىقابلىنىپ، سۆھبىتىمىزنى ئۇلىۋالدۇق.

— مەكتەپتە قانچە ئوقۇتقۇچى بار؟
— تۆت قىز، ئىككى ئوغۇل، ئوغۇلنىڭ بىرى بىلىم ئاشۇرۇشقا كەتتى.
— قىز، ئوغۇللارنىڭ سانى تەڭلەشمەپتۇ-دە، ئەپسۇس.
— بۇ يەردىغۇ تۆت قىزغا بىر ئوغۇل بار. ئاقبۇلاق مەكتەپتە ئون تۆت قىزغا بىرلا ئوغۇل.
— شۇنداقمۇ تېخى، ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەكچۈكلىقى ئەكسىگە قاراپ مېڭىپتۇ-دە؟
— سىز قانداق بىلىسىز؟
— ئوقۇتقۇچىلىق تارىخىمنىڭ بىرىنچى قەدىمى بوزدۆك يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن باشلانغان. ئۇ چاغلاردا موزات دەرياسىدىن لايىسىز دەرياسىغىچە بولغان 300 كىلومېترلىق ئۇزۇنلۇقتىكى تاغ رايونىنىڭ مەركىزىدە بىرلا ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىدى.
— ئۇ چاغلاردا قاتناش قولايسىز بولغىيتتى؟
— تاغ-جىلغىلار ئارىسىدىكى چىغىر

يوللاردا ئات-ئېشەكلەر قىستىلىشىپ ئاران ماڭاتتى.

— ئۇنداقتا تاغ ئارىسىدىكى چارۋىچىلار مەھەللىسىگە قانداقمۇ بېرىپ بولغان بولغىيتىڭىز؟

— ئېشەك مىنىپ.

— نەسىردىن ئەپەندىمنى دوراپ-تىكە نىسىز-دە؟

— توغرا دېدىڭىز، مەكتەپتە ئېشەك بىر، مىنىدىغانلار كۆپ بولغاچقا، ئېشەكمۇ نەسىردىن ئەپەندىنىڭ ئېشىكىدەك ئورۇق ئەمما چىرايلىق ئىدى. بىر قېتىم ماڭغان يولنى ئۇنتۇپ قالمايدىغان ئەقىللىك جانىۋار ئىدى.

پەرىدە كۈلۈۋەتتى. مەنمۇ سۆھبەتنى «بۇزۇلغان ئەگپۇگلۇق» قا يۆتكىدىم.

— ئۇ چاغلاردا قىز ئوقۇغۇچىلار بەك ئاز بولغاچقا، ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار بىرەر قىز ئوقۇغۇچىنى كۆرسە، ئېچىرقاپ قالغان بۆرىلەردەك لېۋىنى يالاپ تەلمۈرىشەتتى، بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئاغزىدا دېمىگەن بىلەن ئىچىدە خىرىس قىلىشاتتى...

توكنىڭ ھەسسەتخورلۇقى ئوتقاندەك لامپۇچكا لاپ قىلىپ ئۆچتى. پەرىدەنىڭ بېشىنى ئەدەپ بىلەن ئەگكىنىنى كۆرەل-مىسەممۇ «رەھمەت» دېگەن ئەدەپلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئورنۇمدا ئولتۇردۇم. ھايال ئۆتمەي توك كەلدى. داستىخانلىرى مول نېمەتلەرگە تولغان سورۇن يەنە جانلاندى. پەرىدە دوستلىرى بىلەن بىللە «ئالتۇن تارتايمۇ، يامبۇ تارتايمۇ؟» دېگەن ناخشىلىق مۇزىكىغا مىللىيلاشقان تولغىما ئۇسسۇلنىڭ ياشلارچە شوخ پەدى-سىدە راسا كېلىشتۇرۇپ، ئوينىدى. «ئوماق قىز» ناخشىسى باشلاندى. ئالدىمدا ھۆسنىدە ئوماقلىق بالقىپ تۇرغان پەرىدە.

— پەرىدە، بايا بىر سۆزۈم جاۋابسىز قالغاندەك قىلدۇ.

— قايسى سۆز؟

— ئاقبۇلاق مەكتەپتىكى ئون تۆت قىزنىڭ خىزمىتى، ئىرادىسى، ئارزۇ-تەلەپلە-رى؟ — نېمىلەرنى دەۋاتىمەن، مەن بۇ يەرگە مائارىپ مۇپەتتىشلىكى خىزمىتىگە كەلمىگەندىكىن، خىزمەتتى قويۇپ تۇراي-ھە.

— ئون تۆت قىز باھار يامغۇرى يۇمران كۆچەتلەرگە مېۋە ئاتا قىلغاندەك چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ قەلبىگە سىڭىپ، بىلىم مەشئىلى بولۇپ ياندى. بۇ ئۆچمەس تۆھپىلەر تاغلىقلارغا ئايان. كەلگۈسى ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ تېپىڭ؟

— قىزلارنىڭ تەلەپلىرىنى ئاڭلىغاندەك قىلىمەن.

— ئاڭلىغانلىرىڭىزنى دەپ بېقىڭا؟

— مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئاقبۇلاق مەكتەپنىڭ خىزمەتلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ، خۇلاسە قىلغاندا مۇنداق دەپتۇ: «يارايسىلەر قىزلار، ئىرادەڭلەرگە قايىل-مەن، مەكتەپ يېشىدىكى بالىلاردىن ئوقۇشسىز قالغانلىرى يوق ئىكەن. توققۇز يىللىق مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى ھەققىي ئىزچىللاشتۇرۇلۇپتۇ. تەشكىل سىلەردىن رازى. تاغلىقلار سىلەردەك كەسپىنى قىزغىن سۆيىدىغان قىزلارغا مۇھتاج.» باشلىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن بىر قىز:

«باشلىق، بىز سىزنىڭ دېگەنلىرىڭىزدەك تىرىشىپ، قېيىنچىلىقنى يېڭىپ ئىشلەيمىز. بۇ بىزدىكى ئورتاق ئىرادە. لېكىن بىز يېڭەلمەيۋاتقان، بىر قېيىنچىلىق بار. ھاياسىزكەن دېسىڭىزمۇ دەۋېرەي، يىگىرمە بەشكە كىرىپ قالدۇق. بويتاق ياشاۋاتىمىز. قىزلارمۇ ئائىلە قۇرۇشقا، ئەۋلاد قالدۇرۇشقا مۇھتاج. ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى قوشماق ئۆردەكلەرگە، گۈلزارلىقتىكى جۈپ كېپىنەكلەرگە قاراپ بېقىڭ. تاغدىكى چارۋىچى يىگىتلەرگە ئۆز ئىشىغا ماسلىشىپ، يايلاق--قىشلاقلاردا بىرگە بولالايدىغان چوپان قىزلار كېرەك. شۇڭا، ئۇلار مۇئەللىمە قىزلارغا تەلەپ قويمايدۇ» دەپتۇ. باشلىق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تەرلەپ كېتىپتۇ-دە: «توغرا، بۇ نازۇك تەلەپنى ئورۇنلاش كېرەك، ھەل قىلىش قېيىن بولسىمۇ ئويلاش كېرەك. بۇ ئەقەللىي فىزىئولوگىيىلىك تەلەپ، ئىجتىمائىي مەسىلە،» دەپتۇ.

— خاتاسىز ئاڭلاپسىز، قۇلىقىڭىز بەك ئۇزۇن ئىكەن، — دېدى پەرىدە ئېغىر تىنىپ.

— بىچارە قىزلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئېھتىياجى ھەل بولۇشتىن يىراقتا، — دېدىم يۈرىكىم ئېچىشىپ.

— شۇنداق، — دېدى پەرىدە پەس ئاۋازدا، لېكىن ئۇنىڭ ئۇزۇنچاق يۈزى سەھەردە قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئۇپۇقتەك قىزىرىپ كەتتى. ئاندىن، — مۇلازىمەت ئورۇنلىرى بولمىغان بۇ يۇرتقا ۋە ئادەملىرىگە بەك قىزىقىدىكەنسىز، — دېدى.

— راست، بۇ يەردە ماددىي ۋە مەنىۋىي ھاياتقا يار-يۆلەك بولىدىغان كىنوخانا، تىياتىرخانا، كۇتۇپخانىلار بۇياقتا تۇرسۇن، ئەدناسى كىچىكرەك ئاشخانىلارمۇ يوق. لېكىن ساددا، سەبىي باللاردەك تاغلىقلارنىڭ سورۇنلىرى چىراغلىرى گۈلۈبۇستەك پىرقىراپ، ئالا-بۇلماچ نۇر چېقىرىپ، ئاق كۆڭلەكلەرنى ھاۋارەڭ كۆرسىتىدىغان، ناخشا-مۇزىكىلار ياڭراپ تۇرىدىغان، ئەتىر پۇراقلىرى دىماغلارنى غىدىقلايدىغان رېستورانلاردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ھۇزۇر بېرىدۇ. تومۇچۇقلار ئالتۇن قەپەستىكى گۈلدار دانچۇقتىكى سىلىق تېرىقلارنى چوقۇشتىن كۆرە، يانتاق، چاتقال، يۇلغۇنلار ئارىسىدا دانلاشنى ياخشى كۆرگەندەك مەن ھەشەمەتلىك سورۇنلاردىن مۇشۇنداق سورۇنلارنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ يۇرتقا بولغان مۇھەببىتىم چوڭقۇر. خىزمەت تارىخىمنىڭ بىرىنچى قەدىمى مۇشۇ ئاق كۆڭۈل «چورۇقباي»لار يۇرتىدىن باشلانغان. ئەجرىمنىڭ تۇنجى تامچە تەرى ئاق يېغىنلىرى بىلەن بوز تۇپراقلىرىغا سىڭگەن...

— ئەمىسە، يىلتىز تارتىپ قالالماپتىكەنسىز؟

— دېيىشمىغۇ، قىزلار ئاز، ئوغۇللار كۆپ ئىدى. ئاز قىزلارغا نېسىپ بولغان ئوغۇللار يىلتىز تارتىپ قېلىشتى. قىزلار يېتىشمىگەنلەر، يېتىشسىمۇ رىزقى چېتىلمىغانلار بوۋاي يىگىت بولۇپ قالمايلى دەپ كېتىشتى.

— شۇ چاغدىكى ياشلىقىڭىز ئەمدى بولسىچۇ؟

— كەتمەيتتىم.

— نېمىشقا؟

— سىز ئۇن بەش يىل ئىشلەيمەن، دېدىڭىز ئەمەسمۇ؟

— ئاتا-ئانىلىرىمىزمۇ خۇددى بىزدەك بەك ئىلگىرى-كېيىن تۇغۇلۇپ قالغان-دە، ئەپسۇس.

— پەرىدە، چەت-ياقا جايلاردىكى قىزلارنىڭ نازۇك، قىممەتلىك تەلەپلىرىنىڭ ھەل بولۇشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان توساق نامراتلىق. نىكاھ قانۇنىدا ياشلارغا سۆيگۈنىنى خالىغان جايدىن تاللاپ توي قىلىشقا روخسەت قىلىنغان بىلەن، نامراتلىق سەۋەبىدىن ياخشىلىنالمايۋاتقان شارائىت قانۇنىنىڭ ئىجراسىنى كاپالەتكە ئىگە قىلالمايدۇ. ئەپسۇس، بايلىق ئۆزىمىزدە تۇرۇپمۇ شارائىتنى ياخشىلاشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. ئورنىمىز نامراتلار قاتارىدا تۇرىۋەرسە، گۈزەل ئارزۇ-ئارمانلار تاغنىڭ كەينىدە قاپتالدا قىلىۋەرسە بولامدۇ، — دېگىنىمدە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ھاياجان، قايغۇ-ھەسرەتلىرىنىڭ ئوت-ئۇچقۇنلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلغاندەك بولدى.

— دادام بىر ئاددىي خىزمەتچى، — دېدى پەرىدە، — ئۇنىڭ ئۈستىگە ھوقۇق بىلەن پۇل ياغ بىلەن گۆشتەك بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ ئىككىسىدىن مەھرۇم ئادەملەر بېشىنى كۆتەرسە مىخقا ئۇسۇۋالىدۇ. تۈز يولدا ماڭسىمۇ پۇتىغا تىكەن سانچىلىدۇ.

— قانداقلا بولمىسۇن، بەخت ئۈمىدۋار دوستلىرىنى تاشلىۋەتمەيدۇ.

پەرىدەنىڭ تەبەسسۇمىدە تومۇزنىڭ چىڭقى چۈش مەزگىلىدىكى قۇياشنىڭ ئاپتىپى چاقنىغاندەك بولدى.

تۈن يېرىمىدىن ئۆتكەندە ساھىبخانىغا رەھمەت، دېدۇق. قىزلارنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقتۇق. كۆمۈشتەك سۈزۈك ئاسماندىكى تولۇن ئاينىڭ نۇرى بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى ئاپئاق قارنىڭ ئۈستىدە جىلۋە قىلاتتى. پەستىكى دەريانىڭ شاۋقۇنلىرى مۇز ئاستىدىن رىتىملىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

كۆزۈمدىن ئۇيقۇ قاچقانىدى. ھەمراھلىرىمدىن بەزىلىرى ياستۇققا باش قويۇپلا خورەككە چۈشتى. بەزىلىرى جۆيلۈشكە باشلىدى.

كاللامغا كىرىۋالغىنى پەرىدە، مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە سۆزلىشىۋاتىمەن. تاغ كەينىدىكى پەرىلەرنى كۆرمەيۋاتقان، چۈشەنمەي يۈرگەن يىگىتلەرگە كايىۋاتىمەن. «ئالتۇن ياتىدۇ سايدا، تونۇيالمىساڭ نېمە پايدا» دېگەن شۇمۇ ئەمدى دەۋاتىمەن. ئالىي مەلۇماتلىق تەربىيە ئالغان پەرىدە ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى يازدا يامغۇرغا چىلىنىپ، قىشتا قار كېچىپ يۈرىدىغان زېمىن بايلىقئاتىدىكى پاك سەبىيلەرنىڭ بەختىگە بېغىشلاپتۇ. ئەركەكلىرىمىزگىمۇ پەرىدەنىڭ مۇشۇ ئىرادىسىدىن نېسىپ بولغان بولسا، ئۇ ئەسىر بۇرۇنقى ئەجدادلىرىمىزدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، مۇتەپەككۇرلاردەك ئۇلۇغ ئىنسانلار يېتىشىپ چىققان بولاتتى... نېمە بولدۇم ئەمدى، خۇددى سىياسەتۋازلاردەك ۋەزخورلۇق قىلغىلى تۇردۇم. بۇ ۋەزلەرنى كىم ئاڭلايدۇ؟ ئۆزۈم ئاڭلاۋاتىمەن. خورەك تارتىپ جۆيلۈۋاتقان مەستلەرنىڭ ئويغاق ھالەتتىمۇ ئاڭلايدىغىنى، قۇلىقىغا خۇش ياقىدىغىنى رومكىلارنىڭ سوقۇشتۇرۇلغان ئاۋازى. ئۇلار قولىدىن كەتكەن بەختنى رومكىدىن ئىزلىشىدۇ. مەستلىكتە بېشى پىرقىراپ

(ئاخىرى 114-بەتتە)

ئابلىمىت قۇربان ساباھى

# يۇلتۇزۇمنى تاپىمەن

## كۆك ئاسمان

كۆپكۆك ئاسمان، كۆك ئاسمان،
ئورمانزاردەك بوك ئاسمان.
سوئال قوياي بىر-بىرلەپ،
سىرلىرىڭنى تۆك ئاسمان:

كۆرۈنسەن زەڭگەردەك،
دېڭىزمۇ سەن، كۆلمۇ سەن؟
بارمۇ بوستان باغلىرىڭ،
يا گىياھسىز چۆلمۇ سەن؟

يېڭى چىققان ھىلال ئاي
سېنىڭ ئەگىم قېشىڭمۇ؟
چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار
گۆھەر، ياقۇت تېشىڭمۇ؟

ئۆزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇت
ئوتلاۋاتقان پاداڭمۇ؟
كۈن بىلەن ئاي سېنىڭكى
ئوغۇل-قىزىڭ — بالاڭمۇ؟

سۇرلۇك قارا بۇلۇتلار
بۇدۇر-بۇدۇر چېچىڭمۇ؟
يامغۇر بولۇپ چۈشكىنى
مۇنچاق-مۇنچاق يېشىڭمۇ؟

توگۈلساڭ، ئوت قالاي دەپ،
چاقمىقىڭنى چاقامسەن؟
تاماكىغا دادامدەك
يا سەنمۇ ئوت ياقامسەن؟

رەڭگا رەڭ ھەسەن-ھۈسەن
بېشىڭدىكى لىچەكمۇ؟
قىشتا ياغقان ئاپئاق قار
بېغىڭدىكى چېچەكمۇ؟



سەندىن جاۋاب كۈتمەن
سوئاللارغا، كۆك ئاسمان.
قىلماي مېنى تەقەززا،
سىرلىرىڭنى تۆك ئاسمان!

## يۇلتۇزۇمنى تاپمەن

كۆكتە لەيلەپ تولۇنئاي
قولۋاق كەبى ئاققاندا،
چىمىرلىشىپ يۇلتۇزلار
ئاپئاق نۇرلار چاچقاندا؛

ئاڭا قاراپ چوڭ ئانام،
سۆزلەپ مۇنداق رىۋايەت؛
ئويغا سالدى مېنى ئۇ،
ھەيران قىلىپ كارامەت:

ھەر ئادەمنىڭ ئاسماندا
بىر يۇلتۇزى بار ئىمىش.
شۇ يۇلتۇزدىن ئىنسانغا
ھەر خىل قىسمەت يار ئىمىش.

ياخشىلارنىڭ يۇلتۇزى
بەكمۇ نۇرلۇق بولارمىش.
يامانلارنىڭ ئەكسىچە
خۇنۇك-خىرە تۇرارمىش.

چۈشسە ئېقىپ بىر يۇلتۇز،
ئىگىسى تەڭ كۆچەرمىش.
(رىزقى تۈگەپ ئالەمدە،)
ھايات شامى ئۆچەرمىش...

دېدىم شۇئان: چوڭ ئانا،
قايسى يۇلتۇز سېنىڭكى؟
كۆرسىتىپ قوي، نۇرلۇقمۇ
يا خۇنۇكمۇ، مېنىڭكى؟

سوئالىمغا چوڭ ئانام
قالدى جاۋاب بېرەلمەي.
يۇلتۇزلاردىن بىرەرنى
سېنىڭ-مېنىڭ دېيەلمەي.

دېدىم كۈلۈپ ئۇنىڭغا:
خىجىل بولما، چوڭ ئانا.
تاپالمىدىم جاۋاب دەپ،
غەمگە تولما، چوڭ ئانا.

پەندىن ياساپ پەر-قانات،
ئاسمانغا يول ئاچمەن.
كۆك قەھرىنى ئارىلاپ،
يۇلتۇزۇمنى تاپمەن!

## ئۇتۇق بەرمەس نېمشقا؟

قۇياش ھېرىپ كەچقۇرۇن،
مۈكسە تاغنىڭ كەينىگە؛
كۆتۈرۈلەر تولۇنئاي
كۈن كەيندىن سەيلىگە.

تىنىم تاپماي ئۈزەر ئۇ
كۆكتە كۈمۈش قولۋاقتەك.
بۇلۇت ئاڭا يول بېرەر
توزۇپ گويا توزغاقتەك.

لېكىن چېپىپ تۈن بويى
يېتەلمەس ئاي قۇياشقا.
قۇياش ئۈنى ئۇخلىتىپ،
چۈشەر ئۆزى ئويناشقا.

گەر قالساڭلار كۆچىيىپ،
دانلار ئۈچۈپ كېتىدۇ.
مول ئېلىشقا ھوسۇلنى
زىيان-زەخمەت يېتىدۇ.

مەن ئويلايمەن نېمىشقا
تۇتۇق بەرمەس ئايغا كۈن؟
تەقەززامەن، قاچاندا
يېشلەركىن بۇ تۈگۈن؟!

ئەي شاماللار، بۈگۈنچە
جۇدۇنۇڭلار تۈتمسۇن.
چەشنى قىرلاپ، ئەل بىزنى
تەبرىكلىسۇن، قۇتلىسۇن!

## شاماللار

سەھەر-ئاخشام غۇرقىراپ
چىققان مەيىن شاماللار،
تۇتۇپ قالسا جۇدۇنى،
ئەلپازى بەك يامانلار.

تەقەززادۇر سىلەرگە
شۇ دەم نۇرغۇن خامانلار.
تېز كېلىڭلار، ئايرىلسۇن
بۇغداي بىلەن سامانلار.

باشاقلارنى بىزمۇ ھەم
ئالدۇق راسا يۇمشىتىپ.
لەرزان-لەرزان چىقىڭلار،
قويماي بىزنى ئۇخلىتىپ.

ئالدى دادام قولىغا
تەييارلىنىپ ئارىنى.
مەن ئۈنچىنى ئىنتىرەي
يېقىن قىلىپ ئارىنى.

## مۇئەللىمگە ئىلتىماس

بىزگە غەمخور، مېھرىبان،
ئاتىلاردەك قەدىردان؛
ئەي مۇئەللىم، سىز ئۈچۈن،
سۆيۈندۇ تەن ۋە جان.

جاپا چېكىپ ئوقۇتۇپ
كۆزىمىزنى ئاچتىڭىز.
سەبىي دىلغا ئىلىمنىڭ
نۇرلىرىنى چاچتىڭىز.

بىراق، بەزەن بىزلەرنى
دەرسىمىزدىن قالدۇرۇپ؛
شەخسىي ئىشقا سالىسىز
ئۆيىڭىزگە ماڭدۇرۇپ.

تام ئەتىسىڭىز ئۇنىڭغا
خىش بىلەن سۇ توشۇيمىز.
چوڭلىرىمىز زەمبىلگە
كەتمەندە لاي ئۇسىمىز.

كۈنلەپ - كۈنلەپ بەزىدە،
گازغا نۆۋەت ساقلايمىز.
يېرىگىمىزدە ئەتىياز
قوناق، كېۋەز تاقلايمىز.

سېنتە بىردە بارىمىز
يەنە پاختا تەرگىلى.
ئۆكتە بىردە بۇيرۇيسىز
قوناق سويۇپ بەرگىلى...

ماگالمىساق شۇ سەۋەب
دەرسلەردە يېتىشىپ،
ئىزا تارتىپ، ئۆكۈنۈپ،
كېتەر يۈرەك ئېچىشىپ.

سىزگە دىلدىن ئىلتىماس،
ئويلاپ كۆرۈڭ، مۇئەللىم.
بۇندىن كېيىن بىزگە بەك،
كۆڭۈل بۆلۈڭ، مۇئەللىم.

مۇھەممەت روزى

## نەي چالدۇ بىر بالا

### نەي چالدۇ بىر بالا

توقايلىقتا مۈگىلىنىپ،
نەي چالدۇ بىر بالا.
يۇمران چۆپكە تويۇنۇپ،
ئوتلاپ يۈرەر قوي، كالا.

توقايلىقتا مۈگىلىنىپ
نەي چالدۇ بىر بالا.
كۆي ئەۋجىدە ئۆگدەيدۇ
كۆز يەتكۈسىز كەڭ دالا.

توقايلىقتا مۈگىلىنىپ،
نەي چالدۇ بىر بالا.
خىيالىدا قۇياشتەك
نۇرلىنىدۇ دەرسخانا...

### خوراز

خورازچىقىم ھە دېسە،
يۈرىۋەرمە سوقۇشۇپ.
ئەرزىمىگەن ئىش ئۈچۈن
دوستۇڭ بىلەن بوغۇشۇپ.

ئېيتمىغانمۇ يا ئاناڭ،
دوستۇڭ بىلەن ئۇم ئۆت دەپ.
ئويلاپ باققىن بۇ ئىشىڭ،
نومۇس ئىشمۇ يا شەرەپ.

مېنىڭمۇ كۆپ دوستۇم بار،
شۇئارىمىز ئىناقلىق.
دورىمايمىز سىلەرنى،
ئۇرۇشقاقلىق سەت قىلىق.

## ھەيرانلىق

ئاي بەزىدە كۆرۈنەر
ئانام ياققان توقاچتەك.
ۋە بەزىدە ئەگىم ئۇ،
دادام سوققان ئوغاقتەك.

سوراپ كۆرسەم بوۋامدىن
ئۇنىڭدا سىر بارمۇ دەپ.
بىلمەيدىكەن بوۋاممۇ،
دوستلىرىم، بۇ قانداق گەپ؟

ئاخىرى بۇ ھېكمەتنى
يېشىپ بەردى مۇئەللىم.
دېدى: سىر يوق يېشىلمەس،
ئۆگەنسەڭلار پەن-ئىلىم.

## مېھمان بولۇپ بارىمەن

توختاپ تۇرغىن، لەگلىكىم،
بىر گېپىم بار ئاڭلىۋال.
مارسنىكى دوستلارغا
سالامىمنى ئېلىۋال.

ئېيتىپ قويغىن ئۇلارغا،
كەلسە قارشى ئالىمەن.
كەلگۈسىدە مەنمۇ ھەم
مېھمان بولۇپ بارىمەن.

## بۇلۇتلار

يىغلايدىكەن بۇلۇتلار
تامچە-تامچە ياش تۆكۈپ.
سەۋەبىنى زادىلا
بىلەلمىدىم ئويلىنىپ.

بەلكى شوخلۇق قىلغاچقا،
ئۇرىدىمىكىن ئانىسى.
ياكى تاشلاپ ئۇلارنى
كەتتىمىكىن دادىسى.

## چاقنىسام

ئەي يۇلتۇزلار، يۇلتۇزلار
جىمىرلايسەن ئاسماندا،
ۋىلىقلايسەن، كۈلسەن
مەن زوقلىنىپ باققاندا.

نەقىشلەيسەن كېچىنى
پىل-پىل قىلىپ نۇر چېچىپ.
گۈل-چېچەكلەر ئېچىلار
سېنىڭ بىلەن بەسلىشىپ.

مەنمۇ چاقناپ سىلەردەك،
نۇر چاچماقتۇر ئارمىنىم.
يەتكۈزەر بۇ ئارزۇغا
تىرىشچانلىق پەن-بىلىم.

## قارلىغاچ

ئەي قارلىغاچ، قارلىغاچ،
ئۇچۇپ كەلگىن ھويلامغا.
سايراپ بەرگىن يېقىملىق،
تىنىم تاپماس ئانامغا.

ئەي قارلىغاچ، قارلىغاچ،
ئانام ساڭا كۆيۈنەر.
ھەر باھاردا كەلسەڭ سەن،
بالىسىدەك سۆيۈنەر.

پېشايۋانغا ئۇۋاڭنى
چىرايلىق قىپ ياساۋەر.

يۇرتۇم قوينى شۇنچە كەڭ،
پەرۋاز قىلىپ ياشاۋەر.

**ئابلىكىم ھەسەن**

# قولۇلە شاھزادە

## كۆز ناخشىسى

تاقىقا - تۇققا، زەنجىر ھالقا،
قۇياش قوندى يوپۇرماققا.
قىزىل - قىزىل ئالماچۇشتى
قاراڭلارچۇ، بىزنىڭ باغقا.
توكۇر - توكۇر ئالما چۈشتى
قۇشلار قونسا شاختىن - شاخقا.

تونىنى تېززەك توقۇڭلار.
توقۇزغىلار ھە - قېنى،
نەغمەڭلارنى باشلاڭلار.

— ياخشىمۇ سىز شاھزادە؟
ھارمىغانسىز سەپەردە؟

## قولۇلە شاھزادە

قولۇلە شاھزادە
بېشىدا خان مۇڭگۈزى.
ماڭغان يولى پارقىرار،
دۇمبىسىدە ئوردىسى.
ئۇنىڭ ئۆيى ئاسماندا،
مەكتىپى بار بۇلۇتتا.
ئاخشام يەرگە چۈشۈپتۇ،
چۈشۈپتۇمۇ، چۈشۈپتۇ.
چۇمۇلىلەر، كېلىڭلار!
شاھزادىمىز قېشىدا
قاتار - قاتار تۇرۇڭلار.
ئۆمۈچۈكلەر، بولۇڭلار!

## تۇغۇلغان كۈن مۇبارەك

نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك
سىز بىلەن بىللە ئۆتمەك؛
دائىم بىللە ئوينايلى
تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزدەك.

تۇغۇلغان كۈن مۇبارەك،
مۇبارەك، ھەي مۇبارەك!
دائىم بىللە ئوينايلى
تولۇن ئاي ۋە يۇلتۇزدەك.

## كېپىنەك ناخشىسى

ئۇزلە يەمەن ئۇزلە يەمەن،
باغدىن چېچەك ئۇزلە يەمەن.

سەن ئۇخلىساڭ ئۇخلىغىن،
مەن ئۇخلىماي ئىزلەيمەن.

بىر قىش ئۇخلاپ ئۆتتۇممەن،
گۈلنى چۈشەپ چىقتىممەن.
لەگلەك ئۇچتى، قۇش ئۇچتى،
گۈلنى ساقلاپ ئۆتتۇممەن.

گۈلچى مومام ئۆيىدە
تەشتەكتە گۈل كۆردۇممەن.
دېرىزىنى كېچىلەپ
قاقتىممەنۇ قاقتىممەن.

دېرىزىنى ئاچمىدى،
گۈلمۇ مېنى كۆرمىدى.
مەن ئۇلاردىن يامانلاپ
كەتتىممەنۇ كەتتىممەن.

بىخ سۈرۈپتۇ ئۆرۈكلەر،
ياشىرىپتۇ سۆگەتلەر.
ئېتىزلارنى ئارىلاپ
باغقا قاراپ ئۇچتۇممەن.

## قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى

ئاپئاقىنا دالىغا
كېلەر ئاينىڭ چۈشكۈسى.
ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،
پەسلىگنى نېمىسى؟
ئاپئاقىنا يوللاردا
كېلەر ئىتنىڭ ماڭغۇسى.
ئەگەر ئۇنداق بولمىسا،
قاۋىغنى نېمىسى؟

ئاپئاقىنا ئېتىزدا
ئېغىنايدۇ شامالار.
قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى
شاخ ئۇچىدىن قاغىلار.
كۆز تىكىدۇ تۆۋەنگە
گاھى قاق-قاق قىلىدۇ؛
قار ياغدى! دەپ ھەممىگە
كېلەر بارچە قاغىنىڭ
قار بولۇپ تۆكۈلگۈسى.
قۇشقاچ تاتلىق مۈگدەيدۇ
قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى.

مەش تۆۋىگە يىغىلدۇق،
پاراسلايدۇ ئوتۇنلار.
بوۋام ئۇخلار پۇش-پۇش-پۇش،
قاچانلىققا ئويغىنار.

بوۋام تېزرەك تۇرسىدى،
بىزگە چۆچەك ئېيتسىدى.
ئۇيقۇم نەگە كەتكەندۇ؟
قىشنىڭ ئۇزۇن كېچىسى.

## بىر تال يەكشەنبەم

ئېگىز،
ئېگىزلىكتە بىر باشاق،
بىر باشاقتا بىر تال دان.
بۇلۇتلاردەك بىر توپ ئاق كەپتەر
ئاشۇ داننى ئىزدەپ يۈرىدۇ.
كىتابىمنى ۋاراقلاپ شامال
توپىلارغا ئۇقۇپ بېرىدۇ.
يەكشەنبەم-يەكشەنبەم
جېنىم يەكشەنبەم
بويۇن قىسىپ قاراپ تۇرىدۇ.

كىتابلىرىم بىر قۇچاق،
تاپشۇرۇقۇم بىر قۇچاق.
بەك زېرىكتىم، زېرىكتىم!
ئۆتۈنەي مۇئەللىم،
ئۆتۈنەي دوستلار،
ئۆتۈنەي دادا،
ئۆتۈنەي قەلەم
يەكشەنبە مېنى بېرىڭلار ماڭا.
مېنى ئىزدەپ كەلمىسەڭلارچۇ!

كەل ئىمتىھان قەغىزى،
قەپەستىكى بىر قۇشنى
سىزىپ قوياي مەن ساڭا.

ئاق كەپتەرگە ئايلىنىپ
چىشلەپ ئاشۇ بىر دانىنى
ئۇچۇپ كەتكۈم كېلىدۇ،
ئۇچۇپ كەتسەم پۇررىدە...

**مەمتىمىن بارى**

## ئىشەندىم

سېرىك دېسە مەن بۇرۇن
سىر بار، دەيتتىم ئۇنىڭدا.
يۈرەك رىشتىم باغلاندى
بىر كۆرۈپلا بۇنىڭغا.

سىر ئەمەسكەن سېرىكمۇ
بۇ كەسىپنى سۆيگەنگە،
ھۈنەر-سەنئەت، تېخنىكا
ئىشقى دىلدا كۆيگەنگە.

كىچىك مېھراي-ئوماق قىز
ئۆز كەسپىدە يېتىشكەن.
سېرىك ئويناپ سەھنىدە
شان-شەرەپكە ئېرىشكەن.

ئەجىر قىلغان ئۇزاركەن
ئەمدى ئوبدان چۈشەندىم.
تىرىشچاننىڭ ئايىنىمۇ
ئۆزۈشىگە ئىشەندىم.

**ئەركىن داۋۇت**

## يۇمران كۆيلەر

### ھەسەل ھەرىسى

گۈلدىن-گۈلگە قونۇپ شىرنە
يىغدۇ ھارماي.

گۈلزارلىقنى ئەيلەپ ماكان
يىراققا بارماي.

گۈلدەك ياشاپ، گۈل قوينىدا
كۈلدۈ گۈلدەك.
ئەزىزلەيدۇ گۈلنى خۇددى
جېنىدىنمۇ بەك.

گۈلسىز هايات كۆرۈنىدۇ
ئۇنىڭغا چۆلدەك.
گۈلنى سۆيۈپ، كەلتۈرمەيدۇ
گۈلگە قىلچە شەك.

گۈلدەك تۇرمۇش قاينىمىدا
چىقىرىدۇ بال.
گۈلدەك ئىسىل گۈل چىراينى
قىلىپ هەر دەم لال.

## بۆدۈنەم

قورغۇينى كۆرسە
قاچقان بۆدۈنەم.
دانىنى- ئوزۇقنى
چاچقان بۆدۈنەم.

ئىسسىق هالىڭغا،
ۋات-ۋات بۆدۈنەم.
ئۇۋۇاڭدىن چىقماي
جىم يات، بۆدۈنەم.



ئەنۋەر مۇھەممەد

# قويچى بالا

(ھېكايە)

## قوي پاراكەندىچىلىكى

دەرستە ئولتۇرغان نىيازنىڭ خىيالى بىردىنلا چېچىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ كاللىسىغا ئاخشام كۆرگەن چۈشى يەنە ئايان بولدى... بۇرۇن بىر يالغانچى بالا بولغانىكەن، ھەدېسلا يالغان سۆزلەيدىكەن. مەنمۇ شۇنى دوراپ بىر كۈنى قوي بېقىۋېتىپ بۆرە كەلدى، بۆرە كەلدى! دەپ ۋارقىراپتىمەن، مەھەللىدىكى دېھقانلار يۈگۈرۈپ كەلدى. بۇنىڭ ئىچىدە ئاتاممۇ بار ئىكەن. قېنى بۆرە! دېسە مەن ھىجىيىپ يالغان دەپ قويدۇم دېسەم ئۇ كەتمەننى دولىسىغا ئارتىپ قويغا ئوبدان قارا، دەپ كېتىپ قالدى. ئاپام بولسا ھۇ قۇلاق كەستى، ئادەمنى قورقىتىپ دەپ، بىر ھازا ۋاتىلدىغۇدەك. ئىككىنچى قېتىم بۆرە كەلدى! دەپ ۋارقىرىسام ئاتام يەنە پايپاسلاپ يېتىپ كەلدى. باشقا خەقلەرمۇ قورقىنىدىن ھەي نىياز قارى! ساراڭ بولدۇڭمۇ؟! نىمانچە ئۆلگۈدەك ۋارقىرايسەن!؟ دەپ ئەيىبلەۋاتقۇدەك. ئاتام: بۇنىڭ تاياق يېگۈسى كەلدى، قويغا ئوبدان قارىمايدىغان بولسا ئۆيگە بارغاندا گەپ بار، دەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالدى. ئۈچىنچى قېتىم بۆرە راستلا كەلسە بولدۇ. مەن ھودۇقۇپ تاياقنى تاشلاپ ۋاي بۆرە كەلدى! راست، بۆرە كەلدى! دەپ ۋارقىرىدىم، ھېچكىم كەلمىدى. بۆرە قويلارنى سۈرۈپ ئۆزىنىڭ ئۇۋىسىغا ئېلىپ باردى. ئاندىن چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ نىياز دېگەن دۆت سىلەرنى ماڭا تۇتۇپ بەردى، ئەمدى نېمە دەيسىلەر! دەپ خىرقىرىغۇدەك. بۆرىنىڭ كۆزى ئەڭ ئاۋۋال ئەڭ سېمىز ئېرىككە چۈشۈپ ئۇنى يېمەكچى بولدۇ. بۇ چاغدا بەش قوينىڭ ئارىسىدا تۇغۇلۇپ ياتقان ئاق ئوغلاق ئورنىدىن تۇرۇپ ئاۋۋال مېنى يېسىلە، نىيازجان بۇ قوي ئاداشلىرىمنى ئۇزۇندىن بېرى بېقىپ سەمرىتىپ كەلدى. مەن يېڭى قوشۇلدۇم. مېنى يېسىلە ھېچنېمە بولمايلا. بۇ قويلارنى يەپ كەتسىلە نىيازجانمۇ ساق قالمايدۇ. ئاتىسى ئۇنىڭ پايخىنىنى چىقىۋېتىدۇ، دېدى. بۆرە ئۇنىڭ ياشقا تولغان چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ قالدى. سېمىز ئېرىك، قارا قوشقار، سېرىق ساغلىق، ئەمدى ئەتلە-

نىۋاتقان رودو پاقلانلارمۇ بىر ئېغىزدىن بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كەچسلە، رەھىم قىلسلا! دېدى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە: ئورۇق بولساڭلارغۇ مەيلىدى، دەل سېمىز بولغىنىڭلار ئۈچۈن يەيمەن! نىياز سىلەرنى ئۆزۈڭدىن بېرى بېقىپ سەمرىتكەن بولسا، مەنمۇ سىلەرگە ئۆزۈڭدىن بېرى كۆز تىكىپ كەلگەن. نىياز مەندىن قۇتۇلغان بىلەن ئاتىسىغا تۇتۇلدۇ. ئۇ تازىمۇ دۆت ھەم قورقۇنچاق نېمىكەن، مۇشۇ ئوغلىقچىلىق بولالمايدىكەن. ماۋۇ ئوغلاق كەتسۇن، قالغىنىڭلارنى يېمىسەم زادى بولمايدۇ، دەپ چىشىنى بىلىدى، قويلار جان قايغۇسىدا قېلىپ يەرگە يۈكۈنۈپ قاتتىق مەرەپ مېنى چاقىرىۋاتقۇدەك، ئەگەر مەن ئاتامنىڭ ئالدىغا قويىنى بۆرە يەپ كەتتى دەپ يىغلاپ بارسام جەزمەن دۇمباللىنىمەن. قوپالماس قىلىپ تاشلىۋېتىدۇ. پادىچى باللار نەيلىرىنى چېلىپ ماڭا ھازا ئاچىدۇ، ماتەم بىلدۈرىدۇ، تېرەكلەر قايغۇلۇق ھالدا شىۋىرلايدۇ. ياق، ياق، مەن ئۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالسام بولمايدۇ. بۆرە ئوتتىن قورقىدۇ ئەمەسمۇ؟ جاڭگالدا يالغۇز قېلىپ، يانچۇقىدىكى سەرەڭگىدە ئوت يېقىپ، چاۋا-چاتقال تېرىپ، ئوتنى ئۇلۇغ قالاپ، تەرەپ-تەرەپتىن قورشاپ كەلگەن بۆرىلەرنى قورقۇتقان ھېلقى باللىچىلىك بولالمايمەنمۇ؟ ئەگەر ئوت ئۆچۈشكە باشلاپ بۆرىلەر ئاستا-ئاستا يېقىنلاپ كەلسە مېنىڭ ئاتاممۇ مىلتىق بىلەن پاڭ! قىلىپ ئېتىپلا بۆرىلەرنىڭ ھەممىسىنى قاچۇرۇۋېتىدۇ. ئوھوي! ئاتامدا نەدىمۇ مىلتىق بولسۇن؟ قولىدا شۇ مېنى ئۇرغىلى ئېلىپ كەلگەن كۆك تاياق بار. ئاتام كەلمىسىمۇ مەيلى، مەن باتۇرلۇق بىلەن بۆرە ئۇۋۇسىغا كىرىمەن. بۆرىنىڭ كۆزى قولۇمدىكى ئوتنى كۆرۈپ قورقىنىدىن چەكچىيىپ كېتىدۇ-دە، مېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدۇ. ئوغلاق ھەم قويلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشىمەن. بۆرە پەيلىدىن يانماي يەنە ھۇجۇم قىلغۇدەك بولسا قۇربان بولغۇچە ئېلىشىمەن. پاھ، نېمىدېگەن دەھشەت! مەن ئاخىر غەلىبە قىلىمەن، قويلىرىمنى قايتۇرۇپ كېلىمەن. بۆرە ماڭا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى پەملەپ ھىيلە ئىشلىتىشكە باشلايدۇ. تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر! ئوتنىڭ ئۆچىنى ئەپكەلدىم. تۇر، تۇر قوزام، تۇر، تۇر! سۇنىڭ سوزۇكىنى ئەپكەلدىم، دەپ ئاۋازىمنى دوراپ ئېغىلنىڭ ئىشكىنى ئاچقۇزماقچى بولىدۇ. قويلار قورسىقىغا ئالدىراپ ئاچايلى دەيدۇ. ئوغلاق: ياق، ئالدىرمايلى! بۇ ئاۋاز نىيازجاننىڭ ئاۋازى ئەمەستەك قىلىدۇ، دەيدۇ. قويلار: ۋاي شۇ! دەپ مەرەپ ئېغىلنى بېشىغا كىيىدۇ-دە، ئوغلاقنى يېتىم قويىدۇ. قارا قوشقار بېرىپ ئىشكىنى ئاچىدۇ. بۆرە ئىشكتىن ئېتىلىپ كىرىدۇ. قويلار ھوشىنى يوقىتىپ تىك موللاق چۈشىدۇ. ئوغلاق بولسا بار ئاۋازى بىلەن جارقىراپ مېنى چاقىرىدۇ، مەن دەرھال كالتەكنى، ياق، كەتمەننى ئېلىپ ئېغىلغا كىرىمەن. بۆرە بۇنداق يەردە ماڭا نوچىلىق قىلالمايدۇ. مەن كەتمەن بىلەن بۆرىنى ئۇرۇپ چېپىپ، ئۆچەي-قارنىنى چۇۋۇپ تاشلايمەن. ئوغلاق مېنى چۆرگىلەپ تاقلاپ سەكرەيدۇ. قويلارمۇ خۇشاللىق يېشىنى ئېقىتىدۇ، خورازلار

شادلىق بىلەن چىللايدۇ. ئاتامۇ، باشقا خەقلەرمۇ قوي ھەم توخۇلىرىنى يەپ كۆن بەرمەيدىغان، ئۆزىگىمۇ تەھدىت سالىدىغان بۇ بالايىئاپەتتىن قۇتۇلغىنىغا خۇش بولىدۇ. مەن ئۇ چاغدا كارامەت ئادەمگە ئايلىنىمەن... مۇئەللىمنىڭ كۆزلىرى ماڭا نېمانچە قارايدۇ؟ نېمە سۆزلىگەندۇ؟ بىر نەرسە سوراپ قالسا ياكى دوسكىغا چىقىرىپ قالسا قانداق قىلارمەن؟! ۋاھ، نېمە قورقۇش! بۇ كىچىك مۇئەللىم مېنى يا تىللىيالمايدۇ، يا قولىقىمدىن سوزالمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزى ئوغلاقنىڭ كۆزىگە بەك ئوخشايدىكەن، چىرايلىقكەن...

ئۇ بۇ خىيالدىن سۆيۈنۈپ ئۇنى يېنىدىكى قارا قومچاق قىزغا پىچىرلاپ تۇرۇپ دەۋەتتى. مۇئەللىم ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا قولىدىكى بورنى ئاتتى. قىز چۆچۈپ، ئۆزىنى كۈلكىدىن توختىتىۋالدى. نىياز ئۆزىنى رۇسلاپ بولغۇچە مۇئەللىم ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ سورىدى:

— ھە، نېمە پاراڭ ئۇ؟

— ...

— تۇرۇڭا روشەنگۈل، نىياز سىزگە نېمە دېدى؟ نېمىشقا كۈلىسىز؟

— ھېچنېمە دېمىدى.

— راستىنى دەڭ!

— ئۇ ماڭا سىلىنىڭ كۆزلىرىنى ئۆچكىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىكەن دەيدۇ.

باشقا بالىلار ۋىلىقلىشىپ كۈلگىلى تۇردى. نىياز قىزغا غەزەپ بىلەن ئالىيىپ:

— نەدىكىنى؟! مەن ئوغلاقنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىكەن دېدىمغۇ؟! يالغان-چىلىقىنى كۆرمەمدىغان بۇ قارا پاقىنىڭ ... — دېدى.

قىز بېشىنى قويۇپ يىغلىغىلى تۇردى. دەرس ئىنتىزامى بۇزۇلدى. مۇئەللىمنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ نىيازنى سىنىپتىن چىقىرىۋەتتى. ئۇ بوخچىسىنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقتى-دە، ئۇدۇللا ئۆيگە ماڭدى، ئۆزىنى قوتاندىن چىققان قوزىدەك ئەركىن ھېس قىلىپ تۈرلۈك خىياللارغا پاتتى. مۇئەللىم ئەمدى ماڭا يامان كۆزدە قارايدىغان بولدى، قارىسا قاراۋەرسۇن، قارىغانغا قورقۇپ قالامتى كىشى! ماڭ، يوقال، دەپ كېتىشلىرى تېخى خۇددى ئاپامدەك. ئاپام شۇنداق دېسىغۇ مەيلى، ئەمدى مۇشۇ مۇئەللىم قوپۇپ ۋارقىراپ دۆشكەلەپ يۈرىدۇ، خۇددى بىر بالىسىدەك! روشەن قارىۋايغىمۇ خوپ بولدى! يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام. پاھ، مانا كارامەت! ئۆستەڭ سۈيى مۇز تۇتۇشقا باشلاپتۇ، بۇ سۇ نېمانچە سۈزۈك! يازدا مۇشۇنداق بولسا يەنە سۇ ئۈزسەڭ، بىر-بىرىمىزنى قوغلىساق، يولغا چىقىپ قىزىق توپىغا مەيدىمىزنى يېقىپ ياكى ئوڭدىسىغا يېتىپ ھەيكەل چىقارساق، كۆۋرۈك ياغاچ-لىرىنى سۇدا لەيلىتىپ، ئۆستەڭگە مىنىپ، سۇغا ساڭگىلاپ قالغان جىگدىلەرنى ئۈزۈپ، بىر-بىرىمىزگە ئېتىپ ئوينىساق، لېكىن ئەمدى قىش كىرىدۇ، يەنە چانا تېيىلىمىز. كۆللەر ئۆتىدۇ، ئەتىياز كېلىدۇ، مۇز ئېرىپ سۇ ئاقىدۇ. سۆگەتلەر بىخ چىقىرىدۇ. ئاندىن چوكانتال بولىدۇ، تال خوراز سوقۇشتۇرىمىز، قوۋزىقىدىن بوتبوت ياسايمىز. ئالما، ئۆرۈكلەر چېچەكلەيدۇ. باغ ئارىلاپ

سۇ ئاقتى، دەل-دەرەخلەرگە ياقتى.
ئاخىرى نېمە ئىدى؟ ھە. بولدۇق مانا
ئەركىن شاد، زامانە بىزگە باقتى.

شۇغىنىسى مەكتەپكە كىرگەنىدىن كېيىنمۇ قوي باقىمەن. ئەتىيازدا بوغداي مايسىلىرى ئۆسسە قوي باقىدىغان يەرمۇ قالمايدۇ. كۆرۈڭ! ئۇ چاغدا قويغا كۈندە ھەلەپ بېرىدىغان گەپ! بۇ جوھۇتلارنى ھېلى تويغۇزۇپ قويسا ھېلى مەرەيدۇ. بىر ئوغلاق مەرىمەيدۇ، مەرىسىمۇ چىرايلىق مەرەيدۇ. ئۆيگە بالدۇر بارسام ئاتام يەنە قوي چىقار! قوي باق! دەيدۇ. ئاپام ئوكاڭنى باق! دەيدۇ. ئۇ ماڭغىنى باقماق قوي باقماقتىنمۇ تەس! ئاتام مېنىڭ بالا بېقىۋاتقىنىمنى كۆرسە مەن بايا ساڭا نېمە دېدىم! دەپ، تاياقنى ئېلىپ قوغلايدۇ، مەن ئوكامنى تاشلاپ قوتانغا يۈگۈرىمەن. ئاپام بالىنى كىم باقىدۇ؟ ئاش ئېتەلمىدىم، ئەمسە سىلى بېقىڭلار دەپ كوتۇلدىغىلى تۇرىدۇ، ئوكام يىغلىغىلى تۇرىدۇ. ۋاھ، تويۇپ كەتتىم! ئۆيگە بىردەم بارماي تۇراي...

ئۇ شۇ ئوي بىلەن ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدە بىردەم ئولتۇردى. بىكارچىلىقتىن زېرىكىپ قېرىندىشىنى ئېلىپ كۆۋرۈك ياغىچىغا قالايمىقان رەسىم سىزىشقا باشلىدى. ئۇ بايا ئۆزىنى قوغلاپ چىقىرىۋەتكەن مۇئەللىمنى سىزماقچى بولۇپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئوغلاقنىڭ كۆزىگە ئوخشىتىپ سىزدى. ئاندىن يۈزىنى ئاتىنىڭ يۈزىدەك سوقىچاق قىلىپ قالغان يېرىنى قويغا ئوخشاش كالتە، يۇملاق قىلىپ سىزىپ تېگىگە «پاتىگۈل خانىم» دەپ يېزىپ قويدى. ئاڭغىچە مەكتەپتىن ساۋاقداشلىرى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ چۇرقىرىشىپ كەلدى.

— كۆۋرۈكنى ئۇچلاپ قوياي دەمسەن؟

— لېي قېقىدىن ئۆگىنىپتۇ.

— ياق لەي نىڭدىن.

— رەسىم سىزىپسەنغۇ؟! كىمنى سىزدىڭ؟ پاتىگۈل خانىم؟! دەپ قويىمەن!

نىياز كەينىگە ئۆرۈلۈپلا يۈگۈرۈپ ماڭغان بالىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشۋالدى. بالا ھودۇقۇپ تاتىرىپ: «يالغان دەپ قويدۇم» دەپ بولغۇچە بۇرنىغا مۇشتتىن بىرنى يەپ ھۆكرەپ يىغلاپ كەتتى. نىياز تۈگۈلگەن مۇشتىنى بوشىتىپ ھالسىز قەدەم بىلەن كۆۋرۈككە كېلىۋاتقاندا ئالدىغا ئۇنىڭدىن تومپاي كەلگەن بىر بالا مۇشتىنى دىۋەيلەپ كەلدى:

— بىزنىڭ شودۇيلۇك بالىنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟

— سېنىڭ كارىڭ نېمە؟

— نېمىشقا كارىم يوق، كېلىڭلار بىرىنچى شودۇينىڭ باللىرى!

نىياز دۇمبىسىگە تاش تېگىپ غەزەپتىن يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغانىدى، ئۆيگە كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئاۋۋالقىدەك قاپىقىنى تۈرۈپ: «ماڭ، قويىنى چىقار!» دېگەن قونا بۇيرۇقلىرىدىن بىزار بولۇپ ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئۇخلىدا ياتتى؛ دۇمبىسىگە تاش تەگكۈزگەن تازنى بىلەلمەي ئىچ-ئىچىدىن ئاچچىققا تولۇپ تۇرغاندا ئاتىسى كىرىپ: «قويىنى باق دېسەم يەنە ياتىسەنغۇ!؟» دەپ ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ قوتانغا ھەيدىدى. نىيازنىڭ كاللىسىدا غەزەپ چاقماقلىرى چېقىپ پۈتۈن ۋۇجۇدى

قاراسلاپ كەتتى.

نىياز تۇغۇلماستا ئاتىسى ساۋۇتاخۇننىڭ تۇنجى تاپقان باللىرى «كۆز تېگىپ» تۇگەپ كەتكەندى. كىيىن نىياز تۇغۇلدى. ساۋۇتاخۇن ئۇنىڭغىمۇ كۆز تېگىپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن موللامغا دۇئا ئوقۇتۇپ بىر قوينى بالىسى ئۈچۈن نىياز قىلدۇردى. موللام ئۇنىڭغا بالىسىنىڭ ئىتىنى نىياز دەپ ئاتاشنى، چېچى ئۆسكەندە بىر تال نىياز چېچى قالدۇرۇپ قويۇشنى، ئۇنى زادىلا ئۇرۇپ تىللىماسلىقنى تاپىلىغانىدى. ساۋۇتاخۇن موللامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى، نىياز ئەتىۋارلىنىپ ئۆستى. ئەمما ئۇكىسى تۇغۇلۇپ ئەمدى ئولتۇرالايدىغان بولغاندا ئاتىسى ئۇنى گېپىگە ئۇنىمىسلا ئۇرىدىغان ھەتتا ئاپىسىمۇ ئۇنىڭغا بولۇشىدىغان بولۇۋالدى.

نىياز ئاتىسىنىڭ مۇشۇ قويلارنى ئۆزىدىنمۇ بەكرەك ئەتىۋار كۆرىدىغانلىقىنى ھېچ چۈشىنەلمەي تولا ئويلاپ بېشى قېتىپ كەتتى ۋە ئاخىر ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىش ئىكەنلىكىنى، بۇنىڭدىن باشقا ئىشنىڭ مەۋجۇت ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى؛ شۇنداقتىمۇ بۇ قويلارنىڭ ئۆزىدىنمۇ بەك قەدىرلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا، ئۇلارنىڭ ئەركىن يايراپ ئۆزىنىڭ بولسا خۇددى ئۇلارنىڭ مالىيىدەك نەگە بارسا ئارقىسىدىن سوكۇلداپ ماڭىدىغانلىقىغا چىدىيالماي ئولىغا تاياقنى بىرنى ئېلىپ قويلارنى ئېتىزلىققىچە سۈرۈپ توقاي قىلىپ باردى. ئابايا دۆمبە-سىگە تەگكەن تاش ھەم ئاتىسىنىڭ قاتتىق ئۆتۈك بىلەن تەپكەن تېپكىنىڭ زەربىسىنى تېخىچە ئۇنتالماي زەردىسى قايناپ يەنە

ئاچچىق خىياللارنى سۈرۈپ ماڭدى. خەپ، جوھۇتنىڭ قويى! مۇناپىقنىڭ قويى! ئۆلسەڭمۇ خوش بولار ئىدىم! خەپ، ئاشۇ تازنى تېپىۋالسام تۇتە، قوينى سەن باقە! دەپ كۆتىگە تېپىپ ھەيدەپ ماڭاتتىم. ئەتە ھېسابلىشىمەن تېخى! ئاتامچۇ؟ بۇ قاتتىق ئۆتۈك بىلەن ھەدېسىلا تېپىدۇ، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ئادەم چوڭ بولمىسا بولىدىكەن؛ ئۇكام ماڭقىدەك ئىش قىلماي نان غاجاپ ئولتۇرۇش نېمىدېگەن راھەت! ۋاي ماڭقا، ئالدىرىماي تۇر! نۆۋەت ساڭمۇ كېلىدۇ. سەنمۇ مەندەك تېپىك يەيسەن! مۇشۇ قويلارنىڭ ئارقىسە-دىن چاپراقلاپ يۈرسەن! ئاتام دېگەن بېخىل بۇ قويلارنى يا ساتمىدى، يا ئۆلتۈرمىدى؛ ئوغلاقنى ئايرىپ قويۇپ قالغان ھەممىسنى كۆزدىن يوقاتسىمۇ بولاتتى. كۈندە مۇشۇنداق خاپىچىلىق، كۈندە مۇشۇنداق جاپا! بۇ نېملەر مەن چوڭ بولسام مۇشۇنداق ئىكەن؛ ياق، مەن باققاندىن كىيىن سەمرىدى. ئەنە ئاۋۇ ئېرىكنىڭ قۇيرۇقى لىغىرلاپ تۇرىدۇ، قوشقار-نىڭمۇ شۇنداق. ئۈستىگە مىنىپ بىردەم ئويناپچۇ...

ئۇ قوشقارنىڭ ئەگمەچ مۈڭگۈزىدىن تۇتۇۋېلىپ ئۈستىگە مىندى، مۈڭگۈزنى، خۇددى تراكتورنىڭ رولىدەك باشقۇرۇپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا يەرنى تېپىپ باشقا قويلارنىمۇ تەڭ ھەيدەپ ماڭدى. قوشقار سېمىز بولغاچقا دۈمبىسىمۇ خۇددى قۇيرۇقىدەك يۇمشاق، نىيازنىڭ ئاتىسىدىن تېپىك يېگەن سۆڭگۈچى ئاجايىپ راھەتلەندى. ئۇ ئەمدى پۇتىنى كۆتۈرۈپ پۇتۇن ئېغىرلىقىنى

قوشقارغا سىلىشىغا قوشقار چاشقاندەك
غىرتلا قىلىپ سوغۇرۇلۇپ ئۇنى يەرگە
تاشلىۋەتتى. نىياز سوڭگۆچىنى سىلاپ
ئورنىدىن قوپتى-دە، يەردىن چالما ئېلىپ،
يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان قوشقارنى چەنلەپ
ئاتقاندى، تەگكۈزەلمىدى. قويلار قوشقارغا
ئەگىشىپ ئېتىزلىققا قاچتى. ئۇ قويلارنى
يول بويىدىكى تېرەكلىككە، غازاڭ كۆپ
چۈشكەن يەرگە هەيدەپ قويۇپ شۇ
يەردە قوي بېقىۋاتقان باللارغا قېتىلدى.
ئۇلار ئىچىدە نىيازدىن چوڭ تۆگە تازلارمۇ،
كىچىك شۇمتەكلەرمۇ، تەڭتۇش باللارمۇ
بارئىدى. ئۇلار قىلغىلى ئىش تاپالماي،
چوڭلىرى كىچىكلەرنى چېلىششقا ياكى
« چامباشچىلىق » قىلىشقا چۈشۈرۈپ
قويغاندى. نىيازمۇ بېرىپ تاماشا كۆرۈپ
ئولتۇرغاندى، توساتتىن قادىر قاغا بىلەن
سەمەت پاختەك ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى
يەرگە تەگكۈزمەي كۆتۈرۈپ: « نىياز
بىلەن قوڭ سوقۇشتۇرىدىغىنىڭ بولسا
كېلە! » دەپ ۋارقىرىدى. ئاڭغىچە چوڭ
باللاردىن ئىككىسى چىقىپ ئابدۇسالام
ئىسملىك بىر بالىنى ساڭگىلىتىپ كۆتۈرۈپ
نىياز بىلەن قوڭ سوقۇشتۇرۇشقا سالدى.
نىياز بۇ ئويۇننى خالىمىسىمۇ ئابدۇسالامنىڭ
ئالدىدا چىدىماسلىق قىلغۇسى كەلمىدى.
قالغانلارنىڭ بىر-ئىككى-ئۈچ دەپ ساناپ
بېرىشى بىلەن هېلىقى تۆگە تازلار بۇ
ئىككىسىنى بىر-بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ سوقۇش-
تۇرۇشقا باشلىدى. نىيازنىڭ سوڭگۆچى
ئابدۇسالامنىڭ سوڭگۆچىگە هەر بىر
ئۇرۇلغاندا ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى تىترەپ،
كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، چىشلىرى كاراسلاپ
كېتەتتى. ئابدۇسالامنىڭ ساغرىسى نىيازغا
ئاتىسىنىڭ قاتتىق ئۆتۆكىدىنمۇ قاتتىق بىلىنى-
دى. قۇلىقىغا يەنە ئاتىسىنىڭ قويغا قارا!
قويغا قارا! دېگەن ئاۋازى ئاڭلانغاندەك
بولدى. سۇرلۇك هەم قەهرلىك بىر جۈپ
كۆز ئۇنىڭغا هامان مىختەك قادىلىپ
تۇراتتى، ئۇ بۇنىڭدىن قۇتۇلالمايتتى. «
قويۇۋەت! قويۇۋەت! قويۇم قېچىپ كېتىدۇ! »
دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ئاغرىققا بەرداشلىق
بېرەلمەي. شۇ ئەسنادا بىر بالىنىڭ
ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:
— بۇغدايلىقتىكى ئاۋۇ قوي كىمنىڭكى؟!
هامۇت هەيران هەيدەپ ماڭدى!
قادىر قاغا بىلەن سەمەت پاختەكمۇ
ئۇنى دەرهال قويۇۋېتىپ، ئۆز قويىنىڭ
قېشىغا چاپتى. نىياز ئورنىدىن قوپۇپ،
قويىنى هەيدەپ خېلى بىر يەرگە ئاپارغان
هامۇت هەيراننىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردى.
هامۇت هەيران ئوغلاقتىن باشقا هەممە
قويىنى هەيدەپ ماڭغاندى. نىياز ئۇنىڭغا
يېتىشىۋېلىپ يالۋۇردى:
— ئاكا، قويىنى بېرىۋېتىڭ، ئاتام
تىللايدۇ!
— ماڭ، ئاتاڭنى باشلاپ كەل!
قويۇڭ بۇغدايلىرىمنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يەپ
بوپتۇ! كېلەر يىلى ئون چارەك بۇغداي
كەم چىقىدۇ دېگەن گەپ، تارتقان
زىيىنىمنى ئاتاڭ تۆلەپ بەرسۇن!
— مەن تېخى قويىنى هازىرلا ئەكەل-
دىم، باشقا باللارنىڭ قويى يېگەن
ئوخشايدۇ!
— ماڭ، ماڭ! ئويۇنۇڭنى ئوينا!
سەن باقالمىغان قويىنى مەن بېقىپ بېرەي!

نىياز قوينىڭ ئالدىنى توسۇپ
ئۆتكىلى قويماي تۇرۇۋالغانىدى، ھامۇت
ھەيران ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئىتتىرىۋەت-
تى. نىياز يەردىن چالما ئېلىپ ئۇنىڭغا
ئاتتى. چالما بېرىپ ھامۇت ھەيراننىڭ
دۈمبىسىگە تەگدى. ئۇ كەينىگە ئۆرۈلۈپ
بارغىنىچە نىيازنىڭ قۇلاق تۈۋىگە
شاپىلاق بىلەن بىرنى سالدى. نىياز
مىشىلداپ يىغلىغانچە قولىغا يەنە چالما
ئېلىپ ئۇنى تاپانداپ ماڭدى. ھامۇت
ھەيران پەرۋا قىلماي، قوينى قوغلاپ
ئۆيىگە ھەيدەپ كەتتى.

نىياز ئۆيىگە كىرەلمەي بېشى قېتىپ
تۇرغاندا ئوغلاقنىڭ مەرىگەن ئاۋازىنى
ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى؛ ئوغلاق ئېتىزلىقتىن
ئۆزى يالغۇز قېچىپ كەلگەنىدى. ئوغلاق
ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىردەم تۇرغاندىن
كېيىن ھويلىغا كىرىپ كەتتى. نىيازمۇ ئۇنىڭ
ئارقىسىدىن ھويلىغا كىردى.

— قوي قېنى؟ — دېدى ھويلىدىكى
كارىۋاتتا تاماكا يۆگەپ ئولتۇرغان ئاتىسى.

— ...

— گەپ قىل دەيمەن، قوي قېنى؟

— ھامۇت ھەيران تارتىۋالدى،
يەنە تېخى مېنى...

— سەن قويغا قارىماي نېمە ئىش
قىلغان؟

— ...

— ماڭ، جوھۇت! دەلتىپ قاراپ
تۇرماي قوينى ئەكەل، ھېلى بىكار
ئوشۇقۇڭنى چىقىۋېتىمەن!

نىياز يېشىنى سۈرتۈپ تالاغا ماڭدى،
قەدەملىرى ئېغىرلىشىپ خىياللىرى چىگىشلىشىپ
كەتتى. ئادەمنى ئەجەب بالاغا قويدۇڭ
جوھۇتنىڭ قويى! يا ھەممىڭ ھامۇت
ھەيراننىڭلا بولۇپ كەتمىدىڭ! ئاتام دېگەن
قاتتىق ئۆتۈك ئۆزى بارسىغۇ بولىدۇ. ۋاي
ھامۇت ئاداش دەيدۇ، ھاراقنى بىللە
ئىچىڭ دېسە تازا ئىچىدۇ، قىزىل كۆز!
ھامۇت ھەيران قوينى ئۆزلۈكىدىن بەرمەي-
دۇ. ئۇنداقتا، يا دېرىزىسىنى چېقىۋېتىمەن،
يا ئۆيىگە تۇيدۇرماي كىرىپ ئېغىلنى
ئېچىپلا قوينى ھەيدەپ چىقىمەن. ھە
راست، ئۇنىڭ بېغىدا قارىسا بۆرىگە
ئوخشايدىغان يوغان بىر ئىتى بار، ۋاي
كاساپەت! ئەمما ئۇ باغلاقلىق يا بولمىسا
بۇ چاغقا ئوخلاپ قالدى. ئىشقىلىپ، ھامۇت
ھەيراننى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر
ئىش قىلىپ قوينى ھەيدەپ چىقسام
بولاتتى.

ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ھامۇت
ھەيراننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازا
ھېسابىدىكى شادا ئىشىكتىن مارىلىدى.
ھامۇت ھەيران ھويلىسىدا تۇرغانىدى،
نىيازنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا باردى:

— ھە، نېمە دەپ كەلدىڭ؟

— ئاتامغا دېدىم: دېسەم، ھامۇت
ئاكاڭغا بېرىپ دە، قوينى ھازىرچە بېرىپ
تۇرسۇن، كېيىن ئوبدان رازى قىلىمەن
دەيدۇ.

— نېمە بىلەن رازى قىلغۇدەك؟

— سىزنى چاقىرىپ ھاراق قۇيۇپ
بېرىدىكەن، يەنە تېخى توخۇ ئۆلتۈرىدى-
كەن.

— بىرەر پاقلان سويالمامدىكەن؟

— پاقلان بەك ئورۇق، سەمرىگەندە

ئاندىن سىلەرنى قىچقىرىپ مېھمان قىلىمىز.

نىياز بۇ گەپلەرنىڭ قاللىسىغا قانداق كېلىپ قالغىنىدىن ھەيران بولسا، بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھامۇت ھەيرانىنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈپ ئېغىل تەرەپكە ماڭغانلىقىدىن ۋە قوينى چىقىرىپ بەرگىنىدىن ئالامەت خۇشال بولدى. ئۇ قوينى ھەيدەپ مېڭىشىغا ھامۇت ھەيران يەنە:

— ئاتاڭغا دە، مەندىن رەنجىپ قالمىسۇن، ئۆيۈڭلارغا ئەتە-ئۆگۈن بىر بارىمەن، — دېدى.

— بېرىڭ، بېرىڭ! ئاتام سىزنى ئوبدان رازى قىلىدۇ، — دېدى نىياز؛ كۆڭلىدە بولسا ئاتام ساڭا پوق سوۋۇتۇپ قويىدۇ دەپ ئويلىدى ۋە ئىچ-ئىچىدىن ئۇرغۇۋاتقان شادلىقىنى باسالماي قوينى تا ئۆيىگىچىلىك قوغلاپ كەلدى.

## ئوغلاقنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى

ۋاي، ۋاي، بىكار ياتماق ئەجەب تەس ئىكەن؛ مەكتەپكە بارغانمۇ، قوي باققانمۇ ياخشىكەن؛ نېمىلا بولمىسۇن ئۇ يەر، بۇ يەردە مېڭىپ يۈرەلەيتتىم، خالىغان ئىشىمنى قىلالايتتىم. خەتنەمنى يا بۇرۇن قىلمىدى، يا كېيىن قىلمىدى، ۋاھ! باشقا باللار قانداق چىدىغان بولغىيتتى، ئۇلارمۇ ماڭا ئوخشاش ۋارقىراپ بولغۇچە ئاغزىغا تۇخۇم كەپلەنگەن بولغىيمىتتى؛ ئەخمەتنىڭكە-نى دوختۇر كېسىپتىكەن، ئاغرىماپتىكەن. تېزلا ساقىيىپ كېتىپتىكەن. دوختۇر كېسىپ بولغاندىن كېيىن دورا سۈركەپ، داكا بىلەن تېڭىپ قويىمىش؛ مېنىڭكىنى كېسىپ بولغاندىن كېيىن چىققان قاننى كۈل بىلەن توختىتىپ ئەسكى لاتا بىلەن تېڭىپ قويۇشتى، ھازىرغىچە ئېچىشىپ تۇرىدۇ. ۋاي ئاشۇ موللام دېگەن مەتۇنى! تېزرەك ساقىيىپ كەتسەم نېمە بولار، قاقاچنى سويۇۋېتەي دېسەم ئۆتكەنكىدەك بىرقاناپ كەتسە ئاتامدىن يەنە شاپلاق يەيمەن. پاتىگۈل خانىم بەك ياخشىكەن، ئۇ ماڭا شۇنىڭدىن كېيىن يامان كۆزدە قارىمىدى. قارىغاندا ئۇزىنىڭ كۆزىنى ئوغلاقنىڭ كۆزىگە ئوخشاتقانلىقىمدىن خۇش بولغان ئوخشايدۇ. ئۇلۇشكۇن مېنى يوقلاپ كەلگەنـ-ـدە ئۇ چوقۇم بىزنىڭ ئوغلاقنى كۆردى، ھەممىنى چۈشەندى. راست، بىزنىڭ ئوغلاقنىڭ كۆزىدەك چىرايلىق كۆز نەدە؟ روشەنگۈل ئۆچكىنىڭ كۆزى دەپ قويدى، ئۆچكىنىڭ كۆزى دېگەن ئىتنىڭ كۆزىگە ئوخشاپ قالىدۇ، مۇئەللىم دەسلەپتە شۇنىڭغا خاپا بولغان گەپ! مۇئەللىم مېنى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيسەن دەيدۇ. ئۇنىڭ مېنى يوقلاپ كېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنـ-ـمىدۇ؟ راست، ئەمدى بۇ مەكتەپنىمۇ تۈگەتتۇق، شاھادەتنامىنىمۇ ئالدۇق. كۆز باشلاندى، ئەتە-ئۆگۈن قىشمۇ كىرىپ قالىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپ دېگىنى ئۆتكەن يىلى بىز باللار بايرىمىدا باشقا دادۇينىڭ باللىرى بىلەن كىرگەن چوڭ مەكتەپ شۇمىدۇ؟ راست شۇ يەر بولىدىغان بولسا ئۆيدىن ھەر كۈنى ئۇ يەرگە بېرىپ بولغۇچە دەرسكە ۋاق قالىدىغان گەپ. سەھەر ماڭسام، دەرسكە ئاران ئۈلگۈر-

سەم، نامازشامدا كەلسەم، قوي يەنە مەرەپ تۇرسا، ئاتام يەنە تىللىغلى، ئۇكام ماڭقا مېنى باق دەپ يىغلىغلى تۇرسا مەن قايسىبىر ئىشنى قىلىمەن؟ مۇئەللىمغۇ غەم قىلما، ياتاقتا يېتىپ ئوقۇيسەن دەيدۇ. بىراق، كىتاب، دەپتەر، قەلەم ئېلىشقا ئاتام پۇل بېرەرمۇ، بەرمەسمۇ؟ مېنى ساق ئەۋەتەرمۇ، ئەۋەتمەسمۇ؟ ھەي، بىلىپ بولمايدۇ. ئۇكام ماڭقا قوي باقالىغان بولسىمۇ مەن خاتىرجەم ئوقۇيالايتتىم، يېڭى باللار بىلەن كۆڭۈللۈك ئوينىيالايتتىم. ئۇ مەكتەپتە چوقۇم بازارلىق باللار كۆپرەك ئوقۇيدۇ؛ ئەگەر بوزەك قىلىدىغان بولسا مەنمۇ بوش كەلمەيمەن. مۇئەللىملەر ئۇرۇپ تىللىسا ئالە شەرىڭنى دەپ قېچىپ كېلىمەن...

نىياز خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۆيگە ئوغلاقنىڭ كىرگىنىنى تۇيمىدى. ئۇ بايا تالاغا سىيگىلى چىقىپ ئىشىكنى ئەتمەي كىرگەنىدى. ئوغلاق قوتاندىن دائىم چىقىپ كېتىپ ھويلىدا، باغلاردا غازاڭ بولامدۇ، سەي-كۆكتات ياكى مېۋە-چېۋىنىڭ شۆپۆكلىرى بولامدۇ تېرىپ يەپ يۈرەتتى. شۇڭامۇ ئۇ كىچىك بولغىنىغا قارىماي ناھايىتى سېمىز، تۈكلىرى تاراپ قويغاندەك رەتلىك ۋە پارقىراق ئىدى، قوڭۇر رەڭلىك كۆزلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيگە دىكىرلاپ كىرىپ، ئۇيان-بۇيان قاراپ، سۇپىدا يوتقانغا يۆگىنىپ تورۇسقا قاراپ ياتقان نىيازنى كۆردى. نىيازمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوغلاققا قارىدى ھەم ئۇنىڭ ئۆزىگە خۇددى ئادەمدەك قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سەل چۆچۈدى. ئۇ ئىلگىرى جىنلارنىڭ دائىم ئۆچكە سىياقىدا كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ نىيازغا ئامراق ئوغلاق بولسىمۇ بەرىبىر ئۆچكە-دە! جىنلارمۇ باشقا ئۆچكىگە ئايلىنىپ ئۆزىنى چاندۇرۇپ يۈرمەيدۇ، بەلكى كۆرگۈچىگە تونۇش سىياقتا پەيدا بولىدۇ. ئۇنى ئەڭ ياخشىسى جىن دەپ ئويلىمىغىنى ياخشى. ئەگەر ئۇ راستىنلا جىن بولۇپ قالسا نىيازنىڭ تۈگەشكىنى شۇ... ئوغلاقنىڭ كۆزى ئاجايىپ سىرلىق، ۋەھىملىك بولۇپ، نىيازغا غەيرىي بىر تەرىزدە تىكىلىپ تۇراتتى. — «نىيازجان، ساقىيىپ دېدىڭىزمۇ؟ سىزنى يوقلاپ كىردىم. مەنمۇ مۇئەللىمىڭىزگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟» نىياز غايىبتىن ئاڭلىنىۋاتقان بۇ ساداغا قۇلاق سالدى. ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى: «ماتاڭ چىشلىنىۋالدىڭىزمۇ؟ مۇئەللىم دەرس سورىسا جاۋاب بېرەلمىسىڭىز دائىم مۇشۇنداق دەيتتى-ھە!؟» نىياز ئىچىدە «ھەئە، ھەئە» دېدى. ئوغلاق سۇپىغا ئۇشتۇمتۇت سەكرەپ چىقتى. نىياز بېشىنى يوتقانغا پۈركەپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى، ھەممە ياقنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالدى. ھېلىقى غەيرىي ئاۋاز يوتقاننىڭ يوچۇقلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئۇرۇلدى:

— قويۇڭ، قويۇڭ، نېمانچە قورقىسىز؟! مەن جىن ئەمەس، تالاغا سىيگىلىمۇ چىقمامسىز؟

— بايا سىيىپ بولغان.

— مەن كۆرمىدىم.

— بۇ چۈشۈممۇ، ئويغۇممۇ؟

— بۇ چۈشىڭىز ئەمەس، ئىشەنمىسىڭىز يوتقاننى ئېچىپ قاراپ بېقىڭ.

— ياق، ياق! كەت، ئۆيدىن چىقىپ كەت! سەن جىن ئوخشايسەن!

— ياق، مەن جىنغا ئوخشىمايمەن، مۇئەللىمىڭىزگە ئوخشايمەن. بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزى...

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن سەن بەربىر ئۆچكە، يەنى ئۆچكىنىڭ بالىسى! سەن جىن بولمىساڭ ئەمىسە بېشىمنى چۆگىلەپ يۈرمەي قوتانغا كىرىپ كەت! قويلار قوتاندا ساقمۇ؟

— ساق بولمايچۇ ئۇ دۆت بىر نېمە-لەر...

نىيازمۇ ئوغلاقنىڭ ئەقىللىكلىكىگە قايىل ئىدى، ھەر قېتىم قوي باققىلى چىقسا ئوغلاق قويلارغا قېتىلماي ئايرىم ئوتلايتتى، بۇغدايلىققا قاچماي شاخقا ئېسىلىپ غازاڭ يەيتتى، ئېزىپ كەتسىمۇ ئۆينى تېپىپ كېلەلەيتتى. قوتانغا سولاپ قويسا قويدەك جىم ياتماي ئەپ تېپىپ قېچىپ چىقاتتى، ئۆزىدىنمۇ ئېگىز توساقتىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كېتەلەيتتى. روشەنگۈل ئەگەر مۇشۇ ئوغلاقنى كۆرسە ئۇنىڭ كۆزىنى يەنە ئۆچكىنىڭ كۆزى دەپ تۇرۇۋالارمۇ؟ ئۇ مۇبادا ئوتتۇرا مەكتەپكە بارسا بازارلىق كادىر خەقلەرنىڭ قىزلىرى ئۇنى ياراتمايدۇ. ئۇ يەنە ئۇستەلگە بېشىنى قويۇپ يىغلايدۇ. نىياز تەسەللى بېرىدۇ.

نىياز ئوغلاقنى قوغلىۋېتىشكە پېتىنالماي يوتقان ئىچىدە تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتتى. بىردەمدىن كېيىن تالادىن بىر كىمنىڭ ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. نىياز ئاتىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى تۇيۇپ يۈركى جايىغا چۈشتى. ساۋۇتاخۇن ئۆيگە كىرىپلا تۈۋلاپ كەتتى:

— ھەي نىياز، ماۋۇ ئوغلاقنى قوغلى-ۋەتسەڭ بولمامدۇ!؟ بىر تاپ بولدۇڭغۇ سەن! ئۆيگە مايافلاپ بوپتۇ ئەمەسمۇ بۇ جوھۇت! ۋۇي، گېلىغا پىچاق يەيدىغان جىن تېكسى!

ساۋۇتاخۇن ئوغلاقنى ئۇرۇپ تېپىپ ئۆيدىن قوغلاشقا باشلىدى. ۋاي قاتتىق ئۆتتۈڭ! تېپە تەپ، ئوغلاقنىڭمۇ جېنى بار، تەپسە ئاغرىيدۇ. سېنىمۇ بىرى ئاشۇنداق تېپىپ باقسا قانداق بولاتتىڭ؟! نىياز يوتقاننى ئېچىۋېتىپ، ئاتىسىنىڭ ۋاقىلدىتىپ تېپىشىگە چىدىيالماي مەرەپ، پەرياد ئۇرۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان ئوغلاققا چەكچىيىپ قاراپ قالدى.

بىر ھازادىن كېيىن تالادىن قارا ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ھويلىغا بىر كىملەر كىردى. ساۋۇتاخۇن ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— مانا كۆرسىلە ئابدۇۋايىت شۇجى، بالىنى تېخى ئۈلۈشكۈن خەتنە قىلدۇق. ئوتتۇرا مەكتەپكە چۈشەلمەيدۇ.

— بالا دېگەننى بۇرۇنراق خەتنە قىلدۇرىمىز ساۋۇتاخۇن، ئادەمگە قېرىشقاندەك بىر ئىش قىلىپسىز. بالىڭىزنىڭ مۇئەللىممۇ، بالا يىغقىلى چىققان مۇئەللىملەرمۇ تۇرۇپتۇ ئەنە، ئۆزىڭىز بىر نېمە دەڭ. بالىڭىزنى بېرەمسىز، بەرمەمسىز؟ بەرمىسىڭىز گەپ ئېنىق، ئۈچ مو يەرنى قايتۇرىسىز، ئۇستىگە جەرىمانە تۆلەيسىز!

نىياز كۆزىنى يۇمۇپ جىم ياتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھازىرلا ئورنىدىن قوپۇپ ماشىنىغا چىقىۋالغۇسى، باشقا بالىلار بىلەن

كۆرمگەننى كۆرۈپ، بلمگەننى بلىۋالغۇسى كېلەتتى. ئەمما چاترىقدىكى مۇنەك ئۇنىڭ بەلدىن تۆۋەن يېرىنى تاشتەك بېسىپ، قىچىشىپ ئارام بەرمەيتتى.

ئۇ شۇ ئەسنادا پاتىگۈل خانىمنىڭ ئۇتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىملىرىگە: «بۇ بالا كەپسىزەك بولغان بىلەن بەك زېرەك، ئۇ زادى داۋاملىق ئوقۇمىسا بولمايدۇ» دېگىنىنى ئاندىن ئاتىسىغا: «ساۋۇتكا، نىيازنى ئوقۇشقا بىز كۆرسىتىپ بەردۇق. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپنى ئەلا نەتىجىدە پۈتتۈردى» دېگىنىنى ئاڭلىدى، ئارقىدىنلا ئاتىسىنىڭ زەردىلىك زۇۋانى ئاڭلاندى:

— نېمە بولسا مەيلى، بالىنى يەنە ئوقۇسۇن دېسىلە ئۆزلىرى ئوقۇتسىلا!

ئابدۇۋايىت شۇجى قايناپ كەتتى:

— ئوقۇتماي ھەددىڭىز ئەمەس ساۋۇتاخۇن! بۇ دېگەن مەجبۇرىيەت! ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنى! سىز بىر ئادەم بۇنىڭغا خىلاپلىق قىلالمايسىز! خىلاپلىق قىلسىڭىز بايا دېگەندەك، يەرنى قايتۇرىسىز، جەرىمانە تۆلەيسىز، شۇنىڭغا چىدىسىڭىزلا بولىدى!

— ئادەمنى بۇنداق قىستىمىسىلا شۇجى، بالىسىنى بەرمىگەن ئادەم پەقەت مەنلىمۇ؟

— يەنە ئۈچەيلەن بار. ئۇلارمۇ بالىسىنى ئاڭلىقلىق بىلەن تاپشۇرمايدىغان بولسا مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى بويىچە جازالىنىدۇ، شۇنداقمۇ مۇئەللىم؟

— شۇنداق، — دېدى ئوتتۇرا ياش بىر مۇئەللىم، — تىزىملىككە چۈشكەن بالىلارنىڭ ھەممىسى جەزمەن ئوقۇشى كېرەك.

— بالىنى مۇشۇ ئەپەندىلەرگە بەرسەم ئوقۇتۇپ كادىر قىلالامدۇ شۇجى دەپ باقسىلا؟ سىلى شۇنىڭغا ھۆددە قىلالامىلا؟

— بالىڭىزنى ھۆكۈمەت مەدەنىيەتلىك دېھقان بولسۇن دەيدۇ ساۋۇتاخۇن، ئۆزىڭىز بىر قارا تۇرك، ئەمدى بالىڭىزنىمۇ شۇنداق قىلاي دەمسىز؟

— بالام ساۋاتىنى چىقىرىپ بولدى، ئەمدى مۇشۇنچىلىك ئوقۇسا بولار. ئۇنىڭدىن كۆرە قوي باقسۇن، ھۈنەر ئۆگەنسۇن، ھازىردىن باشلاپ نان تېپىپ يېيىشنىڭ كويىغا كىرسۇن. نېمە دېسەڭلار مەيلى، مەن بۇنى ئەمدى ئوقۇتمايمەن!

— ئوقۇتمامسىز؟ ئوقۇپ قويۇڭ، كەنتىمۇ بۇ ئىشقا قول تىقىدۇ. يېزىدىن ئادەم چىقىپ تەكشۈرىدۇ. مائارىپ بەنزىدىن باشلىقلار كېلىدۇ. سىز ئۆزىڭىزگىلا دېھقان ئۆزىڭىزگىلا ئادەم ئەمەس، ئۈستىڭىزدە ھۆكۈمەت، قانۇن، ئىنتىزام، پرىنسىپ دېگەن نەرسىلەر بار، ئۇنىڭغا نېمە دېيەلەيسىزكىن؟ يەنە مۇشۇنداق ئۆكتەملىك قىلىپ ئىنجىق-مىنجىق دەيدىغان بولسىڭىز ئەمدى ئاقمايدۇ.

— ئۆزلىرى بىلىلا شۇجى، بۇ بالا بولمىسا مەن دېھقانچىلىققا يېتىشىپ بولالمايمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوتاندا بەش-ئالتە قوي-كالا، بوشۇكتە بىر بالا تۇرىدۇ.

— ھە ئۇ بالىمۇ چوڭ بولار، ئەمدى ماۋۇ چوڭ بولغىنىنى ئەۋەتىپ تۇرىلى.

— ئەستا، بۇ بالا بۇنداق تۇرسا قانداق ئەۋەتكىلى بولىدۇ؟

— ئەمسە ئاۋۇ قوتاندىكى قويىڭىزنىڭ

بىرنى ماۋۇلار ماشىنىغا بىسىپ ئەپكىتىپ تۇرسۇن، بالىنى سىز قاچان ئەۋەتسىڭىز قوينى شۇ چاغدا قايتۇرۇپ بەرسۇن.

— ئەستا، بۇ تىرىكتاپنى مەكتەپكە ئەۋەتسمۇ پۇل دەپ كەلسە، ئەۋەتمسە تېخى جەرىمانە دەپ قىستاۋاتساڭلار، مەن نېمە قىلمەن ئەمدى!؟...

— قانداق قىلىمىز، — دېدى ئابدۇۋايىت شۇجى بالا يىغقىلى كەلگەنلەرگە قاراپ، — قوينى بىسىپ ئەپكىتىپ تۇرامسىلەر يا ئۇنى مەن ئېلىپ تۇرۇپ بالىنى جەزمەن ئەۋەتىشكە كېپىللىك قىلايمۇ؟

— ئۆزلىرى بىر ئىش قىلسىلا، — دېدى مۇئەللىملەر.

— ماقۇل ئەمسە، ئەھۋالغا قاراپ بىر ئىش قىلايلى! ئۇنتۇپ قالماڭ ساۋۇتاخۇن، بالىڭىز مەكتەپكە كىرگۈچە قويىڭىز ماڭا ئامانەت، ماشىنا يەنە بىر كەلگۈچە بالىڭىز ساقىيىپ، يوتقان-كۆرپىلىرى، يەيدىغان نورمىلىرى تەييارلىنىپ بولسۇن!

ئۇلار كەتتى، نىيازمۇ كۆزىنى ئاچتى. ئاتىسى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ يەنە ئۆيگە كىردى. نىيازغا ئۆلۈك ئېشەككە قارىغاندەك بىزارلىق بىلەن قاراپ قويىدى. نىياز ئاتىسىنىڭ غەزەپ ۋە جىلىخورلۇق چىقىپ تۇرغان ئەپتىگە قارىغۇسى كەلمەي تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالدى. پاتىگۈل خانىممۇ ئاتىسىنىڭ قوپال گەپلىرىدىن ئۇجۇقۇپ كەتتى بولغاي، كېيىن گەپ قىلمىدى. ئوتتۇرا مەكتەپ مۇئەللىملىرىمۇ ھېلىقى كەنت شۇجىسى بولمىغان بولسا ئاتىسىنى بويسۇندۇرالمايتتى. شۇجىلار مانا كارامەت ئادەمكەن، ئاتىسىنىڭ قەھرىنى سۇندۇرۇۋەتتى. بىر كۈنلەردە ماشىنا يەنە گۈركىرەپ كېلىدۇ؛ ئاتىسى ئۇنىڭ نورمىسىنى ئايرىپ بېرىدۇ، ئاپىسى يوتقاننى تېكىپ بېرىدۇ، ئۇ ماشىنا ئۈستىدە يۇمشاققىنا ئولتۇرۇپ ئوتتۇرا مەكتەپكە ماڭىدۇ؛ ياتاقتا يېتىپ ئوقۇسا ئۆيگە ھەپتىدە بىر قايتىدۇ يا قايتمايدۇ؛ قوي بېقىشتىنمۇ قۇتۇلىدۇ؛ يېڭى-يېڭى كىتابلارنى قانماي كۆرىدۇ؛ تېخى رەسىم سىزىدۇ، باللار بىلەن توپ ئوينايدۇ، پۇتبول، تىكتاكتوپ... پاھ، نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك! ئۇ ئۇلگىرى بۇلارنى ئەجەب ئويلىماپتىكىنە؟! « نىيازجان، يەنە ئوقۇيدىغان بولدىڭىزمۇ؟ » نىياز بېشىنى كۆتۈرۈپ، پەگادا تۇرغان ئوغلاقنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئوغلاق ئۇنىڭغا مەيۈسلۈك بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى. غايىب سادا تۆگۈلۈكتىن كىرگەن سالقىن شامالدەك تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. « ماڭ، ماڭ! كەت! ئاتامدىن ھېلى تېپىك يەيسەن! » ئوغلاق ئۇنىڭ ئىشارىتىنى سەزگەندەك كەينىگە ئۇچقاندەك بۇرۇلۇپ تاقلاپ، سەكرەپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى كەچقۇرۇن ھويلىدىن ئوغلاقنىڭ جان جەھلى بىلەن ئىنجىقلىغان، جېنىنىڭ بارىچە مەرىگەن، ساۋۇتاخۇننىڭ ئۇنى تىللاۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئوغلاقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئېچىنىشلىق پەريادىدىن چۆچۈگەن نىياز يوتقانىدىن سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، كەشىنى كىيمەيلا ھويلىغا ماڭدى. دالاندا تۇرغان ئاپىسى ئۇنى: « ماڭ، ئىشتىنىڭنى كىيىپ چىق، سوغۇق ئۆتۈپ قالىدۇ » دەپ ئۆيگە ھەيدىدى. نىياز ئىشتىنىنى كىيىپ تۇرۇشىغا ھويلىدا تۇرغان

ئاتىسى ۋارقىرىدى:

— نىياز، بۇياققا چىق، قانغا كىر، چاققان بول! ساڭا پايدا قىلىدۇ!

نىياز ھويلىغا چىقىپلا، ئەمدىلا بوغۇزلىنىپ، قانلىرى داسقا شارقىراپ چۈشۈۋاتقان ئوغلاقنى كۆرۈپ يۈرىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدا قىلىپ مىجىلغاندەك، يۈرىكىدىن ئىتىلىپ چىققان قانلار گويا ئاشۇ ئوغلاقنىڭ قىنى بىلەن قوشۇلۇپ داسقا ئىقىپ چۈشۈۋاتقاندەك بولدى.

— بولە، ئىشتىنىڭنى سال، نىمە قاراپ تۇرىسەن!؟ — نىياز بۇ پاجىئەلىك مەنزىرىگە قاراپ تۇرالماي ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى ۋە يوتقانغا كىردى؛ پۈتۈن بەدىنى لاغىلداپ تىترەپ، كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئىقىشقا باشلىدى.

— ماڭ، ئاتاڭ قانغا كىرسۇن دەيدۇ، — دىدى ئاپىسى ئۆيگە كىرىپ.

— كىرمەيمەن، ئۆزى كىرىۋالسۇن، — دىدى نىياز يىغلامسىراپ.

— ساراڭ، نىمە بولدۇڭ؟ نىمە يىغلايسەن؟

ئوغلاقنىڭ غايىب ساداسى يىراق-يىراقلاردىن يەنە ئۇچۇپ كەلدى:

— نىيازجان، قويۇڭ قانغا كىرىڭ! قىنىم ئىسسىق ۋە پاكىز، قىنىمنى كەچسىڭىز ھىچنىمە بولمايسىز، ئۇنى پاچىقىڭىزغا سۈركىۋالسىڭىز پايدا قىلىدۇ، تىقىمىڭىز تارتىشىپ قالمايدۇ، بەك يۈگۈرىدىغان، قوينى بەك توسىيالايدىغان بولىسىز. ئاتىڭىز مىنى ئۆلتۈردى، ئاخىرەتتە مەنمۇ ئۇنىڭدىن جان سورايمەن ئەمەسمۇ؟

— ئاتامنىڭ قولى قانلىق، سىنى ئۆلتۈرگۈچە قويىدىن بىرەرنى ئۆلتۈرسە بولمامدۇ؟

— ئۇنداق دىمەڭ، ئەقىدىرىمىز ئوخشىمايدۇ، قويلىرىڭىزغا ئوبدان قاراڭ!...

غايىب سادا ئۆچتى. نىيازنىڭ روھى ئالەمدە ئۇچۇپ يۈرگەن گىرىمسەن سۈرەتلەر ئاق ئوغلاقتەك پاك ۋە نۇرانە ئىدى. ئاق ئوغلاق ئاپئاق بۇلۇت ئۈستىدە قاردا ماڭغاندەك مىڭىپ يۈرەتتى، گاھىدا ئۇ بۇلۇتتىن بۇ بۇلۇتقا سەكرەپ قوياتتى. ئۇ سەكرەپ ئاخىر ھىرىپ قالدى-دە، يەنە بىر چوڭ بۇلۇتقا بىر سەكرەپ يېتەلمەي يەرگە پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كەتتى. نىيازنىڭ ئىچى سىقىلىپ بىشى لوقۇلداپ ئاغرىشقا باشلىدى، كۆپ ئۆتمەي ئۇخلاپ قالدى، چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاق ئوغلاق يەنە ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ بىشىدا قاراپ تۇرغۇدەك، كۆزىدىن قان قۇيۇلغۇدەك. ئۇ ئوغلاقنىڭ پۈتىدىن تۇتۇپ، دۈمبىسىدىن سىلاپ ئاندىن ۋىلىقلاپ كۈلۈپ: «سەن تىخى ئۆلمەپسەنغۇ!» دىگۈدەك.

ئەلىياتقۇ مەھەلدە نىياز يان ئۆيدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتتى.

— پاشاخان، بولدى، لىگەننى قويۇپ سىزمۇ كىلىڭ، — دەۋاتاتتى ھىلقى كەنت شۇجىسى.

— ھە، شۇجى، سىلى گۆشكە ئىغىز تەگكەچ تۇرسىلا، مەن شورپا ئۇسۇپ ئەكىرەي. ساۋۇتاخۇن، قىنى ھارىقىڭلىنى قۇيمامسىلە، — دىدى ئاپىسى. ئارقىدىنلا ئاتىسىنىڭ سۆزى ئاڭلاندى:

— ئەسلىدە ھەر قايسىلىرىنى بۇرۇنراق چاقىرىپ قويۇش كۆڭلۈمىزدە بار ئىدى،

ئۇ-بۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ كېتىپ قولىمىزنى بوشىتالماي قالدۇق. شۇنداق بولسىمۇ ھە ئا شۇجى ھەم ماۋۇ قالغان يۇرت چوڭلىرىمىز ئاز بولسىمۇ كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئوبدان ئولتۇرۇشۇپ بېرەلا. مۇشۇ ھاراقنى شۇجى ئۆز قولى بىلەن ئايلاندۇرسا!

— ئىنىمىز ساۋۇتاخۇننىڭ كۆڭلىگە رەھمەت! سورۇننىڭ مەقستى ئايدىڭ، يەنى ھەممىمىز بىر-بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىش، دەردىگە دەرمان بولۇش! بۇنىڭدىن باشقا گەپ بولسا تېخى ئەمدى دېيىشىۋالىمىز.

— خوشە ئەمسە كۆپچىلىك!

تەرەپ-تەرەپتىن خوشە، خوش، سىڭسۇن! دېگەن ئاۋازلار كەلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بىرىنىڭ تىرىڭلىتىپ دۇتار چالغان ۋە مۇڭلۇق ئاۋازدا توۋلىغان ناخشىسى ئاڭلاندى:

قوناقلىقتىن ئوت ئالدىم ئاللا گۈلمە يلۇم،
بوينى قارا ئۆچكىگە ھوي، ھوي گۈلمە يلۇم.
مېنىڭ كۆڭلۈم چۈشۈپ قاپتۇ ئاللا گۈلمە يلۇم،
كۆڭلى قارا ئەسكىگە ۋاي، ۋاي گۈلمە يلۇم.

كەينىدىنلا كۆپچىلىكنىڭ ھە، ھە پاشاخان، ئۇسسۇلغا چۈشسىلە ئۇسسۇلغا! شۇجىنى ئۇسسۇلغا تارتسىلا، شۇجىنى! دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

نىياز كىملەرنىڭدۇر مالاچلىتىپ گۆش يەۋاتقان، كىملەرنىڭدۇر ھاراقنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن ئاھ، ئوھ دەپ چاي سۈمۈرۈۋاتقان، كىملەرنىڭدۇر قايناق پاشاخان! ئويناك پاشاخان! دەپ توۋلاۋاتقان، چوكىنى تەخسىگە جىرىڭلىتىپ ئۇرۇۋاتقان، يەرنى گۈپۈلدىتىپ تېپىۋاتقان ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتى. ئۇ ئوغلاق بىلەن خىيالەن سىرىدىشىشقا، ئۇنى چۈشە شىكە شۇنچە ئۇرۇنۇپ كۆردى. بىراق، يان ئۆيدىكى قالايمىقان ئاۋازلار ئۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەيتتى. ئۇلار ھەقىقەتەن ياشاۋاتقان، نىياز بولسا بىر ئەسكى مازارلىقتا جۇلدۇر كېپەنگە يۆگىنىپ ئۆلەر ھالدا يېتىۋاتقاندەك ئىدى.

بىر چاغدا داشقازاندەك قايناۋاتقان ئۆي سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىمىپ قالدى. قاراڭغۇ ئۆيدە بىر كىملەرنىڭ خورەك تارتقان، تالادا بىر كىملەرنىڭ ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭغان شەپىسى ئاڭلاندى. بۇ چاغدا نىيازمۇ ئۇيقۇغا بېرىپ قالغاندى.

ئەتىسى نىياز ئاتىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئاپتاپتىن كېيىنكى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، بوراندەك گۈركىرىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆردى.

— تەخسىنى كىم چاققاندۇ؟ — دەيتتى ئاپىسى چالۋاقاپ.

— مەستلەر بولمامدۇ!؟...

— ئاخشام سىلىمۇ مەست، ئۆي ئىگىسى بولغاندىكىن ئازراق ئىچىدىغان!

— ساھىبخان بولغاندىكىن ئىچىشىپ بەرمىسەم سەت تۇرامدۇ؟!

— قانداق، ئابدۇۋايىت شۇجى ماقۇل دېدىمۇ؟

— بىر ئوغلاقنىڭ گۆشىنى يېگەندىكىن ماقۇل دەيدۇ-دە!

— ئەمدى قوينى ئالمايدىغاندۇ؟

— ئالمايدىغان بولدى، بىر قوينى ئۇنىڭغا بەرگۈچە ئىلاھىم، ئوغلاق كەتتى، بولدى!

پاشاخان ئۇغلاقنىڭ كاللا-پاچاقلىرىنى ئۆيگە ئەكىرىپ، تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتقان نىيازغا:

— قوپە نىياز، ئۇچاققا ئوت قالاپ بەرەي. سەن ئولتۇرۇپ ماۋۇ كاللا-پاچاقنى ئۆتلە، — دېدى.

نىياز قارشىلىق قىلالماي، ئىشتىنىنى كىيىپ، كۆڭلىكىنى يېپىنچاقلاپ ئۇچاق ئالدىغا كەلدى. نىياز ئۇغلاقنىڭ تۈكلىرى يالتىراپ تۇرغان پاچاقلىرىغا، كېسىلگەن كاللىسىغا قاراپ شۈركۈنۈپ كەتتى، ئۇغلاق تىلىنى چىشلىۋالغان بولۇپ كۆزى مەرمەردەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ بۇ دەھشەتلىك تەسىراتنىڭ ئۇزۇن داۋاملىشىشىنى خالىماي ھەممىنى ئۇچاققا تىقىۋەتتى، گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت پاراسلاپ كەتتى؛ ئۇچاق ئالدى ۋە ئۆي ئىچى قويۇقا پۇراپ كەتتى؛ نىياز بۇلارنى پۇراپ بىردەم ئولتۇرغانىدى، بېشى ئايلىنىپ كەتتى، چاناقلىرىغا ياش تولدى. ھەي ئۇغلاق! قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدۈڭ! كۆزۈڭ ئوچۇق كەتتى! ئەمدى ھەريان تاقلايدىغان پۇتلىرىڭمۇ، ئادەمگە ئاجايىپ قارايدىغان كۆزلىرىڭمۇ كۆيۈپ كەتتى! گۆشۈڭنى قارنى يامانلار يەپ كەتتى! ئۇلار سېنىڭ گۆشۈڭنى قانداق يېيەلىگەندۇ-ھە!

ئوت ئۇغلاقنىڭ كاللا-پاچاقلىرىنى بىر دەمدىلا كۆمۈردەك قاپقارا قىلىۋەتتى، پەقەت ئۇغلاقنىڭ چىشلا دەھشەتلىك پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ تىلىنى چايناپ سۆزلەۋاتاتتى: «نىيازجان، ئوتنى ئۇلۇغ قالاڭ، كاللا، پاچاقلىرىمنىڭ ھەممىسىنى كۆيدۈرۈۋېتىڭ! بولمىسا ئاتىڭىز چوت بىلەن مۈڭگۈزۈمنى چىقىرىپ، مېڭەمنى يېرىپ قازانغا تىقىدۇ!» نىياز قولىدىكى زىخنى تاشلاپ يەنە يوتقانغا كىرىپ ياتتى، ئىچى ئېلىشىپ قورسىقى كوكىرىغلى تۇردى. ئاڭغىچە ئاپىسى كىردى.

— كاللا-پاچاق قېنى؟

— ئۇچاقتا.

— ۋاي خۇدايىم، كۆيۈپ كېتىپتىغۇ بۇ! بۇرنۇڭغا بىر نېمە پۇرىمىدىمۇ ھەي مەينەت!؟

نىياز يوتقان ئىچىدە جاقىلداپ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئاپىسى غەزەپ بىلەن بېرىپ يوتقاننى ئېچىۋەتتى. نىياز ئورنىدىن چاچراپ قوپۇپ تالاغا قاچقۇچە ئاپىسى ئۇنىڭ تېقىمىغا سۈپۈرگە دەستىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۆي ئىچىدە قوغلاشقا باشلىدى.

— ۋۇي جېنىم ئاپا!...

— ھە قاچە، نەگە قاچىسەن؟! تۈنۈگۈنكىياقى سەن تازنى دەپ ئىشلە-ۋاتىمىز، بىر ئۇغلاقنىڭ خۇنى ئاقتى، ئەمدى كاللا-پاچىقىنى ئۆتلە دېسە يوتقانغا كىرىپ ياتىسىنا، ھۇي نانقېپى دەيۈز!...

نىياز چاتىرىقىنى چاڭگاللاپ يىغلىغىلى تۇردى. پاشاخان ئۇنىڭ قولىدىن قان يۇقۇشۇپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ ئالدىغا باردى، پاختا بىلەن ھېلىقى مونەكتىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قانلارنى سۈرتتى.

— ماڭە، ئەمدى كىرىپ يات، پاختىنى چىڭ بېسىپ تۇت! قورسىقىڭ ئاچتىمۇ؟

نىياز قورسىقى ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ ھەر قېتىم قوي باققىلى چىقسا

يانچۇقىدا تۇرۇپ قالغان قاتتىق-قۇرۇق نانلارنى ئۇغلاققا بېرەتتى، ئۇغلاقنىڭ مىتىلداپ تۇرغان ئېغىزىنىڭ ئالقىنىنى قىچىشتۇرۇشىنى ياخشى كۆرەتتى، قويلار ئۇغلاقنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كەلسە ئۇلارنى نېرى ھەيدىۋېتەتتى. ئۇلار بەلكىم ئۇغلاقنىڭ ئۆلگەنلىكىدىن تەنتەنە قىلى-شىۋاتىدىغاندۇ، بىراق ئۇلارمۇ ئاخىر بىر كۈنى ئۆلىدۇ.

كېيىنكى كۈنلەردە نىياز كۈتكەن قارا ماشىنىمۇ كەلمىدى، پاتىگۈل خانىممۇ يوقاپ كەتتى. ئۇ يەنىلا ئاشۇ جىمجىت ئۆيىدە ئۇغلاقنى چۈشەپ ياتتۇردى. گاھىدا مەھەللىدىكى بالىلارنىڭ ئاندا-ساندا چۇرقىراشقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئۇلار مەكتەپكە بارغۇچە ھەم قويلىرىنى ئېتىزلىققا ئېلىپ ماڭغۇچە دائىم مۇشۇ قاتار تامدىن ئۆتەتتى.

## قوي ھالاكىتى

نىياز خىيالىدا ئاتىسى بىلەن تەگە-شىۋاتاتتى.

«— نىياز، قوي مەرەپ كەتتى! نىياز، قوينى چىقار! نىياز، گەپ قىل دەيمەن كىسپۇرۇچ!

— مەن تېخى ساقايمىدىم.

— ماڭساڭ ساقىيسەن، قوينى چىقىرىپ بېرەي. تاياقتىن بىرنى ئېلىپ ئاستا ھەيدەپ ماڭساڭ بولىدۇ. بىر يېرىڭ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالمايدۇ.

— ئۇغلاقنى نېمىشقا ئۆلتۈرگەن؟!

— ئۇ سېنىڭ نېمەڭ ئىدى؟

— ئۇنى ئۆلتۈرگۈچە قويدىن بىرنى ئۆلتۈرسىڭىز بولمامدۇ؟!

— بولمايدۇ، قوي دېگەن ئۇغلاقتىن ئەتىۋار.

— ۋاييەي، ئاشۇ تولۇمچاشقانلارما؟!

— قوي قانداق چاشقان بولىدۇ ھەي دۆت! مەكتەپتە نېمە ئوقۇيسەن؟ مۇشۇن-داق دۆت تۇرۇپ يەنە مەكتەپتە ئوقۇي دەمسەن تېخى!

— مەكتەپتە بىز ئۇنى ئۆگەنمەيمىز، سىزمۇ دۆتكەنسىز!

— ھېلى بىكار جۇمۇ!

— مېنى ئوتتۇرا مەكتەپكە نېمىشقا ئەۋەتمەيسىز، زادى نېمىشقا؟

— ئوقۇمايسەن، قوي باقىسەن.

— باقىۋېرىمەنمۇ؟!

— ھوي كالۋا، ئۆتكەندە دېمىدىممۇ، رەسۇللامۇ كىچىكىدە قوي بېقىپتىكەن، بىزمۇ كىچىكىمىزدە قوي باققان. قوي دېگەن قۇربانلىققا ئاتالغان ئۇلۇغ نەرسە، قوي بېقىش دېگەن ئاخىرەتكە ئاتالغان ساۋابلىق ئىش.»

نىياز بۇنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ قالدى، بۇ مەھەللىدە زادى ئەردىن ئايالغىچە، چوڭدىن كىچىككىچە قوي بىلەن ھەپە-لەشمەيدىغىنى يوق. ھەر ئائىلىدە كەم دېگەندىمۇ بىر-ئىككىدىن قوي بار. ئۇلارنى يىغىپ مەھەللىنىڭ ئېتىزلىرىغا قويۇپ بېرىدىغان بولسا ھەممە يەر بەئەينى يايلاق بولۇپ كېتىدۇ. نىياز ئەمدى مۇشۇ يايلاقنىڭ چوپانىغا ئايلىنىدۇ. جىلتىسىدىكى كىتاب-دەپتەرلىرىنى بىر ياققا ئېلىۋېتىپ

ئىچىگە نان، ئالما سېلىپ ئۇنى غاجاپ يەپ قويلارنى ئوتلىتىپ يۈرىدۇ. ئەڭ مۇھىمى، پاتراق ساقىيىپ كەتسەم بولاتتى دەپ ئويلايتتى نىياز كۆرپىدە ئۇيان-بۇيان تولغىنىپ، قويلار قوتاندىن بىر كۈن چىقىرىلمىسا ھويلىنى بېشىغا كىيىپ توختىماي مەرەيدۇ، مەن لام-جىم دېيەلمەيمەن. قاچانغىچە مۇشۇنداق ياتارمەن؟ بىر يەرلەردە قارا ماشىنا گۈركىرىگەندەك قىلىدۇ، بىر يەرلەردىن ئوغلاق مەرىگەندەك ئاۋازلار ئاڭلىنىدۇ. قۇلىقىم نېمە بولغاندۇ؟ چاترىقىمنى تۈگمەن تېشىدەك بىر نېمە بېسىۋالغان، ئاخشىمى ئاغرىپ ئارام بەرمەيدۇ. يوتقان شۇنچىكى تېگىپ بولغۇچە يۈرىكىم جىغىلدايدۇ. موللامنىڭ ئۇستىرىسى گال ئوخشايدۇ، چاتاق كېسىپ قويۇپتۇ. ئاشۇ ئۆچكە ساقال ئوغرىنىڭ ساقاللىرىغا ئېسىلىپ، كانىيىنى سىقىپ چىرقىرىتىۋەتسەم دەيمەن. ئاتام ساقىيدۇ، ساقىيدۇ دەيدۇ، نەدە ساقىيدۇ. مانا ئەمدى خوپ بولدى...

كۈنلەر ئۆتۈپ نىياز قوي باقالىغۇدەك ھالغا كەلدى. ئاتىسى ئۇنىڭ قولىغا ئۇزۇن تاياقتىن بىرنى تۇتقۇزدى. ئاپىسى ئۇنىڭغا ئېغى كەڭ پاختىلىق ئىشتاندىن بىرنى تىكىپ بەردى. ئۇ ئالچاڭلاپ، تاياقلىرىنى شىلتىپ، قوينى ھەيدەپ ئېتىزلىققا كەلدى. بىكارلانغان قوناق ئېتىزلىقىدا مەھەللىنىڭ بىر توپ باللىرى قوي بېقىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قاشىم توپ ئويناسا، بەزىلىرى گاگار ئويناۋاتاتتى. بەزىلىرى نۇر چۆكە-لىشىۋاتاتتى. نېرىقى تېرەكلىكتە تېخى بەزى ئوغۇللار قىزلارنى قوغلاپ يۈرەتتى. نىياز قوينى ئېتىزلىققا ھەيدەپ قويۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈپ بىر چەتتە ئولتۇردى. قادىر قاغا بىلەن سەمەت پاختەك ئۇنى كۆرۈپ بىرقانچە بالىنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەلدى ھەم ئۇنىڭدىن بىردەم ئەھۋال سوراپ يەنە ئۆزىنىڭ ئويۇنىغا چۈشۈپ كەتتى. شۇ ئارىدا بىر بالا:

— ھەي نىياز، قويۇڭ قاچتى! — دەپ ۋارقىرىدى.

نىياز ئورنىدىن قوپۇپ، قويلىرىنىڭ يەنە ھامۇت ھەيرانىڭ يېڭىدىن ئوندۇرمە بولغان بۇغدىيىغا كىرگەنلىكىنى كۆرۈپ تايىقىنى كۆتۈرۈپ بېرىپ بولغۇچە ھامۇت ھەيرانىڭ رەيھان ئىسىملىك چوڭ قىزى ئۇ قوينى ھەيدەپ بىر نېمىلەرنى دەپ ۋاتىلداپ كەتتى. نىياز بېرىشىغىلا ئۇ قىز قويغا بىر ياقتىن چالما ئېتىپ، بىر ياقتىن سېرىق تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ ئۇنى تىللاپ كەلدى:

— قويۇڭغا قارىساڭ بولمامدۇ ھەي كۈچۈك، ئاتاڭنىڭ يايلىقى يوق بۇ يەردە!

— ھەي، ھەي سېرىق! تىللىماي گەپ قىل جۇمۇ!

— قويۇڭنى ئوڭلاپ باقالمىغان نېمەڭگە ئاتاڭ قەلەندەرگە بەرسەڭ بولمامدۇ؟

— قەلەندەر دېگەن سېنىڭ ئاتاڭ! ئاتاڭ ئۆتكەندە بىزنىڭ قوينى قوتىنىغا سولىۋېلىپ ئاتامغا تىلەمچىلىك قىلىپ بارغان...

— بارسا قېنى بىرنەرسە قىلىپ بېرىشتىڭمۇ؟! يىقىن دەپ ئىززىتىنى قىلىپ بارسا قۇرۇق قول يولغا سېلىپ، شۇجى كەلسە ئوغلاق سويۇپ مېھمان قىلىشپسە نغۇ؟!

— ...

— ھېچكىم سەنلەردەك ئېگىز پەس يالاقچى ئەمەس. شۇجىنىڭ تەخسىنى كۆتۈردىغان! ئاتاڭ دېگەن شوۋىچى ئاپاڭنى خەققە سولاپ بېرىپ يۈرىدۇ ئاشۇنداق-ھە، بىزنى بىلمەيدۇ دېمە...

نىياز بۇ سېسىق گەپلەرگە چىداپ تۇرالماي ئېتىلىپ بارغىنىچە ئۇنى بىر ئىتتىرىپ يىقىتىۋەتتى-دە، قوينى ھەيدەپ قاچتى. رەيھان سېرىق ئورنىدىن قوپۇپ قوغلىدى. نىياز ئىتتىك يۈگۈرەلمىگەچكە، قولىدىكى تاياقنى قوش قوللاپ تۇتۇپ «جەڭ»گە تەييارلاندى.

— كېلە كۈچۈك، ئەمدى كېلە...

— كېلە جالاپ...

رەيھان يەردىن چالما ئېلىپ بىر ئاتقاندى، چالما قىرىشقاندەك بېرىپ نىياز-نىڭ ئېنچىكە ساقايماي تۇرغان ھېلىقى جان يېرىگە تەگدى. ئاچچىق ۋە ئاغرىق دەستىدىن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن نىياز يىغلىغانچە نەرە تارتىپ بېرىپ رەيھاننىڭ قەيىرى ئۇدۇل كەلسە شۇ يېرىگە تاياق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى. رەيھان بىر جايدا پىرقىراپ پۇتلىرىنى شىلتىيتتى، قولى بىلەن يۈز-كۆزىنى تورايتتى. ئاڭغىچە باللار كېلىپ ئاجرىتىۋال-دى. رەيھان قانجۇقتەك قاۋاپ ئېغىزى بېسىققاندىن كېيىن باشقا قىزلار بىلەن قوينى ھەيدەپ ئېرى كەتتى.

نىياز قوينى ھەيدەپ ئېرەكلىككە ئېلىپ كىردى ۋە ئىشتىنىنى سېلىپ قارىدى. ئەمدى قاتقان قاقاچ ئوتتۇردىنلا يېرىلغان، ئۇنىڭدىن چىققان قان ئىشتىنىغا ئازراق يۇققاندىن باشقا جايىدىلا قېتىپ قالغانىدى. ئۇ بېشىنى ئىچىگە تىقىپ غازاڭ يەۋاتقان قوينىڭ قېشىغا بېرىپ: ھەر قايسىڭغا ھامۇت ھەيراننىڭ بۇغدايلىقىدا پوق سوۋۇتۇپ قويۇپتىمكەن؟! دەپ تىللاپ ھەر بىرىنى بىردىن تەپمەكچى بولدى. بىراق، ئاتىسى-نىڭ قوينى تەپمە، يامان بولىدۇ دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ تۇرۇپ قالدى. سەن مۇناپىقلارنى بۇ يەرگە ئەمدى ئېككىنچى ئەكەلمەيمەن دەپ ئويلىدى ئۇ قويلارغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، ھەممىڭنى بىر ئوغلاقچا تېگىشمەيمەن! ھەممىڭ دوت، نانقېپلار! سەنلەر يەپ-ئى-چىشنى، مايىقلاشنى، مەرەشنى، ئادەمنى قىيناشنىلا بىلىسەن! ھەممە خەق لوق گۆشكە ئامراق بولغاندەك سەنلەرمۇ ھامۇت ھەيراننىڭ ئاشۇ بالا تەگكۈر ئېتىزىغا ئامراق! ھامۇت قەلەندەر، رەيھان سېرىقلار ھەيدىسىغۇ بېشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ ئوبدان مېڭىشىسەن، ئەمدى مەن ھەيدىسەم مېڭىپ بېقىشقا قېنى، ھۇ ھارامتاماقلار!

باشقا باللار قويلىرىنى ھەيدەپ ئۆيىگە مېڭىشتى. نىيازمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسى-دىن قوينى ھەيدەپ ماڭدى، زاۋال چۈشكەندە ئۆيىگە يەتتى-دە، قوينى قوتانغا سولاپ ئىشىكنى ئەتتى. ھويلا قاپقاراڭغۇ، ئۆيدە لامپۇچكا غۇۋا يېنىپ تۇراتتى، ئۇ قازاندا ھېچنېمە يوقلۇقىنى كۆرۈپ ئىشكاپتىن نان ئېلىپ ئۇنى سۇغا چىلاپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزدى، ئاندىن مەشكە ئوت قالاپ قويۇپ بالدۇرلا ئۇخلاشقا تەمشەلدى. ئاتىسى بىلەن ئاپىسى قوشنا

كەنتتىكى تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە مېھماندارچىلىق-
قا كەتكەن بولۇپ ئېخچە كەلمەيۋاتاتتى.
ئۇ دەرۋازىنى تاقاشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى
سېزىپ كىيىمنى كىيدى ۋە تاشقىرىقى
ئىشكتىن چىقىپ قاراڭغۇ ھويلىنى كېسىپ
ئۆتۈپ دەرۋازا يېنىغا كەلدى. شۇئان بىر
كىم ئۇنىڭغا قارا! دېگەندەك قىلدى. ئۇ
ئىختىيارسىز شۇ تەرەپكە قاراپ قوتاننىڭ
قېشىدا تۇرغان ئاق ئۇغلاقنى كۆردى. ئۇ
بۇنى جەزمەن جىن دەپ ئويلاپ ئىشتىنىغا
سىيىۋەتكىلى تاس قالدى، دەرۋازىنى
تاقىمايلا ئۆيىگە يۈگۈردى، تاشقىرىقى
ئىشكنى تېزدىن تاقاپ ئىچكىرىكى ئۆيگە
كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. مەشتە ئېخچە
گۈركىرەپ كۆيۈۋاتقان ئوت ئۇنىڭ قورقۇنچىنى
بىر ئاز پەسەيتكەندەك بولدى.

ئۇ دەرھال يوتقانغا يۆگىنىپ ئىشككە،
دېرىزىگە تىكىلىپ تۇردى. ئۇغلاق ئۆيدە
ھازىرلا پەيدا بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيغۇغا
كېلىپ يوتقاننى بېشىغا پۈركىۋالدى، شۇنداق-
تىمۇ ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەنزىرە كۆز
ئالدىدىن كەتمەي تۇرۇۋالدى. ئۇ توختىماي
تىترەيتتى، ئۆزى بىلىدىغان سۈرىلىرىنى
توختىماي ئوقۇيتتى. بىردەمدىن كېيىن
ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئاتىسى قەھرلىك تۈستە
پەيدا بولدى: «نىياز، ھويلىدا ھېچنېمە
يوق، دەرۋازىنى تاقاپ يات، دەرۋازىنى
تاقاپ يات دەيمەن!» ئۇ ئاخىر يەنە
ئورنىدىن قوپتى، مەشكە كۆمۈر سېلىپ
قويۇپ ئاتىسىنىڭ جوۋىسىغا يۆگىنىپ ئوت
سىنىپ ئولتۇردى ۋە بىرنەچچە سائەتنى
شۇ تەرىقىدە ئۆتكۈزدى، ئۇخلىماي دېسمۇ
كۆزى ئۇيقۇغا بېرىپ قالدى. بىر ئۇخلاپ
ئويغىنىپ قارىسا ئۆيدە يەنە ئادەم يوق،
مەشنىڭ ئوتىمۇ، ئۆينىڭ توكىمۇ ئۆچكەن.
ئۇ يېڭىلا ئۇخلاپ ئويغانغاچقا مېڭىسى
سەھەردەك تاپتازا ئىدى، شۇڭا دەرۋازىنى
ئەمدى تاقاش نىيىتىگە كېلىپ، قورقماي
مېڭىپ تاشقىرىقى ئىشككە يېقىنلاپ كېلىشىگە
قوتاندىكى قويلارنىڭ پۇشقىرىغان، دۈكۈر-
لىگەن، بوشقىنا مەرىگەن ئاۋازى ئاڭلان-
دى. ئۇ بىرنېمىدىن ئەنسىرەپ، ئىشكنى
ئالدىراپ ئېچىپ قورقۇنچلۇق قاراڭغۇلۇققا
نەزەر سالدى. قوتاننىڭ يېنىدا ئىككى
ئەرۋاھ مېڭىپ يۈرەتتى. بىرى قويلارنى
يېتىلەيتتى، يەنە بىرى ئارقىسىدىن
ئىتتىرەتتى. ئۈچىنچى ئەرۋاھ بۇ ئۆي
خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك ھويلىدا بەخىرامان
مېڭىپ يۈرەتتى، ئۇيان-بۇيان قارايتتى.
قويلار ئۇلارغا بويسۇنۇپ، ئەسىرگە چۈشكەن-
دۈشمەندەك، ئۈۋىسىنى تاشلاپ چىقىپ
كېتىپ باراتتى. نىياز ئېرىك بىلەن قوشقار-
نىلا پەرق ئېتەلىدى، كۆزلىرى چەكچىيىپ
يۈرىكى ئېغىزىغا تىقىلىپ قالدى. ئۇ قورقۇ-
نىدىن ۋارقىرالماي تۇرغاندا ئاتىسى يەنە
كۆز ئالدىغا كېلىپ: «ھەي مۇناپىق!
قويىنى قاراپ تۇرۇپ ئوغرىغا بېرەمسەن!؟
ۋارقىرا، مېنى چاقىر!» دېدى. ئارقىدىنلا
ئاپىسى: «ۋاي بالام، قورقما، ئوغرى
سېنى يېمەيدۇ، سەن ۋارقىرىساڭلا بىز
ھازىر بولىمىز» دېگەندەك بولدى. ئۇ
بار كۈچى بىلەن: «ئاتوي، ئاپوي!»
دەپ ۋارقىرىماقچى بولدى، ئەمما زۇۋانى
ئېچىلمىدى تۇنجۇقۇپ كەتكەندەك ھېچ سادا
چىقمىدى. ئوغرىنى قورقۇتۇپ قاچۇرۇۋېتەيمۇ-
يا! ئۇ كالىلىسىدىن ئۇشتۇمتۇت كەچكەن

بۇ خىيالى ۋە شۇ خىيالغا ئەگەشكەن ئەقلى بويىچە ئۆيگە كىردى-دە، مەشنى كوچىلايدىغان زىختى ئېلىپ تاشقىرىقى ئىشىككە تاراڭلىتىپ ئۇرۇشقا، ئىشىكنى غىچىلدىتىپ ئېچىپ-يېپىشقا، ئاندىن يەرگە پاقىلدىتىپ تېپىشكە باشلىدى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان قارانچۇق ئوغرى ئوقتەك ئېتىلىپ كەلدى، نىياز چۆچۈپ: «ئاتوي، ئاپوي! ئوغرى كەلدى، ۋاي ئوغرى كەلدى!» دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ ئۆيگە قاچتى. ساراسىمىگە چۈشكەن ئوغرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قولدىن تارتىپ يەنە بىر قولدا ئېغىزىنى ئېتىپ قوتاننىڭ قېشىغا ئاپاردى-دە، نىيازنى چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ بېشىنى شادىغا تېگىپ قويدى: قولىنى قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېتىدىغان چېگىدە باغلاپ ئېغىزىغا بىر تۇتام زىغىر پاخلىنى تىقىپ قويدى. نىياز بوي بەرمەي ئوغرىنىڭ پۇتىغا تەپكەندى، ئوغرى ياندۇرۇپلا ئۇنىڭ چاترىقىغا، قورساقلىرىغا تېپىپ جېنىنى ئېلىپ يەردە قويدى. نىياز چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن پەرياد ئۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلىدى، ئاۋازى بوغۇلۇپ تىنالماي قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى، ئۇ زىغىر پاخلىنى چايناپ تۈكۈرۈۋېتىپ: «ھۇ قەلەندەر ئوغرى! قىزىل كۆز ئوغرى!» دەپ تىللىدى. ئوغرى ھويلىدا تۇرغان كالتەكنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، نىيازنىڭ پۈتۈن بەدىنى تىكەنلەشىپ يۈرىكى شىددەتلىك سوقۇپ كەتتى، تەسەۋۋۇرىدا ئوغلاقنىڭ بوغۇزلىنىش ئالدىدىكى تىپىرلاشلىرى، ئېچىنىشلىق ئېڭراشلىرى، شارقىراپ تۆكۈلۈۋاتقان قانلىرى تېزلىكتە تىزىلىپ ئۆتتى. ئۇ جان ئاچچىقىدا تولغىنىپ، بار كۈچى بىلەن تىرەجەپ قولىنى بوشىتىشقا ھەرىكەتلەندى، بىراق بوشىتالمىدى. ئۇ قورقۇنچ ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولۇپ «ئاپا!» دەپ چىرقىراپ بولغۇچە كاللىسىغا ئۇشتۇمتۇت تەگكەن زەربىدىن ئۇجۇقۇپ كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكەندەك بولدى. زۇلمەت باسقان ھويلىدا جىن-شەيتانلار ھەرىدەك غۇڭۇلدايتتى. بىر توپ ئوغلاق ھويلىدا تىزىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتاتتى. ئۇ ئېگىز تېرەككە چىقىپ ئۇلارنى تاماشا قىلىۋېتىپ يەرگە تىك موللاق چۈشتى. ئوغلاقلار ئۇنى يۆلەپ تېرەككە چىقىرىپ قويدى، ئۇ يەنە يىقىلىپ چۈشتى، چۈشكەندىمۇ ھەر نۆۋەت تىك موللاق چۈشتى. بېشىنىڭ چوققىسى ئاۋۋال تۇخۇمدەك، كېيىن قاپاقتەك ئىششىپ چىقتى. قاپاق ئېچىگە چۈشۈن، پاشا قاتارلىق ھەر خىل ھاشاراتلار كىرىپ قالايمىقان ئاۋاز چىقىرىشقا باشلىدى. بۇ ئاۋازلار ئۇنىڭ قۇلاق مېڭىسىنى يەپ كەتتى. ئاندىن بىر ئىسسىق يىلان ئۇنىڭ چاترىقىغا يۆگىشىپ چاياندەك چېقىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ قېنىنى زەھەردەك ئاچچىق ئاغرىق مۇزلىتىپ، پۇتىنى تاشتەك قاتۇرۇپ قويدى...

ساۋۇتاخۇن بىلەن پاشاخان يېرىم كېچىگە يېقىن كەلدى. ساۋۇتاخۇن قويلارنىڭ يېتكىنىنى كۆرۈپ، ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ داد-پەرياد كۆتۈردى. پاشاخان نىيازنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. دادىسى بېشىغا كەلگەن بۇ ئاپەتتىن بەزگەكتەك تىترەپ، قۇرۇق قوتاننىڭ ئەتراپىنى جۆۋاز كاللىسىدەك

ئايلىنىپ يۈردى. ئۆيدىن پاشاخانىنىڭ ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي ساۋۇتاخۇن، ما ئۆيگە كىرگىلا، بالىنىڭ ئەھۋالى چاتاق تۇرىدۇ!

ساۋۇتاخۇن شۇندىلا ئېسىگە كېلىپ ئۆيگە كىردى، پاشاخان نىيازنى قۇچاقلاپ كۆزىگە ياش ئېلىپ ئولتۇراتتى.

— بۇنىڭ ھالى بەك ئېغىرمىكەن؟

— ئۇقمىدىم، ئۆلۈپ قالامدىكىن دەپ جېنىم چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، ھارۋىنى تارتىڭلا، دوختۇرغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ باقايلى!

ئۇلار نىيازنى ھارۋىغا سېلىپ بازارلىق دوختۇرخانىغا يۈرۈپ كەتتى.

نىياز بىر ئايدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقتى. ئۇزۇن ئۆتمەي ساۋۇتاخۇن بازاردىن يەنە ئۈچ ساغلىق قوي ئالدى. نىياز بۇ ئەبگا قويلارنى كۆرۈپ بېشىنىڭ بىر يېرى زىڭىلداپ ئاغرىشقا، ۋۇجۇدى تىترەپ، چىشلىرى سوغۇقتىن توڭغاندەك كاسىلداشقا باشلىدى.

— نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ئاتىسى ئۇنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ.

نىياز ئاتىسىغا ناتونۇش كىشىگە قارىغاندەك ھاڭۋېقىپ قارىدى.

— تووۋا، بۇ بالىغا نېمە بولغاندۇ؟ دوختۇرغۇ ساقايدى دەۋاتقان، — دېدى ئاپىسى.

— قوي باقىدىغان تالا-تۈزگە چىقىپ بەرسە ساقىيىدۇ.

نىياز ئاتىسىنىڭ تەلپى بويىچە قويلارنى ھەيدەپ ئېتىزلىققا ماڭدى. يولدا رەيھان سېرىق ئۇچراپ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى. نىياز ئۇنىڭ كەينىدىن بىر پەس قاراپ تۇردى. ئاندىن ئۇشتىنىنى سىيرىپ شارقىرىتىپ سىيىشكە باشلىدى. سۈيدۈك چاي رەڭگىدە بولۇپ ئۇدۇل ماڭماي قېيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭگە قاراپ سىيىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ كۆڭگە قاراپ سىيسە يامان بولىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن بۇنى قەستەن قىلىۋاتقىنىنى ياكى ئىختىيارسىز شۇنداق بولۇپ قالغىنىنى بىلەلمىدى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمائىل

ئايمە هەمەت ساهبى



# پۇرسەتپەرەس

(هېكايە)

ماڭا ئوخشاش ئىشسىز قالغان شوپۇرلار-
دىن بەزىلىرى رېمونتخانا، بەزىلىرى
ماشىنا سايمانلىرى دۇكنى ئاچتى. بەزد-
لىرى ماشىنا يۇيۇش، سۈرتۈش ئىشلىرىنى
قىلىپ جېنىنى باقتى. بەزىلىرى ماشىنا
توختىتىش مەيدانلىرىنىڭ ئىجارىسىنى يىغىشنى
هۆددىگە ئالدى. هازىر بۇمۇ بىر خىل
يېڭى كەسپمىش، شۇنداق ئىشلارنى مېنىڭمۇ
قىلغۇم بار، لېكىن چوڭىنى قىلىشقا قولۇم
قىسقىلىق قىلدى، ئېگىز شاخقا بويۇم
يەتمىدى. كىچىكىنى، يېڭى كەسپنى
قىلىشقا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈم ئۇنۇمىدى.
ماشىنا ئەترىتىدىن چىقىپ كەتكىنىمگە
مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

بېشىم تاشتەك قاتقان شۇنداق
كۈنلەردە بۇ ئىدارىنىڭ شوپۇرىنىڭ يۆتكىلىپ
كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ دەررۇ ئىلتىماس
سۇندۇم. بۇ ئىدارىگە كېلىشىنىڭ كويىدا
يۈرگەنلەرمۇ ئانچە ئاز ئەمەس ئىدى.
گويا بىر توپ چۈشىن بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ
گۆشكە يۇپۇرۇلغاندەك بولدى. مەنمۇ بوش
كەلمىدىم. ئۇياق-بۇياقتا مۈكىدەك قاتىرد-
دىم. يېقىن-يورۇقلىرىمنى ئىشقا سالدىم.
يېقىنلىرىمنىڭ ياردىمى بىلەن بۇ ئىدارىنىڭ
باشلىقىنى «تەڭرى رېستورانى»دا بىر
ئاخشام مېهمان قىلدۇق. پۇلنىمۇ ئايىماي
خەجلىدىم. بۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى قازان
چىراي، بۇقا گەدەن، دوردايي كالپۇك،
كۆرۈمسىز ئادەم بولسىمۇ خېلى سورۇنچىلىقى
بار ئىكەن. سۇنغاننى ياندۇرماي ئىچىدد-
كەن. تانىسىغىمۇ ئامراق ئىكەن. شۇ
ئاخشىمى ئۇ يامغۇردىن كېيىنكى ئاپتاپتەك
ئېچىلىپ كەتتى. كۈتكۈچى قىزلارغا ئارام
بەرمەي تانسىغا تارتىپ، ئۇلارنى هاردۇ-
رۇۋەتتى. بىزگىمۇ چاقچاق قىلدى. دوردايي
كالپۇكلىرىنىڭ جاۋغايلىرىغا ماغزاپ يىغىلىپ
كەتكىچە لەتىپە سۆزلىدى. يېقىنلىرىممۇ
پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي، مېنى
«ماشىنىنىڭ رېمونتچىلىق ئىشلىرىنىمۇ ئۆزى
قىلالايدۇ، قولىقى يۇمشاق، ئىشەنچلىك
شوپۇر» دەپ ماختاشتى. ئەتىسىدىن
باشلاپ ئۇنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ يېزىدد-

كى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگە، توي-تۆكۈنلەرگە، باشقارمىدىكى يىغىنلارغا ئاپاردىم. تېخنىكامنىڭ يۇقىرىلىقى، قولتىمنىڭ يۇمشاقلىقى ۋە چىقىشقاقلىقىم ئۇنىڭغا يارىغان بولسا كېرەك. ئىشىم يۇرۇشۇپ كەتتى. ماشىنىنى رەسمىي قولۇمغا ئالدىم. ئۇ «213» تىپلىق، خېلى يېڭى ماشىنا ئىدى. ماشىنا ئۆيىنى تازىلاپ، ماشىنىنى پاكىز سۈرتۈپ، زاپچاسلىرىنى تەكشۈرۈپ، ھەيدەپلا ماڭغۇدەك قىلىپ قويدۇم. كۆڭلۈممۇ خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە ماشىنا ئۆيىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى رەتلەپ ئولتۇراتتىم، بىرەيلەن كىرىپ يىغىن بارلىقىنى، مېنىڭمۇ قاتنىشىشىم لازىملىقىنى ئېيتتى. يىغىن زالىغا كىرىپ ئارقىدىكى بىر بوش ئورۇنغا جايلاشتىم. ئىدارە باشلىقىنى ھەممەيلەن ئۇمۇملىشىپ قالغان ئادەت بويىچە ياسىن جۇيجاڭ دەپ ئاتايتتى. مەنمۇ شۇنداق ئاتاشنى ئۆگىنىۋالغانىدىم.

— بۈگۈنكى يىغىندا ناھىيىدە ئېچىلغان نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى يىغىنىنىڭ روھى يەتكۈزۈلىدۇ، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ياسىن جۇيجاڭ. بىز يىگىرمە نەچچە ئادەم ئۇنىڭ دورداي كالپۇكلىرىغا تىكىلىپ ئولتۇردۇق. ناھىيىدە ئېچىلغان يىغىندا پۈتۈن ناھىيىدىكى نامراتلارنى يۆلەپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكۈزۈش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپتۇ. ناھىيە دەرىجىلىك رەھبەرلەر بىردىن يېزىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا مەسئۇل بولۇپتۇ. ناھىيىگە قاراشلىق ئىدارىلەرمۇ بىردىن كەنتنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدىكەن. شۇ قاتاردا بىزنىڭ ئىدارە ئانار باغ يېزىسىنىڭ قۇمۇشلۇق كەنتنى ھۆددىگە ئالىدىكەن. ياسىن جۇيجاڭ شۇ كەنتتىكى نامرات دېھقان قاسىم كۆمەچىنى ھۆددىگە ئالىدىكەن. ناھىيىدىن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ. دورداي كالپۇكنىڭ جاۋغايلىرىغا ماغزاپ يىغىلدى. يىغىندا ياسىن جۇيجاڭ ماڭىمۇ ئايرىم تاپىلىدى:

— ئۇكام، سىزمۇ ئەمدى ماشىنىنى تەق قىلىپ قويۇڭ!

— ماقۇل جۇيجاڭ، تەييارلاپ قوياي.

يىغىندىن كېيىن ھەممىز ياسىن جۇيجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە نامراتلارغا ياردەم قىلىدىغان نەرسە-كېرەكلىرىمىزنى ئەكىلىشكە ئۆيلىرىمىزگە چېپىشتۇق. مەنمۇ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىنى ئاختۇرۇپ، بىر كۇناشىم، كونا كەش، بىر شەپكە، چاشقان قىرقىۋەتكەن بىر پوپايكىنى سۇلياۋ خالتىغا قاچىلاپ ئېلىپ كەلدىم. كىمنىڭ نەچچە دانە، قانداق كىيىم ئەكەلگەنلىكى تۈرى بويىچە بىرمۇ بىر دەپتەرگە تىزىملاندى. ھەرخىل رەڭدىكى لاتا-پۇتىلار، ئاللىقانداق نەرسىلەر يىغىن زالىنىڭ ئوتتۇرىسىغا دۆۋىلەندى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ناھىيە بازىرى قايناپ كەتتى. ماشىنىلارغا خىمىيىۋى ئوغۇت، يېزا ئىگىلىك ماشىنا-سايمانلىرى، كونا كىيىم-كېچەك، چىپتا، كەتمەن، ئورغاق دېگەندەك نەرسىلەر بېسىلدى. «نامراتلارغا ياردەم بېرەيلى» دېگەن پىلاكاتلار ئېسىلغان توپ-توپ ماشىنىلار ناغرا-سۇناي، ئالقىش سادالىرى ئىچىدە

يېزىلارغا يۈرۈپ كېتىشتى.
مەنمۇ شۇ سەپنىڭ ئارىسىدا ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن. يېنىمدا ياسىن جۇيجاڭ «پاھ، پاھ، ئومۇمىي چاقىرىقنىڭ كۈچى نېمىدېگەن چوڭ-ھە!» دەپ ھاياجىنىنى باسالماي گىدىيىپ ئولتۇرىدۇ. بىز ئانار باغ يېزىسىغا بارغاندىن كېيىن توپتىن ئايرىلىپ، قومۇشلۇق كەنتى تەرەپكە قايرىلدۇق. قومۇشلۇق كەنتىنىڭ دېھقانلىرى كەنت قورۇسىدا بىزنى كۈتۈپ تۇرغانىكەن. كەنت كادىرلىرى دېھانلارنىڭ قىزغىن چاۋاك سادالىرى ئىچىدە ياسىن جۇيجاڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى. ئۇ خەلقنىڭ ئارزۇسى، پارتىيىنىڭ مېھىر-شەپقىتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش توغرىسىدا ئۇزۇن سۆزلىدى. ئاخىرىدا ماشىنىدىكى ئىككى چېپتا كونا كىيىم-كېچەكلەر نامراتلارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

كېيىن بىز كەنت كادىرلىرىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ياسىن جۇيجاڭ يۆلمەكچى بولغان نامرات دېھقان قاسىم كۆمەچنىڭ ئۆيىگە باردۇق. قاسىم كۆمەچ ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى پاكار، ۋىجىك، ئۆچكە ساقال ئادەم ئىكەن. ياسىن جۇيجاڭ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈۋەتكەندىن كېيىن ھويلىغا كىرگەچ چاقچاق ئارىلاش سورىدى:

— قانداق، قاسىم ئاخۇن، كۆمەچ يەپ تۇردۇقمۇ؟

— ئەمدى، يەپ تۇردۇق غوجام.

— بۇغدا ينىڭكىنى يېدۇقمۇ يا قوناقنىڭكىنىمۇ؟

— ئەمدى، تاپالىساق بۇغدا ينىڭكىنى، تاپالمىساق خۇدا بەرگەننى يېدۇق.

ھويلىغا كىرگەنلەرنىڭ ھەممىسى پاراقىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. قاسىم كۆمەچمۇ خىجىل بولغاندەك كەدىنىنى تاتىلاپ ھىجىيىپ قويدى. بۇ ئائىلىنىڭ ھەممە يېرىدىن ھەقىقەتەن نامراتلىقنىڭ تۇزانلىرى يېغىپ تۇراتتى. قىيسىيىپ قالغان ئىككى ئېغىزلىق ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بەلنى يادەك ئەگمىسە كىرگىلى بولمايتتى. ياسىن جۇيجاڭ ئۆيىنىڭ ئىچى-تېشى، ئۆي بىساتلىرى، ئېغىل، توخۇ كاتەكلىرىنىڭ ھەممىسنى چالا قويماي بىرمۇ-بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ھويلىنىڭ سۇپىسىغا سېلىنغان چىت كۆرپىگە كېلىپ جايلاشتى. قاسىم كۆمەچ بىردەمدىلا داستىخان سېلىپ ئالدىمىزغا بىر لىگەن كاكچا، بىر ئاياق قېتىق قويدى. بېغىدىن ئۈزۈم، شاپتۇل ئەكىردى. بىريەردىن قوغۇن، تاۋۇز تېپىپ كېلىپ تىلدى. ياسىن جۇيجاڭ قېتىققا قوشۇق سالغاچ سورىدى:

— قاسىم ئاخۇن، داستىخانغا كۆمەچ ئەكەلمەپتۇققۇ؟

— ئەمدى ئۆزلىرىدەك ئەزىز مېھمان ئاران بىر كەلگەندە...

يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. پەگادا ئولتۇرغانلار: «قالتىس ئۇچۇق-يورۇق، چاقچاقچى ئادەمكىنا بۇ، قاسىم ئاخۇننىڭ لەقىمنى قانداق بىلىۋالغاندۇ؟» دەپ كۇسۇرلاشتى. داستىخان يىغىشتۇرۇلغاندىن كېيىن ياسىن جۇيجاڭ خاتىرە دەپتىرىنى، قەلىمنى قولىغا ئالدى. قاسىم كۆمەچنىڭ بىر ئېشىكى، ئۈچ قويى، ئالتە توخۇسى

بارلىقىنى، بۇ يىل ئىككى مو يەرگە كېۋەز تېرىغانلىقىنى، ئىككى مو يەرگە بۇغداي تېرىپ ئەللىك بەش چارەك بۇغداي ئالغانلىقىنى، يىگىرمە چارەك بۇغداينى باجغا تاپشۇرغانلىقىنى، بۇغداينىڭ ئورنىغا تېرىغان قوناقنىڭ ياخشى ئۆسۈۋاتقانلىقىنى، يېرىم قۇتا يازلىق پىلە بېقىپ قىرىق كويغا ساتقانلىقىنى خاتىرە دەپتىرىگە يېزىۋالدى. خاتىرىگە يەنە قاسىم كۆمەچىنىڭ قىيىنچىلىقى، خاپىچىلىقى، ئارزۇ-تىلەكلىرىمۇ يېزىلدى. كېيىن قاسىم كۆمەچنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى تۈزۈلدى. ئىككى تەرەپ توختامغا قول قويۇشتى. توختامنامىنىڭ بىر نۇسخىسى قىڭغىر ئىشىككە چاپلاندى. يەنە بىر نۇسخىسى قاتلىنىپ خۇرۇم سومكىغا سېلىندى. ئاخىرىدا ماشىنىغا تاللاپ سېلىپ قويۇلغان كىيىم-كېچەكلەرنى ئۇنىڭغا قۇچاقلىتىپ قويۇپ قايتتۇق. ئۇ بىزنى كۆز يېشى، رەھمەت، ھاياجان، ئۈمىد-تىلەكلەر بىلەن ئۇزىتىپ قالدى.

شۇنىڭدىن بېرى قاسىم كۆمەچىنىڭ ئىشكى ئالدىدىن. ماشىنىنىڭ ئىزى ئۆچمەيدىغان بولدى. ماشىنىنى ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ قېتىم قومۇشلۇق كەنتكە تارتىمەن. ماڭا ئۇ يەردە قىلىدىغان ئىشنىڭ ھېچ تايىنى يوقتەكلا تۇيۇلىدۇ. پەقەت شۇ بىرلا يول، بىرلا ئۇسۇل. خۇددى تۆگمەن تېشى شۇنچە پىرقىراپمۇ بىر غېرىچ يەرگىمۇ سىلجىمىغاندەكلا. ئاۋۋال يېزا قورۇسىغا بېرىپ يېزا مەسئۇللىرى بىلەن كۆرۈشىمىز، ئۇنىڭدىن كېيىن قومۇشلۇق كەنتكە بارىمىز، كەنتتە بىزگە ئۇچراپ قالغان بىرەرىنى تۇتۇۋالىمىز، ئۇ پايپاسلاپ يۈرۈپ كەنت مەسئۇللىرىنى ئۆيىدىن، بەزىدە كىملەرنىڭدۇر قورتخانىسىدىن ياكى كېۋەزلىك، قوناقلىقتىن تېپىپ كېلىدۇ. ياسىن جۇيجاڭ ئۇلاردىن ئالدىنقى قېتىم كەلگەندە ئورۇنلاشتۇرغان خىزمەتلەرنى، كەنتنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەدبىرلىرىنىڭ ئەمەللىيلىشىش ئەھۋالىنى سۈرۈشتە قىلىدۇ. كەنت مەسئۇللىرى تاغدىن-باغدىن جاۋاب بېرىپ دوكلات قىلغان بولىدۇ. كېيىن قاسىم كۆمەچىنىڭ ئۆيىگە كېلىمىز. ياسىن جۇيجاڭ يەنە «قانداق، قاسىم ئاخۇن، كۆمەچ يەپ تۇردۇڭمۇ؟» دەپ چاقچاق قىلىدۇ. بەزىدە «ئۆيۈڭلارنى تازىلاپ ئولتۇرمامسىلەر، ئېغىلدىكى قوي سەمرىمەپتۇ، كېۋەزگە ياخشى پەرۋىش قىلماپسىلەر، بىز ئەقىل جەھەتتىن ياردەملىشىپ ھەيدەكچىلىك قىلغۇچى. ئۆزۈڭلار تىرىشمىساڭلار سىلىنى قانداقمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولىدۇ؟» دەپ كايىپ قويىدۇ.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتمەكتە. بىر قېتىم مائاش تارقاتقاندا «نامراتلارغا ياردەم» دەپ ئىدارىدىكى ھەر بىر كىشىدىن ئون كويدىن پۇل تۇتۇپ قېلىندى. يىغىلغان پۇلغا ئىككى خالتا خىمىيۋى ئوغۇت ئېلىپ ئۇنىڭ يېرىم خالتىسىنى قاسىم كۆمەچكە، قالغان بىر يېرىم خالتىسىنى قومۇشلۇق كەنتىدىكى نامراتلارغا بۆلۈپ بەردۇق.

بۈگۈنمۇ شۇ ئىشلارنى يەنە بىر تەكرارلاپ قايتتۇق. قايتىدىغان چېغىمىزدا قاسىم كۆمەچ بىر سېۋەت ئۈزۈم، بىر سېۋەت شاپتۇل ۋە ئازراق كۆكباشنى ماشىنىغا سېلىپ بەردى.

— ھەي، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟

— ئەمدى، ئۆيدىكى باللار ئېغىز تەگكۈزۈپ باقسۇن. يېزا دېگەندە تېپىلىدىغى- نى مۇشۇ ئىكەن.

— ھەي، ئاۋارە بولۇپلا.

— ياقەي، بۇ قانچىلىك ئىشتى. ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىن چىققان نەرسىلەر.

— رەھمەت ئەمسە، بىز يانايلى، شەھەر تەرەپلەرگە بېرىپ قالسىلا بىزنىڭ ئۆيلەرگىمۇ بارارلا!

ياسىن جۇيجاڭنىڭ قاسىم كۆمەچكە تەكەللۇپ قىلىپ، رەھمەت ئېيتقانلىقىنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم ئاڭلىدىم.

بۈگۈن ئەتىگەن ئىشقا كېلىشىمگىلا ياسىن جۇيجاڭ مېنى بىر چەتكە تارتىپ دېدى:

— سىز ماشىنىنى تارتىپلا ھېلىقى قاسىم كۆمەچنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلىڭە! ئۇنىڭ يەل-يېمىشلىرى خېلى جىق ئىكەن، بۈگۈن كەچ يېقىن-يورۇقلار بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەكچىدى، بىر-ئىككى سېۋەت ئۈزۈم-- شاپتۇل، بىر چېپتا كۆكباش، ئىككى-ئۈچ كاۋا بەرسۇن، ئۆيگە يەتكۈزۈپ بېرىڭ!

— ماقۇل.

— بۇ ئىشنى ھېچكىمگە تىنماڭ.

مەن ماشىنىنى تارتىپلا يولغا چىقتىم. قاسىم كۆمەچ ياسىن جۇيجاڭنىڭ لەۋزىنى يەردە قويمىدى. ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلالا- مىسىمۇ بىر سېۋەت ئۈزۈم، بىر داس شاپتۇل، يېرىم چېپتا كۆكباش، بىر كاۋىنى ماشىنىغا سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ شاپتۇللىرى ئاخىرلىشىپ قالغانىكەن. ئۈزۈملىرىنى قۇرۇتقىلى ئۈگزىگە سېلىۋېتىپتۇ. تال باراڭ- نىڭ بىر چېتىدە باللىرىنىڭ يېيىشىگە ئازراق ئۈزۈم ئېلىپ قالغانىكەن. ئۇنىڭ ھەممىسىنى ئۈزۈپ بەردى. مەن ئۇزاپ ماشىنىغا چىققاندا ئۇنىڭ خوتۇن-باللىرى بوسۇغىدا ياخشى كۆرىدىغان نەرسىسىنى باشقىلارغا بېرىشكە كۆزى قىيمىغان كىشىدەك قارىشىپ قېلىشتى.

— مەن بۇيرۇغان ئىش قانداق بولدى؟

— ئەكەلدىم. ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدۇم.

كۈنلەر ئۆتۈپ كەچكۈز كىردى. ئىدارىدىكىلەر ھەممىز بىر كۈن ئىشكنى تاقاپ قومۇشلۇق كەنتىدىكى نامرات ئائىللەرنىڭ پاختىسىنى تېرىشىپ بەردۇق. شۇ قاتاردا قاسىم كۆمەچنىڭ پاختىسىنىمۇ تېرىشىپ بەردۇق. بۇ ئىشلار شەكلەن شۇنداق بولدى. قىلغان ئىشلىرىمىز تايىنلىق ئىدى. شۇ كۈنى كىملەردۇر بېلىمنى رۇسلىيالمىدىم دەپ ۋايسىدى. قايسىدۇر بىر ئايال پايپىقىمنى شاخ ئىلىۋالدى دەپ غودۇردى. كىملەردۇر ئۈجمە سايىسىگە بېرىپ، ئۆزىنى يەلپۈپ ئولتۇرۇۋالدى. ئېتىزلىقتىكى دېھقانلار بىزگە ھەۋەس، يېتىرقاش نەزەرلىرى بىلەن قارىشىپ قوياتتى. ئەتىگەندىن پېشىنگىچە يىگىرمە نەچچە ئادەمنىڭ داۋراڭ سېلىپ تەرگەن پاختىسى ئىككى خالتا چىقمايتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە كەنت كادىرلىرى بىر كۈن چېپىپ يۈرۈپ كەنت قورۇسىغا ئىككى-ئۈچ داشقازان ئاستى. بىر پاقلان سويۇپ شورپا قىلدى. كۆكباش، كاۋا پىشۇردى. داستىخان يەل-يېمىشلەرگە كۆمۈلۈپ

كەتتى. بىز قورساقلىرىمىز پومپايغىچە يەپ-ئىچىپ، داستىخاندا ئېشىپ قالغىنىنى سومكىلارغا قاچىلاپ، گېزىتلەرگە ئوراپ قولتۇقلاپ قايتتۇق.

چۈشتىن كېيىن ماشىنا ئۆيىدە گېزىت كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ياسىن جۇيجاڭ ئىشخانىسىغا چاقىرىپ دېدى:

— ھېلىقى قاسىم كۆمەچىنىڭ ئۆيىگە شاققىدە بېرىپ كېلىڭە! ئۆيىدىكى توخۇ-كەپتەرنىڭ دېنى تۈگەپ قاپتۇ، بىرەر چېيىتا قوناق بەرسۇن، ئۇ قوناقتىن خېلى مول ھوسۇل ئالدى، ھەممىسىنمۇ يەپ بولالماس.

ماشىنىنى يەنە شۇ يەرگە تارتتىم. بۇ قېتىم قاسىم كۆمەچ گېپىمنى ئاڭلاپ سەل تۇرۇپ قالدى-يۇ، يەنە ياسىن جۇيجاڭنىڭ گېپىنى يەردە قويغۇسى كەلمىدى. ئۇ مېنى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ تامغا يۆلەپ قويۇلغان ئۈچ چېيىتىنىڭ بىرىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. مەن قولۇمدىكى بوش چېيىتىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ بېرىپ تۇردۇم. قولۇمدىكى چېيىتا يېرىم بولاي دېگەندە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قاسىم كۆمەچىنىڭ ئايالى غۇدۇراشقا باشلىدى:

— بولار ئەمدى، يوتقانغا يېقىپ پۈت سۇنايلى! ئاشلىق سېتىپ، باج تۆلەپ قالغىنى ئاران مۇشۇ. يېڭى ئاشقا ئۇلۇشۇالمساق بولماس، ئېشەك، قويلارغىمۇ بۇغۇز كېتىدىغان گەپ.

— ئەمدى، مەيلى خوتۇن!

مەن خىجىللىقتىن قولۇمدىكى چېيىتىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغۇدەك بولدۇم. تىلىمغا ئاران شۇ گەپ كەلدى:

— بولسۇن ئەمدى!

مەن يېرىم چېيىتا قوناقنى ماشىنىغا سېلىپ قايتتىم. يول بويى قاسىم كۆمەچىنىڭ بىچارە ھالىتى كۆز ئالدىمغا كېلىۋالدى. ئۇنىڭ خوتۇن-بالىلىرى زار-زار يىغلاپ ياقامغا ئېسىلىۋالدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى.

— مەن بۇيرۇغان ئىش قانداق بولدى؟

— ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدۇم.

بىر كۈنى ياسىن جۇيجاڭ يەنە مېنى بىر چەتكە تارتتى.

— ھېلىقى قاسىم كۆمەچىنىڭ ئۆيىگە تاقىدە بىر بېرىپ كېلىڭە! ئۈرۈمچىگە يىغىنغا بارىدىغان بولۇپ قالدىم. يېقىن-يورۇقلارنىڭ قېشىغا قۇرۇق قول بارغىلى بولماس، خېلى ئۈزۈم قۇرۇتقاندەك قىلغان، ئىككى-ئۈچ چارەك بەرسۇن، دېھقان دېگەن قۇرۇق ئۈزۈم يېمەيدۇ.

بۇ قېتىم قاسىم كۆمەچىنىڭ ئىشكىدىن قورۇنغاندەك خېلى تەس كىردىم. گېپىمنى كىچىك بالىدەك دۇدۇقلاپ ئاران دېيەلىدىم. ئۇ تەڭلىكتە قېلىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قالدى. ئاندىن خالىمىغاندەك ئورنىدىن تۇرۇپ بىر بولۇڭدىكى خالتىنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا ئەكەلدى.

— ئەمدى، بۇ يىل قۇرۇتقىنىمىز مۇشۇ ئىككى چارەك ئۈزۈم ئىكەن، ھەر يىلى ئون نەچچە چارەك ئۈزۈم قۇرۇتاتتۇق، بۇ يىل مۇشۇنچىلىك...

— ئالدىمىزدىكى يەكشەنبە كۈنى سېتىپ، قېشىنىڭ غېمىنى قىلارمەن دېگە-

ندىم... — بىر چەتتە بارمىقىنى چىشلەپ تۇرغان قاسىم كۆمەچنىڭ ئايالى غودۇڭشى-دى.

— بولدى، خوتۇن، هاي! ئۆيدە بار نەرسىنى يوق دېگىلى بولمايدىكەن.

— سىلى شۇنداق دەپ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالدۇق، هى... هى... يازىچە بۇ مېهمانلارنى ئۈزۈتىمىز دەپ ئىككى پۈللۈق تۇخۇم ساتالمىدىم. قوغۇن-تاۋۇز، قىتىقتا بىرمۇنچە قەرزگە بوغۇلۇپتىمىز، هەر يىلى ئىككى-ئۈچ يۈز كويغا قاق، قۇرۇق ئۈزۈم ساتاتتۇق. بىزنى هېچكىم يۆلىمىگەندىمۇ سۆڭگىچىمىز ئوچۇق قالمىغان. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. خەقنىڭ خوتۇن--باللىرىدىن ئېشىپ قالغان كونا كىيىمنى ئەكىلىپ بېرىپ... ئېلىپ كەتسۇن ئەمدى ئۇنى... هى... هى...

مەن هەيكەلدەك قېتىپلا قالدىم. ئۇلارنىڭ چىرايىغا قارىغۇچىلىك، ئىككى ئېغىز ئۇز گەپ قىلغۇچىلىك جۈرئىتىممۇ قالمىغانىدى.

— ئەمدى، ئۇكام، سىزمۇ ئەلچىنىڭ ئورنىدىكى ئادەم، — دېدى قاسىم كۆمەچ، — ئەمدى دىمەي بولمىدى. هېلىقى باشلىقىڭىز ئەمدى بىزنى يۆلىسۇن! بىز باي بولۇپ بولدۇق. سىزدىن خۇش بولاي، شۇنداق دەپ قويسىڭىز! مۇشۇ ئاۋارىچىلىقتىن بىر قۇتۇلايىيا.

مەن ئىشكتىن قانداق چىقىۋالغانلىقىمنى، ئىدارىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىمنى ئەسلىيەلمەيمەن.

— مەن بۇيرۇغان ئىش قانداق بولدى؟

— ئۆيدە يوق ئىكەن، — دېدىم.

ياسىن جۇيجاڭنىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلدى. قولىدىكى كۆيۈپ يېرىم بولغان تاماكىنى دورداي كالپۇكلىرىغا قىستۇرۇپ ئىككى شورا پلا تۈگىتىۋەتتى.

— شۇمۇ گەپمۇ، قۇرۇق گەپ كۆتۈرۈپ كەلگۈچە ئۆيدە بولمىسا ئىزدەپ تېپىپ ئىشنى پۈتتۈرۈپ كەلسىڭىز بولماسمىدى؟ سىزمۇ-زە، مۇشۇ كۆنلەردە بىر قىسما بولۇۋالدىڭىز. ئەتە ئەتىگەن ئۆيىدىن بىر يەرگە كېتىپ بولغۇچە يەنە بىر بېرىپ كېلىڭ!

بۇ قېتىم ماقۇل دېيىشنىمۇ خالىمىدىم. كاللام خام قاپاقتەك ئېغىرلىشىپ كەتتى. شوپۇر بولماقنىڭ تەسلىكىنى ئەمدى هېس قىلىشقا باشلىدىم. بۇرۇنقى شوپۇرنىڭ نېمىشقا يۆتكىلىپ كەتكەنلىكىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم. ئەتىسى چۈشكىچە يوتقاندىن چىقماي ياتتىم. بىرەرى ئىزدەپ كېلىپ قالسا كېسەل بولۇپ قالدىم دېيىشنىمۇ ئويلاپ قويدۇم. ئويلاپ باقسام بۇنداق يېتىپمۇ قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك. ئاخىرى يەنە يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتىم. يانچۇقۇمغا پۇل سېلىپ بازارغا باردىم-دە، توقسان كويغا ئىككى چارەك قۇرۇق ئۈزۈم ئېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردىم. ئىدارىگە كېلىپلا يەنە ياسىن جۇيجاڭ بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم.

— مەن بۇيرۇغان ئىش قانداق بولدى؟

— ئەكەلدىم، ئىككى چارەك ئۈزۈم بەردى، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ قويدۇم.

شۇئان ئۇنىڭ چىرايى يامغۇردىن

كېينكى ئاپتاپتەك ئېچىلدى.

— مانا، ئوغۇل بالا دېگەن ئىشنى مۇشۇنداق جايىدا قىلغۇلۇق. بىزمۇ ئۇنىڭ نەرسىسىنى بىكارغا ئىشلەتمەيمىز. شۇنىڭ كويىدا شاپاشلاپ يۈرۈۋاتىمىزغۇ.

مەن ئېغىر بىر يۈكتىن قۇتۇلغان كىشىدەك يەڭگىللىشىپ ماشىنا قويۇش ئۆيىگە كىرىپ كەتتىم. لېكىن قاسىم كۆمەچىنىڭ تىلىكىنى ياسىن جۈيجاڭغا يەتكۈزەلمىدىم. ئۇنىڭ تىلەكلىرى بىرنەچچە كۈنگىچە يادىمدىن چىقمىدى.

بىر كۈنى مەشىنىڭ ئالدىدا ئىسسىنىپ ئولتۇراتتىم، ياسىن جۈيجاڭ ئىشكتىن كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ دورداي كالپۇكلىرىدىن بىرمۇنچە سۆزلەر ئېتىلىپ چىقتى:

— ھېلىقى قاسىم كۆمەچىنىڭ ئۆيىگە شاققىدە بېرىپ كېلىڭا! خېلى بولدى، مەنمۇ بارالمىدىم، سالىمىمنى يەتكۈزگەچ بىرەر چېيىتا قوناق ئېلىپ كېلىڭ! توخو- كەپتەرنىڭ دېنى تۈگەپ قالغانىكەن. ھە راست، قاسىم كۆمەچكە دەپ قويۇڭ، بىرەر ھەپتىگە قالماي بىر ھارۋا سامان ئەكىلىپ بەرسۇن، قويلارنىڭ سامىنى تۈگەي دەپ قاپتۇ.

ئۆزۈمنى يەنە ئېغىر تۈگمەن تېشى ئاستىدا قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم.

قاسىم كۆمەچىنىڭ بىچارە ھالىتى، خوتۇن-- بالىلىرىنىڭ كۆز يېشى كۆز ئالدىمغا كېلى- ۋالدى. ئەمدى ماشىنىمۇ كۆزۈمگە سەت كۆرۈنۈشكە باشلىدى. يەنە بازارغا بار- دىم. قانداقلا بولمىسۇن ياسىن جۈيجاڭنىڭ قاپىقىنى تۈرگىنىنى كۆرمەسلىك، قوپال گەپلىرىنى ئاڭلىماسلىق ئۈچۈن يۈز يۈەنگە ئالتە چارەك قوناق ئېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ بەردىم.

— مەن بۇيرۇغان ئىش قانداق بولدى؟

— بولدى، ئۆيلىرىگە ئاپىرىپ بەردىم.

— قاسىم كۆمەچ قانداقراق ئولتۇرۇپتۇ؟

— باي بولۇشقا ئازلا قاپتۇ.

ئۇ تەنىنى چۈشەندىمۇ، يوق، بىلمەي- مەن، لېكىن بىرلا ئىش ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. بۇ ئىدارىدە يەنىلا ماشىنا ھەيدەۋەرسەم قاسىم كۆمەچىنىمۇ بەتتەر نامراتلىشىپ كېتىدىغانلىقىم كۆزلىرىمگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. مەن قەتئىي نىيەتكە كەلدىم. بۇ يەردىن كېتىمەن. بىرەر رېمونتخانىدا يالىنىپ ئىشلىسەممۇ، ماشىنا يۈيىدىغان ئىشلارنى قىلسامۇ بولۇۋېرىدىغۇ. ئاخىرى ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، قولۇمغا قەلەمنى ئالدىم-دە، قەغەزنىڭ بېشىغا «ئىلتىماس» دەپ يازدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابلىتىپ ھېمىت

# ۋەسىيەت

(ھېكايە)

يەھيا بوۋاينىڭ كېسلى بۈگۈن ئېغىرلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغىنىغا ئۇزاق ۋاقىت بولغانىدى. ئەتىگەندىن بۇيان گېلىدىن ھېچنېمە ئۆتمىدى. كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغانىدى. بوۋاينىڭ ئۈچ ئوغلى، بىر قىزى بار ئىدى. ئۇلار بۈگۈن ئاتىسىنىڭ كېسلىنىڭ ئېغىرلىشىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ كەلگەنىدى. شۇ تاپتا بۇ تۆت مىراسخورنىڭ كۆزلىرى قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىد، تەمە بىلەن سەكراتتا ياتقان دادىسىغا تىكىلگەنىدى. چۈنكى، بوۋاينىڭ تۆمۈرچىلىك قىلىپ تاپقان نۇرغۇن پۇلى بار ئىدى. باللارنىڭ ھەممىسى دادىسىنىڭ مىراس توغرۇلۇق ئېغىز ئېچىشىنى كۈتەتتى، لېكىن بوۋاي مىراس توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى. ئاخىرى چوڭ ئوغۇل داۋۇت تاقەت قىلىپ تۇرالماي دادىسىدىن سورىدى:

— بىزگە قىلىدىغان گەپ-سۆزلىرىڭىز يوقمۇ دادا؟

داۋۇت ئىنى-سىڭىللىرىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپنى قىلغانىدى. ھەممىسى ئاكىسىدىن رازى بولغاندەك بىر-بىرىگە قاراپ قويۇشتى.

— بار، — دېدى بوۋاي، — كېسلىم پىشىپ قالدى. مەن ساقىيالمايمەن. مېنىڭ ئورنۇمدا ئۇكىلىرىڭغا ئوبدان ئاتىدارچىلىق قىل. سىڭلىڭغا كۆيۈمچان بول. ئاناڭغا ۋاپادار بول. ھەممىڭلار ئىناق ئۆتۈڭلار.

— ماقۇل، دادا، — دېدى داۋۇت دادىسىغا زور ئۈمىد بىلەن قاراپ، — بىزگە دەيدىغان يەنە باشقا گەپلىرىڭىزمۇ باردۇر؟

— قالغان گەپنى توختى شاڭجاڭ كەلگەندە دەيمەن ئوغلۇم، — يەھيا بوۋاي زەئىپ ئاۋازدا شۇنداق دېدى-دە، ئىشىككە قاراپ قويدى. چۈنكى، بوۋاي ئوغۇللىرى كېلىشتىن بۇرۇن مومىنى يېزا باشلىقىنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدى. يېزا باشلىقىمۇ ھاۋاخان ئانىغا چوقۇم بارىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. داۋۇت دادىسىنىڭ يېزا باشلىقىنى چاقىرتقانلىقىنى ئانچە ياقتۇرمىدى.

— بۇ گەپچە ئۇنى چاقىرتىپسىز-دە.

قايناتسا بىزگە شورپىسى قوشۇلمايدىغان
ئادەمنى ئىمشقا چاقىرتقانسىز!

— ئۇنىڭغا دەيدىغان بىر مۇھىم گېپىم بار، — دېدى بوۋاي.

— ھەر قانچە مۇھىم گەپ بولسا ئالدى بىلەن بىزگە دېمەمسىز. قارىغاندا سىز بىزدىن ياتلارنى يىقىن كۆرىدىغان ئوخشىمامسىز، — دەپ دوق قىلدى داۋۇت.

— ئۇنداق ئەمەس ئوغلۇم. بۇ گەپنى سىلەرگە دېگەن بىلەنمۇ بەربىر ئۇ ئىش قولۇڭلاردىن كەلمەيدۇ، — دېدى بوۋاي كۆزلىرىنى ئاچماي يىتىپ.

ئوغۇللارنىڭ ھەممىسى دادام يىزا باشلىقىنى مىراسنى بۆلۈپ بىرىشكە تەكلىپ قىلغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندى. بۇ ئىشقا ياتلارنى ئارىلاشتۇرمىساقمۇ ئۆزىمىز ئادىل تەقسىم قىلالمايتتۇقمۇ، دەپ ئويلىدى ئۇلار.

بىر چاغدا ئىشىك ئالدىغا بىر جىپ ماشىنا كېلىپ توختىدى. ئۇ يىزا باشلىقىنىڭ ماشىنىسى ئىدى. ھاۋاخان ئانا يىزا باشلىقىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇ ئەللىك ياشلار چامىسىدىكى بۇغداي ئۆڭ، ئورۇقراق، چىكە چاچلىرىغا ئاق سانچىلغان كىشى ئىدى. ئادەتتە جاپادا ئالدىدا، راھەتتە كەينىدە تۇرىدىغان رەھبەر بولغاچقا يىزىلىقلار ئۇنى «كەتمەن شاڭجاڭ» دەپ ئاتىشاتتى.

— دادىسى، كۆزلىرىنى ئاچسىلا، مانا، توختى شاڭجاڭ كەلدى، — دېدى ھاۋاخان ئانا بوۋايغا قاراپ.

يەھيا بوۋاي يىزا باشلىقىغا قاراپ سۇس كۈلۈمسىرىدى. يىزا باشلىقى بوۋاينىڭ قولىنى تۇتۇپ مۇنداق دېدى:

— خىزمەت بىلەن بولۇپ كىتىپ سىزنى يوقلاپ كېلەلمىدىم يەھيا ئۇستام. ئەسلى سىزنى بۇرۇنراق يوقلاپ كېلىشىم كېرەك ئىدى.

— ھىچقىسى يوق توختى شاڭجاڭ، — دېدى بوۋاي زەئىپ ئاۋازدا، — سىزنىڭ خىزمىتىڭىز ئالدىراش. سىزنى كۆرۈپ خۇش بولۇۋاتىمەن. ئەمدى ئۆلسەممۇ كۆزۈم يۇمۇلىدىغان بولدى.

— ئۇنداق دېمەڭ ئۇستام، — دېدى يىزا باشلىقى بوۋايغا تەسەللى بىرىپ، — سىز چوقۇم ساقىيىپ كىتىسىز.

— مەن ساقىيالمايمەن شاڭجاڭ. كىسىلىم پىشىپ قالدى. كۆڭلۈممۇ شۇ تاپتا بىر ئىشنى تۇيۇپ تۇرىدۇ، — دېدى بوۋاي ھاسىراپ، — كۆز يۇمۇشتىن بۇرۇن سىزگە دەيدىغان گىپىم بار ئىدى.

— قىنى دەڭ ئۇستام. قۇلىقىم سىزدە، — دېدى يىزا باشلىقى بوۋايغا قاراپ.

— ساندۇقنى ئاچ ھاۋا، — دېدى بوۋاي، — ھەممە پۇلنى ئال.

ھاۋاخان ئانا ئىتائەتمەنلىك بىلەن ساندۇقنى ئىچىپ، ياغلىقتا چىگىلگەن پۇلنى ئىلىپ بوۋاينىڭ ئالدىغا قويدى. پۇلنى كۆرۈپ تۆت مىراسخورنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

— بۇ پۇللارنى مەن بىر ئۆمۈر تۆمۈرچىلىك قىلىپ تاپقان. ھەممىسى يەتمىش مىڭ كوي، — دېدى بوۋاي يىزا باشلىقىغا قاراپ تۇرۇپ، — مەن بىر ئۆمۈر ساۋاتسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتتىم. كەتمىزدە

مەكتەپ بولمىغاچقا، باللىرىمىز ئوقۇشسىز قىلىۋاتىدۇ. بۇ پۇلغا مەكتەپ سالدۇرۇڭ. باللىرىمىز ئوقۇپ بىلىم ئالسۇن. شۇنداق قىلسىڭىز مېنىڭ كۆڭلۈم ئارام تاپىدۇ.

شۇ پەيتتە بوۋاينىڭ قىزى دەھشەتلىك چىرقىراپ ئارقىسىغا گۆپپىدە يىقىلىپ كەتتى. يېزا باشلىقى چۆچۈپ ئارقىسىغا قارىدى. قىز ھوشىدىن كەتكەنىدى. چوڭ ئوغۇلنىڭ چىرايى ئاپئاق بولۇپ تاتارغان، ئوتتۇرانچىسىنىڭ تۇمۇردەك قارىداپ كەتكەن، كىچىك ئوغۇلنىڭ قارىچۇقى قېتىپ قالغانىدى. ھاۋاخان ئانا قىزىنى ھوشىغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. يېزا باشلىقى بوۋاينىڭ كۆزىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى.

— چاتىقىڭىز بولمىسۇن، شاڭجاڭ، مەن مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلەتتىم، — دېدى بوۋاي خىرىلداپ نەپەس ئېلىپ، — مەن ئۇلارنى ئاسراپ بېقىپ قاتارغا قوشتۇم، ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلدىم. پۇت-قولى بىجىرىم بولغاندىكىن ئىشلەپ يېيىشنى ئۆگەنسۇن.

يېزا باشلىقى ھاۋاخان ئانا ئۇزىتىپ قويدى. باللار بولسا ئورنىدىن قوزغىلالمىدى. ئۇلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئانچە پەرق قىلالمايۋاتاتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

(بېشى 73-بەتتە)

كۆزلىرى ئېلىشىپ، يوندا كارىزلىرىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئەتىسى ھېكايە قىلىشىپ ھۇزۇرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىمۇ زەئىپ ۋە نامرات. رىقابەت روھى، كىشىلىك غۇرۇرى ھاراق ئىسكەنجىتىغا قامىلىپ قالغان.

پەرىدە ئېگىزلىكتىكى مەكتەپكە قاراپ كەتتى. ئۇنىڭ نېرىسىدا ئادەملەر ياشاۋاتقان مەھەللە يوق. شىمالىي تەرەپتە كۆرۈنگىنى ئاسمان پەلەك قاراقات، چېچەكلىك يايلاقلىرى. ئۇنىڭ نېرىسى تىرەڭ دەرياسىنىڭ باشلىمىدىكى مۇزلۇقلار بىلەن تۇمۇر چوققىغا تۇتىشىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان ئالىپ

زۇلپىيە ئابدۇراخمان

# ئاشىقلىق چۈشى

(نەسىر)

### مۇقەددىمە

ئەي، جىمى ھاياتلىقنى ئۆز ھاياتىدەك چەكسىز سۆيىدىغان ئىشق ئەھلى، سىز سۈبھى قوينىدا لەززەتلىنىپ، تاڭ قۇياشىنى ئۈمىد بىلەن كۈتۈۋاتقىنىڭىزدا غۇۋا مانان تۈيغۇسىدەك چۈش دۇنياسىنىڭ ئەسلىمىلىرىگە غەرق بولغانمۇ؟

بەلكىم شېرىن چۈشلىرىڭىزدىكى لەزىز بىر ھېستىن چۆچۈپ ئويغانغىنىڭىزدا تۈيغۇ-ئىدراكلىرىڭىز قاناتلانغان مەۋھۇم بىر ماكانىنىڭ پاك سۆيگۈسى سىزنى ئەسىر قىلىپ، چۈشلەر دۇنياسى قارىچۇقلىرىڭىزدا قېتىپ قالغاندۇ، ئاشۇ چۈشلەر سىزگە باشقا بىر ھاياتلىقنى تونۇتقانمۇ؟! سۆيگىنىڭىز چۈشلىرىڭىزدىن بارا-بارا ئۈزاقلىشىۋاتقاندا ئەلەم بىلەن تولغانغانمۇ؟!

بىلسىڭىز يار چېھرىنى چۈشلەردە كۆرۈشمۇ بىر بەخت!

چۈشلىرىڭىزنىڭ خىرە چىغىر يوللىرىدا يارىڭىز بىلەن ئاستا قەدەم ئېلىشلىرىڭىز، غۇۋا جىرالاردىكى ماناندەك ئېقىنلار بىلەن كۈي كۈيلەشلىرىڭىز، تۇمانلار قوينىدا ئەرش ئوردىسىدىكى ئاشىقلار قىسىسىدىكىدەك پاك سۆيۈشلىرىڭىز...

بۇلار قارىچۇقلىرىڭىزنىڭ ھەر بىر نۇر تالالىرىغا سىڭىشىپ، كىرپىكلىرىڭىز ھاياجاندىن تىترىمۇ گىرەلىشىپ كەتكەن، تاڭنىڭ مۇقەددەس قەدىمى سىزگە ئىككىنچى ھىجران چۈشى ئاتا قىلغان بولغىيدى؟

مانا قاراڭ، ئويغانغىنىڭىزدا ئىدراكلىرىڭىز ئالىقاچان قېتىپ قالغان، چېھرىڭىزدىكى بەخت تەبەسسۇمى ئۆچكەن، لەۋلىرىڭىزدە ھارغىن بىر ئېسەنكىرەش ھۆكۈم سۈرگەن، تۈيغۇلىرىڭىز يەنە سىزنى بۇگۈننى ياشاش ئېتىقادىڭىز بىلەن كۈتۈۋېلىشقا مەجبۇر قىلغان، دېمەك سىز رېئاللىققا كۆچكەن. چۈشلىرىڭىز، يارىڭىز سىزنى باشقىچە بىر ئىنسان قىلىۋېتىدىكەن.

مەنمۇ چۈشلىرىم بىلەن شادلىنىمەن، چۈشلىرىم بىلەن يىغلايمەن، چۈشلىرىم بىلەن ۋىسال تاپىمەن...

رېئاللىق ماڭا ئاچچىق ساۋاق، بىرەھىم جەرياندىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەن چۈشنىڭ سېھىرلىك ئاۋازىغا ئەگىشىپ، سۈبھىنىڭ غۇۋا نۇرلىرىدا، خىرە ئورمانزارلىقتا ئېزىپ قالدىم: قەدىم ئورمانىنىڭ سۇرلۇك چاقناشلىرىنىمۇ ئوخشمايدىغان، سۇرلۇك

چاقناشلار، تىللا رەڭلىك، باھار رەڭلىك ئورمانلار... چىغىر يوللارنىڭ تۇتاش يېشىل چىملىق يوللىرىغىمۇ ئوخشىمايدىغان خىرە ئاپئاق چىغىر يوللار...

قەلبىتكى ناخشىنىڭ ئەكسىگىمۇ ئوخشىمايدىغان، كۈيلىرىمۇ خىرە، ئوي-پىكرىمۇ خىرە ناخشىلار... بۇلار مېنى ئاشىقىمنىڭ ئارامگاھىغا باشلاپ باردى.

خۇددى قەدىم ئورمانلار بارچە چوقانلارنى باسىدىغان، جانغا، كۆڭۈلگە ئارام بېرىدىغان بىر سەيلىگاھتەك. خىرە چىغىر يوللار ناخشا ئېيتقان پەرىشتىنىڭ چالغۇسىدەك. ناخشىلارنى — ئاشۇ خىرە كۈيلەرنى ياڭراتقان يارىمنىڭ بارماقلىرىنىڭ ئۇچىغا قولۇمنى تەگكۈزگىنىمدە، مەن ئۇنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان، نارەسىدە قىزنىڭ پاكلىقىدىنمۇ قىممەتلىك بولغان بۇ ناخشىنىڭ غۇۋا ئەۋجىنى ئۈزۈۋېتىشكە كىم جۈرئەت قىلالىسۇن؟!

ئەمما مەن يارىمنى كۆردۈم...

«مېنى سۆيۈندۈرگەن، ئۈزۈن يىل مەن شەيدا بولغان جانان شۇ پەردە — قەلبىم پەنجىرىسى ئېچىلغان، ئىشق شارابى سۇنۇلغان جايدا ئىكەن.

— ئەي، ئىشق ئەھلى. سىزمۇ ئويغىنىۋاتقان تۇيغۇلىرىڭىزدىكى غۇۋا كۈيلەرنى ئېيتىپ خورسىنىۋاتامسىز؟! چۆش ھامان چۆش دەپ قول سىلكىۋاتامسىز؟!

كېلىڭ، چۆشلىرىمنىڭ ئەڭ ئىچكى سادالىرى سىزگە سۆيگۈمدىن بىر ئىشق قىسسىسى سۆزلەپ بەرمەكچى!

## چۆش قەدىمى

ئۇخۇم تەشۋىشسىز، بالىلىق چۆشلىرى بىلەن پۈتۈلگەن ئالبومنى يوقاتقىنىدا چۆش ئىلاھى يېپەكتەك يۇمشاق ۋە سەزگۈر، ئادەمنى مۆگۈلاندۇرىدىغان، غېرىبسىندۇرىدىغان خىيال تۇمانلىرىدەك، ئەبەدىي خاتىرجەملىك بېغىشلىغۇچى قوللىرى بىلەن باغرىمنى سىيىلىدى. شەپىسىز قەدەملىرى بىلەن يۈرىكىمگە بۆسۈپ كىرىپ، پەرىشتىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ پاك بىر ئاۋازنى ئاڭلاشقا مۇيەسسەر قىلدى. بۇ ئاۋاز كۆزلىرىمنى يۇمسالا تومۇر-تومۇرلىرىمدا شۇرقىراپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قانغا ئوخشايتتى.

بۇ ئاۋاز كۆزلىرىمنى يۇمسالا قارىچۇقلىرىمنىڭ ھەر بىر نۇر تالاسىغا سىزىلغان نەپىس رەسىملەرگە ئوخشايتتى.

ئاھ، بۇ ئاۋاز ماڭا ئاجايىپ نازاكەتتىن رەڭ بېرىپ، مېنى لاتاپەت گۈلزارىدا بىر گۈلگە ئوخشاتتى. بۇ ئاۋاز ناۋايىنىڭ غەزەللىرىدەك ماڭا ئىشق ئاتا قىلدى. بۇ ئاۋاز ئامانىسانىڭ ساتارىدەك مېنى مۆگۈلاندۇردى.

ئىھ، چۆش قەدىمى، شەپىسىز قايغۇلىرىڭ بىلەن مېنى ئۇخلىتىسەن. تىنۋشلىرىڭ ئۇخۇمدا ئەبەدىي زاھىر بولماس تۇيغۇلار بىلەن مېنى سەرسان قىلدۇ. چۆشلىرىمدە يەنە شۇ ئاشىقىمنىڭ جېنىمغا جان، تېنىمگە تەن قوشقان ئاۋازىنىڭ داۋامىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئىنتىلىمەن.

ئەي، چۆش قەدىمى. يېقىنلاشساڭچۇ. ماڭا سۆيگەن يارىمنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاتساڭچۇ؟! كۆزلىرىمگە سۆيگەن لەۋلىرىنىڭ ئىپار تىنىقلىرىنى ھىدلاتساڭچۇ؟!

كەل، بۇ مېنىڭ رەسمىي ئاشىق بولغان چاغلىرىم!

## چۈش سەيلىسى

ئارمان بىلەن كۈلگەن يۈرىكىم جانانىمنىڭ ۋىسال ياشلىرى بىلەن يۇيۇلدى. ئىشق دەستىدە چاقنىغان لەۋلىرىم سۆيگۈ شارابى بىلەن يۇيۇلدى. ئۈمىدىنىڭ سولغان گۈللىرى يارىمنىڭ ئەقىدىسى بىلەن يۇيۇلدى. جىسمىم سۆيۈش بىلەن يۇيۇلۇپ، مۇھەببەت تۇغدى. مەن، يارىم ۋە مۇھەببەت ئۈچىمىزنى چىتىپ تۇرغان ئىشق يانار تاغىنىڭ لاۋۇلىرىدىنمۇ ھارارەتلىك.

بىراق، ئاقۇچ ناخشىلار ساداقەت بىلەن سوقۇۋاتقان يۈرىكىمنىڭ مەيىن ئەۋجىنى بۇزۇپ، يارىمنى تىنماي چاقىرماقتا. ئۆكسۈشلىرىم ئىسيان كۆتۈرمەكتە:

— ئەي، خۇش ناۋا ئامرىقىم! باغرىمنى كۆرۈنمەس ھىجران تىغلىرىڭ بىلەن پارە-پارە قىلدىڭغۇ؟! مەن بېھىش ئۈندەك ئارامبەخش كۈيلىرىڭنىڭ قۇچىقىدا ياشاۋاتسام، سېنى چاقىرغان قايسى نازلىق دىلدارنىڭ ناخشىسىدۇر؟

ئاھ، ئارمان بىلەن سوققان يۈرىكىم يارىمنىڭ قارىچۇقلىرىغا دەپنە قىلىندى. نۇرلار بىلەن يۇيۇلغان كىرپىكىم ئازاب توزانلىرىغا مىلەندى. سۆيۈش بىلەن چوغلانغان گۈلۈم ئاقۇچ قارلارغا كۆمۈلدى.

ئاھ، ۋىسال، ئۈمىد ۋە بەخت، ھايات بىر دەملىك بولسا، ھىجران، ئۆلۈم، ئۈمىدسىزلىكمۇ ۋاقىتلىق بولالمىدىغاندۇ؟!

ئاقۇچ تۇمانلار باغرىمغا يېپىلدى، باغرىم ئالەمدىنمۇ كەڭ، دېڭىزدىنمۇ بىپايان...

ئاقۇچ چېغىر يوللار ئىنسان ئەسلا ئېيتالمىغان ناخشىسىنى باشلىدى. بۇ ناخشا ياردىنمۇ ۋاپاسىز، زالىمدىنمۇ زالىم، ئەمما بۇ ناخشىنىڭ نە ئاھاڭى، نە ئوي-پىكىرلىرىمۇ يوق...

ئاقۇچ قەدىم ئورمانلار نۇرلىرىنى قارىچۇقۇمغا چېچىۋەتتى. بۇ نۇر ئاينىڭ ھىجرانلىق تۈنىدىنمۇ پەرىشان، ئاقار يۇلتۇزنىڭ ئاھىدىنمۇ ناللىك. يارىم ئاقۇچ تۇمانلارنى يېرىپ، چېغىر يوللاردا ئۆزىگە ئەسلا ياد بولغان ھېلىقى ناخشىنى — نە ئاھاڭى، نە ئوي-پىكرى بولمىغان ناخشىنى ئېيتقىنىچە كېتىۋاتماقتا.

— قېنى ئۇ مەن شەيدا بولغان، مەن كۈيگەن پەرىشتىنىڭ ئاۋازى؟ جېنىمغا جان، تېنىمگە تەن قوشقان سۇبھىنىڭ پاك ئىشق قۇياشىدەك يۈرىكىمنى سۆيگەن ئاۋاز؟!

بۇ ئاۋاز — بۇ زالىم ئاۋاز ئەزرائىلنىڭ تىنىقلىرىمىكىن؟! مېنى قىسمەت بوسۇغىسىغا چاقىرغىنىمىكىن؟!

يۈگۈردۈم، يۈگۈردۈم، يارىمغا زادىلا يېتەلمىدىم. ئەمما قۇلاق تۈۋىمدە يەنىلا شۇ ناخشا... بۇ ناخشا گۆرىستانلىقتا ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئەرۋاھتەك گاھ تولغانسا، گاھ غايىب بولاتتى.

كۆردۈم، يارىم ئاقۇچ ئورمانلىققا قونۇۋالغان قۇش بولۇپ، پىغان بىلەن ئۈنلىمەكتە، ئىنسان ئەسلا سۆزلەپ باقمىغان بىر تىلدا چۇۋۇرلىماقتا...

ئاھ، ئاللا ئۆزۈڭ ماڭا ئاسانلىق بەر! بىرىگە ئاشىق بولۇش ھەم سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈش شۇنچە مۈشكۈلمىدۇر؟!

## چۈش ئۇيقۇسى

چۈشلىرىم ئۇخلىماقچىمىكىن؟!
چارچىغان، ئۈمىدسىزلىكتىن بىتاپ بولغان سەۋدا چۈشلىرىمگە كىم ئەللەي كۈيى

ئېيتىپ بېرىدىكىن؟!

چۈشلىرىم، كۆزلىرىڭنى يۇمساڭچۇ، غېرىبلىقتىن، خارابلىقتىن، غەيرىيلىكتىن، سۈرەن-چۇقانلاردىن، قارىچۇقلىرىم توقۇغان رىشايەتلەردىن ئازاد بولساڭچۇ؟!

چۈشلىرىم، ئىشق شارابىم سۇنۇلغان ئاقۇچ جامنى بىر ئۆزۈڭلا كۆرگەن ئىدىڭغۇ؟!

چۈشلىرىم، سۆيۈش بىلەن چوغلانغان لەۋلىرىمنىڭ تەپتىنى بىر ئۆزۈڭلا سەزگەن ئىدىڭغۇ؟! چۈشلىرىم، سۆيۈش بىلەن مۆزلىگەن لەۋلىرىمگە بىر ئۆزۈڭلا گۇۋاھ ئىدىڭغۇ؟!

چۈشلىرىم، پاكلىقىمدىنمۇ قىممەتلىك بولغان مۇھەببەت ناخشامنىڭ ئەۋجىدىن سەنمۇ بىھوش ئىدىڭغۇ؟!

چۈشلىرىم، پەرىشتىلەرمۇ ھەسەت قىلغان ئاشۇ ناخشىنىڭ ئۆلۈمگە بىر سەنلا شاھىد ئىدىڭغۇ؟!

چۈشلىرىم، ئارمانلىرىم كەزگەن ئاقۇچ قەدىم ئورمانلارغا سەنمۇ بارغان ئىدىڭغۇ؟! چۈشلىرىم، قۇشلىرىم ھەسرەت چېكىپ ئۆلگەن قەدىم خىرە ئورمانلارنى بىر ئۆزۈڭلا كۆرگەن ئىدىڭغۇ؟!

ئىلاھىي چۈشۈم، زەڭگەر يۈرىكىڭ بىلەن قۇياش رەڭ يۈرىكىمگە تەسەللى بەرگىن! يۈرىكىم يۈرىكىڭدە ئۇخلىسۇن...

سەنمۇ ئۇخلىغىن، ئارام ئال چۈشۈم. مەن ساڭا تۇنجى ئۆگەتكەن مۇقەددەس ناخشام — ھەقىقىي سۆيگۈنى تونۇتقان ئانا مۇھەببىتىگە تولغان بىر ئىلاھىي كۈي — ئەللەي ناخشىسىنى ساڭا ھەدىيە قىلماقچىمەن.

تىنچلان چۈشۈم، بىراق، سەن پەقەتلا چۈش كۆرمىگىن. بىۋاپا ئاقۇچ تۇمانلارنى زىنھار كۆرمىگىن...

— ئۇخلا، ئەللەي چۈشۈم! ئۇخلا...

مانا بۇ چۈش ئۇيقۇسى.

## خاتىمە

— ئەي، مۇھەببەت بىلەن تۇغۇلغان، سۆيگۈ بىلەن تونۇلغان ئىشق ئەھلى. سىز سەھەرنىڭ مۇقەددەس تاڭلىرىغا ئۈمىدلىنىپ، گۈزەل، لىرىك تۇيغۇلىرىڭىز قاناتلانغاندا غۇۋا ئاقۇچ تۇمانلاردەك سەرسان چۈشلىرىڭىزنى قايتا ئەسلەيدىغانسىز؟

قارىچۇقلىرىڭىزغا نەقىش بولغان كۆرۈنمەس چۈش دۇنياسى ئەسلىمىلىرىڭىزدەك ئانچە گۈزەل بولمىسا كېرەك، شۇنداقمۇ؟!

ھاياتنىڭ ئۆزىمۇ ئاچچىق-چۈچۈك چۈش.

بەخت مەڭگۈلۈك بولمىغىنىدەك ھىجران كۈيىنىڭ تەكرارلىنىشىمۇ ئەبەدىيلىك ئەمەس.

ھىجران مەڭگۈلۈك بولمىغىنىدەك ۋىسال، سۆيۈش ھەم سۆيۈلۈشمۇ ئەبەدىيلىك بولمىسا كېرەك.

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

قۇربان ئېلى

# مىكرو ھېكايىلەر

## «پاك ئەمەلدار»

ياسىن ھاكىم ۋېلىسىپىتنىڭ پېدالىغا بىر خىلدا تېپىپ ئۆيىگە كېتىۋاتاتتى. يولدا ئۇچرىغان چوڭ-كىچىك ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن سالام قىلىپ ئۆتەتتى. ئۇلارنىڭ كۆزىدىن رازىمەنلىك، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىنى سەزگەن ياسىن ھاكىمنىڭ قەلبى ئاللىقانداق شېرىن خىياللار بىلەن ئېرىپ كېتىۋاتاتتى. دېمىسىمۇ ھۆكۈمەت ماشىنىسىنى شەخسىي ئىشىغا ئىشلىتىش ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭدەك پاك ئەمەلداردىن قايسى پۇقرا رازى بولمىسۇن دەيسىز.

ئۇ قورۇسىنىڭ دەرۋازىسىنى ئېچىشىغا، «خانتاجى» ماركىلىق ياپون ماشىنىسىنىڭ يېنىدا تۇرغان شوپۇر ئىتتىك كېلىپ ۋېلىسىپىتنى ئالدى ھەم ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلىدى:

— سازەندىلەرنى ئاپىرىۋېتىپ ھېلىلا قايتىپ كېلىشىم.

— ھۆي سارەم! — دەپ توۋلىدى ھاكىم شوپۇرغا باش لىڭشىتقاندىن كېيىن، — ھېلىقى گۆش يۇقى داستىخاننى ئېلىۋېتىڭلار، گۆش ئىسكىلاتىغا خىزمەت تەكشۈرگىلى بارىمىز!

## كىتاب پۇلى

ئىككى ژۇرنال، بىر گېزىتكە مۇشتىرى بولۇۋىدىم، قولۇمغا ئىش ھەققىمنىڭ يېرىمىلا ئېشىپتۇ. بويتاقچىلىقتا بۇ ئاينى قانداق قىلىپ كېيىنكى ئايغا ئۇلاشنىڭ غېمىگە پېتىپ ئولتۇرسام، پېشقەدەم ئىش بېجىرگۈچى ساۋۇتكام گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا كىرىپ كەلدى:

— ئۇكام مۇختارجان، قاراڭ، پېشقەدەم زىيالىيلارغا كىتاب پۇلى تارقىتىپتۇ. بىلەمسىزكىن، قايسى ماگىزىندا ئوبدانراق كۆزەينەك باردۇ؟

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

**جۇمادىل مامان**

جۇمادىل مامان كۆزگە كۆرۈنگەن قازاق شائىرلىرىدىن بىرى. 1941 ـ يىل نويابىردا كۈنەس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. 1959 ـ يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى تۈگەتكەن، 1958 ـ يىلى تۇنجى ئەسىرى ئېلان قىلىنغان. ھازىرغىچە ئۇنىڭ «تاغ يالقۇنى»، «قاراقات»، «ئاتىلباي بوۋاينىڭ ھېكايىلىرى»، «ئەكبەر ـ سېيت»، «داستانلار» قاتارلىق كىتابلىرى نەشر قىلىندى. بىر مۇنچە ئەسەرلىرى ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە مۇكاپاتلاندى.

ئۇ ھازىر جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى. تۆۋەندە بىز ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر بېرىدۇق.

## قازاقلارنىڭ قانتى ئۆلەڭ

### تەگلىك

بىراۋغا بىراۋ بەرمەس ئۆز رىزقىنى،
تۈل بولساڭ تۈيۈق ئۆمۈر كەچۈرىسەن.
بار بولسا يېگىلىقىڭ، يارىڭ كەلسە،
يانپاشلاپ تۆر بېشىدا يېيىلسەن.
ھەققىمىز يوق چەيلەشكە مايلىق ئاشنى،
قىلمايمىز پاك نومۇسنى داغ ۋە زېدە.
جۇۋالدۇرۇز بىلەن تىكىپ تەگلىكنى بىز،
ياشايمىز يەر شارىنىڭ بىر يۈزىدە.
پايدىسىز پاكىتقا يا قۇرۇق گەپكە
تەلمۈرۈپ ئاجىزلارچە تىلەنگىنىڭ.
توققۇزى تەللەر بىلەن مەن تەڭ دېسەڭ،
ھالىڭغا كىممۇ نەزەر تاشلار سېنىڭ؟
دوستمۇ بار، ياتلارمۇ بار ئەتراپىڭدا،
ئىزدىسەڭ تەڭ بولماقنى تايان ئاڭا.
ئىزىڭغا قارا، ياقۇت چېچىلدىمۇ،
مەخمەللەر يېپىلدىمۇ كەڭ دالاڭغا؟

بىرىنىڭ ئەقلى مىڭغا بەردىمۇ نەپ،
باتۇرۇڭ چىددىمۇ سىناقلارغا؟
ئاق ئورداڭ ئۇلۇغ تارىخ كارۋىنىنى
يېتەكلەپ يۈزلەندىمۇ يىراقلارغا؟
تەبىئەت ياۋاش بولۇپ بېقىندىمۇ،
ئۆزۈڭدىن ئۆزگىرىشىڭ تېپىلدىمۇ؟
بىلگەننى باش ئەگدۈرۈپ، ئەتراپىڭدا
مەشئىلىڭ مانا مەن دەپ يېقىلدىمۇ؟
ھۈنىرىڭ ئۆرنەك بولدى باشقىلارغا؟
(قىرىلار تەتقىق قىلىپ، ياشلار قېنىپ.)
بولدىمۇ مۇھتاج ساڭا ئۆزگىلەرمۇ،
يۈرەلەمسەن،
تەگلىكتە مۇندىن باشقا يولمۇ ئېلىپ؟
شۇندىلا ئېيت ناخشاڭنى، كۆيلە راسا،
يايرىسۇن ئوغۇل ـ قىزىڭ ئويناپ ـ كۈلۈپ.
سانايدۇ ئۆيلىرىڭنىڭ ياغىچىنى

شۇ ھامان ئەۋلىيالار كىتاب كۆرۈپ،
نۇرلىرىنىڭ قاراڭغۇنى ھەيدەپ كېتەر،
چىرايىڭ كۆرگەن كۆزنى مەپتۇن ئېتەر.
شادلىنىپ باشقىلارمۇ ئېگىز كۆكتە
سېنىڭ ئالتۇن بايرىقىڭنى لەپىلدىتەر.

## ئاكىلار

ئاكىلار...
خەلقىگە قەدرى ئارتۇق بۇ جاھاندا،
بەختىنى تاپقان جەبرۇ جاپالاردىن.
قەددىنى پۈكمەس ھايات-ماماتلىقتا،
يول ئالغان يۈكسەك قىر ۋە دالالاردىن.
دەسسىگەن ياۋلىرىنى ۋەزنى بىلەن،
قامىتى گويا تاغدەك كەرگەن.
ئار-نومۇس سۆيى بىلەن يۇغان قىلىچ،
ئارمانغا يىراق دېمەي ئۇمدىلەنگەن.
تۆكۈشۈپ مۇشكۈل كۈندە قان-تەرىنى،
ئۆللىتىپ زىمىستاننى يازغا چىققان.
ئەلنى دەپ ئۇششۇسىمۇ پۇت-قوللىرى،
ھەرقاچان تىترىمەستىن ئالغا چىققان.
مەردلىكتە بولغان دۇنيا يىگىتى ئۇ،
يۈرمىگەن ئۆزى ئۈچۈن ئىزلەپ نەپنى.
يېرىشقان ھەقىقەت دەپ قىلنى قىرىق،
ئىشلىگەن، سېتىشمىغان قۇرۇق گەپنى.
يالقۇنى بار ئۇلارنىڭ ئۆچمەيدىغان،
بېلى بوش جانلار ئەمەس ياكى سايىق.
قارىچۇقىدا پارلار ئەلنىڭ كۆرەر تېگى،
يات ئۇلارغا ئوڭ ۋە سولغا ئالاڭلىماق،
تەك قىلار تۇپراق بىلەن ناپاكلارنى،
كەچكۇزدە سۆيەلەيدۇ كۆكلەملەرنى.
ياقتۇرماس تاغلىرىدا گىدىيىشىپ
ياستۇقتا يانپاشلىغان ئادەملەرنى.
بولۇتسىز ئۇچۇق كۆكتەك كۈلۈپ تۇرار،
مەسلىھەت بېرەلەيدۇ قېرى-ياشقا.
باش ئېگىپ قولاق سالار مۆمىنلەرگە،
تار يەردە بىللە ئېغىز تېگىپ ئاشقا.
كۆزىدە ئوت يانىدۇ بىلىم دېسە،
سىرلارغا بولۇپ تەشنا ئىنتىلىدۇ.
كىمدە كىم ئېچىپ بەرسە نۇقسانىنى،
ئۇنىڭ دەل شاگىرتىدەك يان بېرىدۇ.
سالمايدۇ كۆز قىرىنى ئەمەل-نامغا،
تۆگلۈكى يېپىلمايدۇ شامال ئۇرسا.
چاپقۇنىنى توسۇپ، ئويلار ئاقىۋەتنى
تۆگىسە ئاپەت يەنە تىكەر مايسا.
ئاكىلار...
ئۆسىدۇ كۆتۈرۈلۈپ بۈيۈك ئاڭغا،
گۈل تاقار ئوراپ ئېلىپ بىر توپ گۆدەك.
ئويلايدۇ، ئەقىل-ئىدراك شولىسىنى
تۆكىدۇ ئۆز يۇرتىغا نۇرلۇق يۈرەك.
شەپقىتى يېپىلىدۇ چۈللەرگىمۇ،
ياشلارغا تىنىم تاپماي بولار پاناھ.
ئولتۇرسا ئۇڭغا تارتماي كىمنىڭ ئىشى،
ئاچىدۇ ئالقىنىنى خالىس ئاڭا.
بېشىغا قىرو چۈشمەس ئالدىراپلا،
جان سىرى قېنى بىلەن ئايلىنىدۇ.
ئەلنى دەپ سۇ توشۇيدۇ قارلىغاچتەك،
شۇڭا ھۆر ناخشىلارغا باغلىنىدۇ.

1981-يىل

## قازاقلارنىڭ قانتى ئۆلەڭ

قازاقلار تارىختا يۈك ئارتتى قاچان،
تاغ بىلەن بوي تالاشتى شۇندىن بۇيان.
بۇلبۇلغا تەڭكەش بولدى ناخشىلىرى،

قوزغىدى كۆيى ئىلهام ۋە هاياجان.
ئەسىرلىك ئۆتكەللەردىن ئۆتۈپ كەلدى
ئۈزلۈكسىز ئاق ئۆيلەرگە ياغاچ باغلاپ.
ئېلىشتى بەخت بىلەن بەختسىزلىك،
ئۆتۈشتى بىرنى تۇتۇپ، بىرنى قوغلاپ.
گاھ سۈلغۈن، گاهى جۇشقۇن ئاشۇ كۈنلەر
باغلاندى دومبىرىغا پەدە بولۇپ.
هاياتنىڭ داۋان ئاشقان كارۋانلىرى
تارتىلىپ قوش تار بولدى ئاڭا قونۇپ.
ياتسىمۇ باتۇر غۇلاپ، مەپە سۇنۇپ،
تۇرسىمۇ نەيزە كۈندە جاننى نوقۇپ،
ئۆلەڭلەر قېلىۋەردى ئۆلمەيدىغان،
تۇزاقتا چۈشمەس، ئوتتا كۆيمەيدىغان.
سىرلارنى يەتكۈزدى ئۇ نەسىللەرگە،
تارازا بولدى گويا هالال، سەبي.
شەجەرە قىلىپ زۇلۇم-قارشىلىقنى،
چېلىشتا تىلدى كۆكنى چاقماق كەبى.
ئاه، قازاق، شۇڭغۇپ كۆرسەڭ تىرەن ئويغا،
قانىنىڭ بوپتۇ ئۆلەڭ پەرۋاز ئۇرغان.
تەۋرىتىپ سۆيۈندۈرگەن يەر يۈزىنى،
باغرىڭ كەڭ — ئاقىن بىلەن تولۇپ تۇرغان.
قاتتىقلىق تىلىمىزنى كېسەلمىدى،
ناخشىنى تاڭغا گۈلدەك تۇتتۇق مانا.
قازاقنىڭ ئۆلەڭلىرى بىزنىڭ بىلىم
ئازادلىق كۈنلىرىدىن تاپتى پاناه.

ئارىدا چىقتى يەنە باشقا سادا،
كۆزىمىز مست قىلمىدى نوقۇغاندا.
بىلەندى خەنجەر كەبى بۇ ئۆلەڭلەر،
ئەل تاشقا قارغىشنى يازدى قاندا.
ئوت ئالدى ئۇلۇغ چېلىش ئەلنى سىناپ،
خەلقىمىز تاپتى بۈگۈن نۇرلۇق ماكان.
كۈچەيدى كوممۇنىستىك پارتىيىمىز،
ۋەتەننى هەق-ئادالەت سوراپ هامان.
تارىدى بۇلۇت، تۇمان سۈزۈلمەكتە،
ئىلى، ئېرتىش، ئىمىل سۈيى ئاقتى تولۇپ.
جەم بولدۇق شاقپى① بىلەن ئاق ئۈزەن② دە
هاشىم③ هەم تاڭجارىققا گۈللەر قويۇپ.
كۆز سالساق قار لەيلىسى ئۆسكەن بەلگە،
ئېگىلىپ تەزىم قىلدى يېشىل ئورمان.
تەۋرىنەر گۈل دېڭىزى، قۇشلار ئۇچار،
ئوقۇلدى ئۆلەڭ ياڭراق گويا پەرمان.
ئۆيۈڭنى بالدۇر تىككىن ياكى كېيىن،
مەن دەيمەن بېغىشنى باغلا مەهكەم.
ياراتقىن زامانغا باب يېڭىلىقلار،
ئەلنىمۇ، ئەرلىكنىمۇ ئۇنتۇما هەم.
شاد بولسۇن بىزدىن بۇرۇن ئۆزىغانلار،
ئېسىگە كېلىپ قىيىن تاغ-داۋانلار.
جۆر بولسۇن ناخشىمىزغا بۇ سورۇندا
جەم بولسۇن بالدۇر-كېيىن كەتكەن هەممە،
ئالپىيەك④، سىماغۇل⑤ هەم قاۋسىلقانلار⑥.

① شاقپى — كۆنەستىكى بىر ئېقىننىڭ نامى.

② ئاق ئۈزەن — قورغاس يايلىقىدىكى بىر ئېقىننىڭ نامى.

③ هاشىم — ئالتايدا ئۆتكەن مەشهۇر دومبىرىچى.

④ ئالپىيەك — غۇلجىدا ئۆتكەن داڭلىق مۇزىكانت.

⑤ سىماغۇل — ئالتايدا ئۆتكەن مەشهۇر ئاقىن.

⑥ قاۋسىلقان — مەشهۇر ئەدىب قاۋسىلقان قوزباي ئوغلى.

سورساڭ ئۇلى كۆزى بۇ زېمىننىڭ،
بولىدۇ بەدەندىكى تومۇر دېسەك.
تېغى ئالتۇن، تېشى كۈمۈش، ياغىچى تۆچ،
سۇلىرى ئەركەك قوينىڭ شورپىسىدەك.
تاڭجارىق سۆزلىمەكتە يەنە بىزگە،
يېتەكلەپ ئەقىل-ئويغا ھەممىمىزنى.
ئانا يەر — ئىستىپاقلىق گۇۋاھچىسى،
سۆيگۈگە تولدۇرىدۇ قەلبىمىزنى.
ھە، قېنى، راسا ياڭرا بوغۇلغان ئۈن،
بۇ يېڭى، يايراش ئۈچۈن تۇغۇلغان كۈن.
تىزايلى خەزىنىنى تۆرگە راسا،
يىغايلى ئەگەر تاراپ كەتكەن بولسا.
ھە، قېنى، نىشان ئېنىق، تۇغۇڭ روشەن،
تىلىنىڭ ئەي چېۋەرلىرى، چۈش سورۇنغا!
كۆچەيتىپ شامال كەبى ئۆلەڭ ئۇتىنى
ھارارەت بېغىشلىسۇن بۇ ئۇرۇنغا!

1981 - يىل، ماي

## قىرىنداشلىق

سۆيى تىرەن ئاق ئۆستەڭدە ئۈزىمەن،
كۆز ئالدىمدا قەد كۆتۈرگەن قوش چىنار.
مۇقام بىلەن ئاتىمىش ئىككى قوڭۇر كۈي ①
چۈشەندۈردى كەچمىشىدە نېمە بار؟
ئىلھام يەلپۈپ ھېسسىياتىمنى قوزغايدۇ،
ئەتراپىمدا ناغرا ۋە نەي بوزلايدۇ.
يېپەك يولى بويلاپ باقتىم يىراققا،
بېكەتلەردە ئوتلاردىن نۇر تارايدۇ.
ئۇنتۇيمەن نېمىشقا؟
ھەممىزگە تەگلىك تېگىش بولغاندا،
كۈنۈم كۆلۈپ، ئېيىم گۈزەل تولغاندا،
تىكلىمەن قارغىش تۆكۈپ كۆزۈمدىن،
يىراقتىكى سۇر قەبرىدەك قورغانغا.
قارلىغاچتەك پەرۋاز قىلىپ ئۇچتۇم مەن،
خانتەڭرىگە ئۆرلەپ ئۇندىن جاي ئالدىم.
تەڭرىتاغنىڭ ئېتەكلىرى گۈل ئىكەن،
رەڭلىرىنى پەرق قىلالماي قىينالدىم.

* *

قېرىنداشتۇر قازاق-ئۇيغۇر بالىسى،
قان ۋە گۆشتەك بۆلۈنمەيدۇ ئارىسى.
شېرىن تىلنى بىللە ئۆگەتكەن ئانىسى،
تۇتاش كىندىك قېنى چۈشكەن دالىسى.
سېزىنگە غورا، قۇرت يېيىشكەن،
تال باراڭنىڭ سۇپىسىدىن ئالغان جاي.
چىققان كەڭرى ماڭلىيىدىن ئاچچىق تەر
ئىچكەن چاغدا ئاق نان بىلەن سۈتلۈك چاي
ساقال قويغان، بۇرۇتىمۇ كېلىشكەن،
ساپتاياقتا بىللە قىمىز ئىچىشكەن،
كەڭ ياقىلىق سەنسەن جۇۋا كىيىشكەن،
قۇۋۋىتىمۇ، مۇرادىمۇ سىڭىشكەن.
قوشۇقى ۋە كەپكۈرىمۇ ئوخشاشلا
قىزغۇچ ئۆرۈك ياغىچىدىن ياسالغان،
ئۇيۇلغاندۇر قېيىن بىلەن تېرەكتىن
تەگنىسى ۋە تاۋىقىنىڭ ئۆزىمۇ.
ئىككى خەلق مىسالى جۈپ ئاق شۇڭقار،
بىللە ئۇچۇپ بۇلۇتلارغا يول ئالغان،
بىرى بۇلبۇل، بىرى تۇتى، ئوخشاشتۇر
دۇتار بىلەن دومبىرانىڭ يۈزىمۇ.
چېچەن مېڭە ئاتا قىلغان تەبىئەت،

① ئاتمىش ئىككى قوڭۇر كۈي — قازاق خەلقىنىڭ تارىخى كۈيلىرىنىڭ ئاساسلىق غولى.

سانسىز شەھەر، تاش ئۆيلەرنى ياراتقان،
ئاتا ئالىم فارابى ۋە قەشقىرى
كەڭ جاھاننى ئۆزلىرىگە قاراتقان.
داپقا ئويناپ، سۇمۇرۇغ بولۇپ ئۇچقان بىز،
بۇركۇت تۇتۇپ، كەپتەر باققان تۇغقان بىز.
قىز جىبەك ① ھەم ئامانىسا پەخرىمىز،
ئىككى ئەلدىن چىقتى ئىككى داڭلىق قىز.
ئەسلە، قويچى ئاغا ② بىلەن چوقان ③ نى،
ئارزۇ نەگە ئاپارمايدۇ ئىنساننى؟
مىراسخورى دېسەك توغرا بولىدۇ
جىبىرەنشە ④ نىڭ ھەمدە ئالدار كوسا ⑤ نىڭ
بىزگە ئورتاق چاقچاقچىمىز ھېسامنى.
ئاش ۋە تۇزنى قەدىرلەشنى خوپ كۆردۇق،
مېھمان بولساق پاخلان بولسا ئۆلتۈردۇق.
ئۇيغۇرلارنىڭ خامىندا دان بولسا،
قاپاق تۇرمەي مالخاي بىلەن تەڭ بولدۇق.
تارىخ بويى ئىناق، شېرىن كۈن كەچتۇق،
جۇڭغاردىمۇ، تارىمدىمۇ ئىزدەشتۇق.
كورساي ⑥ ئاشساق ئۇلاغلارغا تۇز ئارتىپ،
قۇمبۇلاق ⑦ تا يالغۇز ئاتقا مىنگەشتۇق.
تامغا ئويۇپ، سىنتاش قويدۇق تاغلارغا،
دۇنيا شۇندىن بىرلىكمىزنى بىلمەمدۇ؟
زېمىن جەننەت، جېنىمىز پاك بولمىسا،
شىجۇن خانىم ئانا بولۇپ كېلەمدۇ؟!

* *

ساداق ئەگسەك ئوقنى بىللە يونۇدۇق،
بىللە كۆچۈپ، ئىز قالدۇرۇپ يول ئاچتۇق.
بۇ يوللاردا ئۆتكەللەردىن تەڭ ئۆتۈپ،
قايغۇ چەكسەك بىللە بولۇپ مۇڭداشتۇق.
باسقۇنچىلار، پادىشاھلار، زالىملار
كەلدى كۈلپەت تاغلىرىنى كۆپ يۈكلەپ.
بىز جۈپ ئىدۇق، ئايرىلمىدۇق شۇندىمۇ،
يېرىم قۇرت، بىر ياڭاقنى بىللە يەپ.
كۆرۈك بېسىپ كۆك نەيزىنى تاۋلىدۇق،
مولىلىقنى ئۆگەنگەندە بىر ئىدۇق.
ئۆمۈر بويى چەكسىز گۈزەل ماكاننى
قول تۇتۇشۇپ قاراقچىدىن قوغدىدۇق.
ئالدىمىز ئوت، ئارقىمىزدا كۆيىدى دەرد،
قوۋۇرغىمىز تەشتى سىپىل، تاش تامنى.
سادىر پالۋان قوشىقىدا كۈچەيدۇق
قانلىق دارلار تارتقاندىمۇ ئارقاننى.
زامان ئاچچىق چاققان چاغدا يىلاندەك،
قىلىچ چاپتۇق ۋە ئېتىلدۇق ئوقيادەك.
سانسىز ئەركەك كۆكرەك كەردى ۋارقىراپ،
تۆكمەن دەپ قان-تەرىمنى دەريادەك.
چىقتى ئەجەل بورانلىرى قەھرلىك،
توغ يەلپۈندى ۋە چايقالدى يەر-زېمىن.
ئاڭلاپ بۇنى كۈلگەن ئىدى ماۋزېدۇڭ

---

① قىز جىبەك — قازاق خەلق داستانى «قىز جىبەك» نىڭ باش قەھرىمانى.
② قازاقلاردىكى قىزاي قەبىلىسى تۆت قىزاي دەپ بۆلۈنىدۇ، رىۋايەت قىلىنىشچە، تۆت قىزاينىڭ ئىككىسى شۇ، قويچى ئاغا، دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر مالچىنىڭ ئەۋلادى ئىمىش.
③ چوقان ۋەلىخانوۋ — 19-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر جۇغراپىيە ئالىمى، قەشقەرگە كەلگەن.
④⑤ جىبىرەنشە، ئالدار كوسىلار قازاق خەلقىنىڭ مەشھۇر قىزىقچىلىرى.
⑥ كورساي — بورىتالادىن غۇلجىغا ئۆتىدىغان چوڭقۇر ساي.
⑦ قۇمبۇلاق — جاي ئىسمى.

قىردا قازاق، ئويدا ئۇيغۇر، دەپ قىرغىن.
داستان يېزىپ، رەسسام سىزساق ئەرزىيدۇ
ھەيرانباغدا جان بەرگەنلەر ھەققىدە.
سېپىت باتۇر، رىزۋانگۈللەر ياتىدۇ
چېچەك ئېچىپ قاتارلاشقان قەبرىدە.

*　　*

دوبۇلغىمىز ئوخشاش بولغان ئاق ئۇچلۇق،
يېپلىرىمىز تاش ئورچۇقتا سوزۇلغان.
يىپەك يۇڭدىن جىلۋىلەنگەن گىلەمدە
كەچمىشمىز تارىخ بولۇپ يېزىلغان.
پەي قەلەمنى بىللە چىلاپ دۇۋەتكە،
ئۆمۈر يولى بىر ئىلھامدا جىرلاشقان.
كەۋسەر كەبى بىر بۇلاقتىن سۇ ئىچتۇق،
تەلەي كۈلۈپ، كۆزلىرىمىز نۇرلانغان.
تارىخ قېرى، ئۆزىمىز ياش مايسىدەك،
تويغا چاچقۇ قىلىپ ئۆلەڭ تۆكمەن.
ئوقۇغان بىز تاڭجارىقنى، لوتۇننى،
ئىناقلىقنى شۇنداق كۆيلەپ ئۆتمەن.
ئاپەت كەلسە بىللە ئاغرىپ ئىڭرىدۇق،
پىلسىراتتىن بىللە ئۆتتۇق تووۋا دەپ.
يېڭىپ چىقتۇق، يارىمىزنى ساقايتتۇق،
بەخت بەرگەن پارتىينى چۆرىدەپ.

مەن يادلىغان تېيىپجاننىڭ شېئىرىنى،
ئۆمۈ ئالغان ئابايدىنمۇ كۆپ تەلىم.
ماڭا ئۇستاز ـــ شائىر ئاكا سادىقوۋ①،
مېنىڭمۇ بار مەخمۇتلارغا② بېرەرىم.
ئوغۇل ئۆيلەپ، قىز ئۇزاتساق بىللە بىز،
يايلاقلاردا، شەھەرلەردە ئۆي راستلاپ.
ئۇيغۇر، قازاق كېتەلمەيدۇ يىراقلاپ،
توي ئېشىنى بىر-بىرىگە مول ساقلاپ.
بۆلۈنمىگەن نېسۋىلەر كۆپ تېخى،
ئاھ، قېرىنداش، گۇۋاھ بولسۇن باللار.
باققان كەبى بەيگىدىكى ئاتلارغا
زامان كۆزى بىزگە مەمنۇن قادىلار.
تەڭلىك تۇغى ئايان بولار ئۇسسۇلدا،
بەرىكەتنى كۆيلىمەيدۇ قانداق كۈي؟
توققۇزى تەل، كۆتۈردىغۇ قەددىنى
بىز ئولتۇرغان ھەشمەتلىك مۇشۇ ئۆي.
بۇ شېئىرنى يازمىدىم مەن ئويلانماي،
بارلىق مىللەت چىڭ ئۇيۇشتى قورغاندەك.
قاراپ باققىن، قازاق بىلەن ئۇيغۇرغا
گۆشتە مانتا، مايدا پولۇ بولغاندەك.
ئالدىمىزدا گۈل-گۈلىستان ياشنايدۇ،
قۇملار تۈگەپ، مەڭگۈلۈك مۇز قالمايدۇ.
ئانا يەردە تويلار تويغا ئۇلىشىپ،
يالقۇنىمىز ئۆچمەي مەڭگۈ پارلايدۇ.

قازاقچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى **قۇربان بارات**

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى **مامۇت زايىت، ئوسمانجان ساۋۇت**

---

① سادىقوۋ ـــ شائىر مەھەممەتجان سادىق
② ماخمۇت ـــ ماخمۇت مەھەممەت

قاۋسىلقان قامجان

# ئەدەب ۋە بالىلار ئەدەبىياتى

بالىلار تۇرمۇشى بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ مەنبەسى، ئاساسلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئوبيېكتى. بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ رولى ۋە مۇھىم ۋەزىپىسى بالىلارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي جەھەتتىن ساغلام تەربىيىلىنىپ، ئەتراپلىق يېتىلىشىگە ياردەم بېرىش ئۇلارنىڭ دۇنيانى، ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىتتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەرنى، ئىجابىي ۋە سەلبىي نەرسىلەرنى چۈشىنىش، پەرقلەندۈرۈشىگە ياردەم بېرىپ، مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشتىن ئىبارەت.

بىزگە مەلۇمكى، ھەرقايسى دەۋر، ھەرقايسى مىللەت بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى قۇرغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغانلار چوڭلار، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ دەۋر، شۇ مىللەتنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىدۇر.

بالىلار ئەدەبىياتى ئۈچۈن قان-تەرىنى ئايىماي، مول ھەم سۈپەتلىك مېۋە بېرىپ كېلىۋاتقان يازغۇچى، شائىرلار ھەممە دەۋر، ھەممە مىللەتتە بار. تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىلەر كۆڭلىگە ياققان جۇشقۇن، ئاھاڭدار، يۇمشاق، لىرىكىلىق، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبقا ئىگە شېئىرلىرى ئارقىلىق جامائەتچىلىككە تونۇلغان بالىلار شائىرى. ئۇ قىرىق يىلغا يېقىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۇتكەن مەنىلىك ھايات مۇساپىسى داۋامىدا بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. شائىرنىڭ مەخسۇس بالىلارغا بېغىشلانغان تەملىك ۋە چۈچۈك ئىجادىيەت مېۋىلىرى يېڭى دەۋرىمىز ئۇسمۇرلىرىگە مەنىۋى كۈچ، ئېستېتىك زوق بېرىپ كەلدى.

شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىننىڭ بالىلار شېئىرلىرىدا بالىلار تۇرمۇشىدىكى ماھىيەتلىك تەرەپلەر ئۇلارنىڭ ئۆز پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا يورۇتۇلۇپ سەبىي قەلبلەردە دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەنگەن گۈزەل ئارزۇ-ئىستەكلەر، ۋەتەننى، ئىلىم-پەننى، ئەمگەكنى سۆيۈش، خەلققە سادىق بولۇش، ئومۇمنىڭ،

باشقىلارنىڭ مۈلكىنى ئاسراش، ئاتا-ئانىسىنى، ئوقۇتقۇچىلىرى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان، بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىپ كۈندىن-كۈنگە يۇقىرى ئۆرلەش قاتارلىقلار يارقىن ئىپادىلەنگەن.

شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىرىدىنىنىڭ بالىلارغا بېغىشلانغان بالىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان شوخ، يېقىملىق ياخشى شېئىرلارنى يازالىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنى شائىرنىڭ بالىلار تۇرمۇشى بىلەن پىششىق تونۇشقانلىقى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆز مەنتىقىسى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە مۇۋاپىق شەكىلنى تاللاپ، پىشقان بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئۆزگىچە ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن ئىزدەشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تولىسى كىتابخانلارغا گويا بالىلارنىڭ ئۆز ئاغزىدىن، ئۆز تەپەككۇرى، ئۆز تەسەۋۋۇرىدىن كۆچۈرۈۋېلىنغاندەك، ئۆز ئېڭى، ئۆز چۈشەنچىسى بويىچە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ ئىجاد قىلىنغاندەك تۇيغۇنى بېرىدۇ. ئەگەر بىز شېئىرلىرىنىڭ بېشىدىكى ئاپتورنىڭ ئىسمىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئەسەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇيدىغان بولساق، بالىلارنىڭ ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىلغان شېئىرلىرىدەك ھېس قىلىمىز. بۇ شېئىرلاردا بالىلارنىڭ تۇرمۇشى، ئارزۇ-ئىستەكلىرى، ھېس-تۇيغۇسى، پىسخىك خۇسۇسىيەتلىرى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخىرىدىنىنىڭ بالىلار شېئىرلىرىنىڭ تېما مەنبەسى باي ھەم كەڭ، رەڭدار، ئىپادىلەش شەكىللىرى كۆپ خىل، ئۇلاردا بالىلار شېئىرىيىتىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئامىللار تولۇق ئىپادىسىنى تاپقان «مېنىڭ جان دوستۇم» شائىرنىڭ ياشلىق دەۋرىدە يازغان شېئىرلىرىدىن بىرى. بۇ شېئىردا ئاپتور ئۆسمۈرلەرنىڭ بالىلىق ئارزۇلىرىنى، كىتابخۇمارلىقنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

«كىمكى ئۇنى دوست تۇتسا،
ئەسقاتىدۇ ھەر جايدا.
ئەسلا ھاردىم دېمەيدۇ،
يەتكۈزىدۇ كۆپ پايدا.
... ...
زوقلىنىسەن سۆزلىسە،
ئېغىزى يوق، يا كۆزى.
ئەقىل قوشار ئەقلىگە
قەن-ناۋاتتەك ھەر سۆزى.»

يۇقىرىقى مىسرالاردا ئىپادىلەنگەن مەزمۇننى بالىلار بىر قېتىم ئوقۇپلا چۈشىنىپ ئالالايدۇ. بۇنىڭدىكى سەۋەب، ئاددىي شەكىل، راۋان تىل ئارقىلىق يەڭگىل ئوقۇمدىكى

مەزمۇنىنىڭ رىتىم، قاپىيەلەرگە چۈشۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەنلىكىدۇر.
شائىر ئۆز ئوبيېكتىنىڭ ئەمەلىيىتىگە يېقىن مۇھاكىمە قىلىش، ئوخشىتىش، جانلاندۇرۇشتەك ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، شېئىرنىڭ ئىلمىيلىك، بەدىئىيلىك جەھەتلەردىكى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرگەن. ئالايلى، كىتاب «ھەممە ئىلىم-ھېكمەتنىڭ مەنبەسى»، «ئۇ، بىلىمگەننى بىلدۈرىدۇ»، «ئەسقاتىدۇ ھەر جايدا»، «بۇ دوستنى پۈتۈن يەر يۈزى بىلىدۇ» دېگەن مىسرالاردا چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر، مول مەزمۇن، ئىلمىي تۈس ئالغان مۇلاھىزىلەر بار. مەلۇمكى، بالىلارنى مەلۇم نىشاننى كۆزلەپ تەربىيىلەشنىڭ دەسلەپكى قەدىمى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئېڭىغا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى سىڭدۈرۈشتىن باشلىنىدۇ. مانا بۇ بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن مۇھىم تېما.
«يۇرۇقلار دوستلار مەكتەپكە»، «سالام مەكتىپىم»، «يەنگە يۈرۈش قوشىقى» قاتارلىق شېئىرلار ئەنە شۇنداق تېمىلاردا يېزىلغان.
«ئەلاچى سىنىپ» ناملىق شېئىردا ئاكا-ئۇكا ئىككى بالىنىڭ ئۆزئارا سۆھبىتى دىئالوگ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن.

«سىنىپىمىز ھەر قاچان
تۇرار تازا يوپ-يورۇق.
جاي-جايىدا ئۇستەل، بور،
پارتىلىرى رەت تولۇق.»

بۇ بالىلار ئۆز قوللىرى بىلەن بەرپا قىلغان ئازادە، كۆكلەملۈك ئۆگىنىش مۇھىتىنىڭ ئوبرازلىق تەسۋىرىدۇر.
ئانا تەبىئەت بىلەن كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇناسىۋىتى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مۇھىتنى بۇزىدىغانمۇ، بۇلغايدىغانمۇ ئادەم. مۇھىتنى تۈزەلەيدىغانمۇ، گۈزەللەشتۈرىدىغانمۇ ئادەم. مۇھىتنىڭ كۆكلەملۈك ياكى كۆكلەمسىز بولۇش، پاكىز ياكى پاسكىنا بولۇشى كىشىلەرنىڭ مەدەنىيىتىنىڭ، ئەخلاق، پەزىلىتىنىڭ قانداق بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ شېئىرنى ئوقۇغان كىتابخانلارنىڭ كۆز ئالدىغا شۇ گۈزەل مۇھىتنى بەرپا قىلغان گۈزەل، يۇمران قەلبلەرنىڭ ئوبرازى كەلمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس.
شائىر شېئىردا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ:

«دەرسكە زىل چالغاندا،
ئولتۇرىمىز جىم بولۇپ.

مۇئەللىملەر كىرگەندە،
ھۇرمەتلەيمىز تىك تۇرۇپ.
مېھرى بىلەن مۇئەللىم.
سالام دەيدۇ زوقلىنىپ.
زېھىن قويۇپ تىرىشىپ،
ئوقۇيمىز بىز روھلىنىپ.»

دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

بۇ مىسرالاردا بىلىمگە تەشنا تىرىشچان ئوماق باللار بىلەن كۆيۈمچان، تەلەپچان باغۋەنلەرنىڭ ئىللىق مۇناسىۋىتى، مېھرى-شەپقىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن.

«يول چېتىدە يۈرىمىز،
ئۆيىمىزگە يانغاندا،
ئېسلىمايمىز ھارۋىلار،
ماشىنىلار ماڭغاندا،
بىزدە يوقتۇر كىچىككىش،
ئۇرۇش-تالاش ئەھۋاللار،
بولغاچ دوستلۇق ئىناقلىق،
خۇشال بىزنىڭ باللار.»

بۇ مىسرالاردا باللار خاراكتېرى ئۆز تىلى، ئۆز ھېسسىياتى، مىجەز-خۇلقىغا ماسلاشتۇرۇلغان ھالدا تەبىئى ھەم يېقىملىق، يىغىنچاق ھەم ئوبرازلىق گەۋدىلەندۈرۈلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپ ھاياتى باللار ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇلارنى ئاڭسىزلىقتىن ئاڭلىقلىققا يېتەكلەش، زېھنى-كۈچىنى ئۆگىنىشكە قارىتىشقا ئادەتلەندۈرۈش باسقۇچى ھېسابلىنىدۇ. تەكشى قەدەم، مۇستەھكەم ئىرادە بىرلىكىدە پارلاق مەنزىلنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلەشنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان «ئەلاچى سىنىپ» ناملىق شېئىردا باللارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى جانلىق ئىپادىلەنگەن. «مەكتىپىمىز مەيدانى» ناملىق شېئىردا كىچىك دوستلارنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدىغان، ئۇلارنىڭ جۇشقۇن روھلۇق، شاد-خۇرام كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان يەنە بىر مۇھىم ئامىل — دەرستىن سىرتقى كۆكۈللۈك تۇرمۇش مەنزىرىلىرى تەسىرلىك سىزىلغان.

«ئۇندا ئۆتەر تەنھەرىكەت،
بەيگىلىرى جۇشقۇنلۇق.

مه نىلىك شاد ئويۇنلار،
بېغىشلايدۇ دىلغا زوق.
كۆچەت تىكىپ مه يدانىنى،
كۆكه رتىمىز ئاسرايمىز.
گۈزەل مه كتەپ قويىندا،
ئۆم بەختيار ياشايمىز.
ئوبدان ئوقۇپ دەم ئېلىپ،
ئۆتەر هايات يېڭىچە،
شۇنداق ئاۋات هەمىشە.»

مانا بۇ بىزدىن هېچقانداق ئىزاھ تەلەپ قىلمايدىغان هەقىقىي باللار ناخشىسىدۇر. باللار ئەدەبىياتىنى چۇشىنىش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىش، باللار ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئۇچۇن باللارنىڭ پسىخىك خۇسۇسىيتىنى، خاراكتېر ئۆزگىچىلىكلىرىنى، تۇرمۇش ئادەتلىرىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك. ئاندىن قالسا باللار ئاسان قوبۇل قىلالايدىغان يېنىك شەكىللەرنى، ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى، تىلنى ياخشى تاللاش لازىم.

تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىنىنىڭ يۇقىرىدا دېيىلگەندەك باللارنىڭ ئويى، تەسەۋۋۇرى، هېسسىياتى، تىلى بويىچە يېزىلغان شېئىرلاردىن باشقا بىۋاستە باللارغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلارمۇ بەلگىلىك ئورۇننى ئىگىلىگەن. «ئىنىمنىڭ ئارزۇسىنى» ناملىق شېئىرى بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ شېئىرنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا «مەن» نىڭ ئاغزىدىن ئىنىسىنىڭ تەسىرلىك ئىش-پائالىيەتلىرى ئىخچام بايان قىلىنسا، شېئىرنىڭ كېيىنكى قىسمىدا «مەن» نىڭ ئىنىسىگە بولغان ئامراقلىقى كۈچلۈك هاياجان بىلەن ئىزهار قىلىنىدۇ.

«ئەخمەت دەپ بىر ئىنىم بار،
سۆزلەپ بېرەي مەن سىزگە.
يۈرەر پاكىز هەم رەتلىك،
ياقار قىلىقى بىزگە.
تېخى مەكتەپ كۆرمىگەن،
ئەمدى كىردى ئالتىگە،
تاپشۇرۇلسا بىرەر ئىش،
قالدۇرمايدۇ ئەتىگە»

دەپ كىچىك دوست ئەخمەتنىڭ پاكىز، رەتلىك كىيىنگەن، قولىقى يۇمشاق، قىلىقى تاتلىق، مىجەزى يېقىملىق، قىياپىتى ئوماق بىر خىل خاسلىق ئالاھىدىلىكى تەسۋىرلەنسە، كەينىدىنلا:

« قېرىنداشنى چىڭ تۇتۇپ،
ئۇلتۇرۇشى بىر ئەپلىك.
ھەرپ، رەقەم ئۆگەنسە،
يېزىپ چىقار بەك رەتلىك.
كېلىپ زوقۇم ئۇنىڭغا.
دېسەم نېمە بولسەن.
شەپكىسىنى تۈزەپ ئۇ،
دەيدۇ ئەسكەر بولمەن.»

دېگەن مىسرالار ئارقىلىق ئەخمەتنىڭ زېرەكلىكى، تىرىشچانلىقى، دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللىنىشكە باشلىغان غايىۋى ئارزۇسى قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە چوڭلار بىلەن بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە زور پەرق بولغىنىغا ئوخشاش ئوقۇۋاتقان بالىلار بىلەن مەكتەپ يېشىغا توشمىغان بالىلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئوتتۇرىسىدىمۇ مۇئەييەن پەرق بولىدۇ. ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنىڭ ئارزۇسى، پىكىر يۈرگۈزۈش، چۈشىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، پەرق ئېتىشىدە خېلى ئىلگىرىلەش بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئويغىنىش ھاسىل بولۇش بىلەن تەڭلا ئۆگىنىشكە بېرىلىدۇ. ئۇلارنىڭ كاللىسىدا، غايىۋى دۇنياسىدا ئالىم، ئىنژېنېر، ئاگرونوم، دوختۇر، يازغۇچى، لېيۇتچىك بولۇش ئىشتىياقى قوزغىلىدۇ. لېكىن، مەكتەپ يېشىغا يەتمىگەن بالىلار بۇنداق ئىشلارنى تېخى ئويلاشقا ئۈلگۈرەلمەيدۇ.

راستچىللىق ۋە ئىخلاسىنىڭ،
ئەجرىسىدۇر تەر دېگەن.
تەر تۆكۈشتىن قورقمىغانغا،
ئىززەت-ھۆرمەت نەدىكەن.
ئوغلۇم كىچىك بولساڭمۇ
ھەرىكەتلىرىڭ جايىدا.
پاراستىڭ، زېھنىڭدىن،
تاڭ قالىمەن گاھىدا.
ئوقۇشلىرىڭ بەك ياخشى

هەتتا ئىشك، قىلىقك.
شۇڭا يىگىت دېمەسكە
قانداق چىدايدۇ دىلىم.»
(«ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا» دىن)

مەيلى چوڭ ياكى كىچىك بولسۇن، كىشلەرنىڭ ئەقىل-پاراستى، زېھنىي كۈچى، ئويلاش، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارى ئۇلارنىڭ يېشى، جىسمانىي جەھەتتىكى پەرقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. دەرۋەقە «بالا» دېگەن ئۇقۇم بىلەن «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا خېلى پەرق بار. چۈنكى «بالا» دېگەن ئۇقۇم پەقەت بالىغلا قارىتىلغان. «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمغا كەلسەك ئۇ، باللىق دەۋرىدىن ئۆتكەن ياشلارغا قارىتىلغان. دېمەك، يۇقىرىقى «ئوغلۇمنىڭ سوئالىغا» ناملىق شېئىردا شائىر دادىنىڭ بالىسىنى قايسى ئالاھىدىلىكىگە قاراپ «يىگىت» قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنلىكى، بالا بولسا: «مەن تېخى بالا تۇرسام نېمە ئۈچۈن يوغان ئادەملەر قاتارىغا ئۆتۈپ قالدىم؟!» دەپ دادىسىغا سوئال قويۇپ تۇرۇۋالغانلىقىدىن ئىبارەت تۈگۈننى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن يېشىپ بەرگەن. ئۇ بولسىمۇ بالا ياش جەھەتتە ئەمەس، ئەقىل جەھەتتە «يىگىت» لىك دەرىجىسىگە يېتىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ يەردە شائىر ئۆزى تەسۋىرلەۋاتقان ئوبىيېكتنىڭ ئەقىل جەھەتتىن يېتىلىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن «يىگىت» دېگەن ئۇقۇمنى ئوبرازلىق مەنىدە قوللانغان.

بىۋاستە باللار تىلىدا يېزىلغان شېئىرلاردا بولسۇن ياكى باللارغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرلار بولسۇن، پىكىر، ھېسسىيات بولىدۇ. بەزىلىرىدە كونكرېت تەپسىلاتلار تەسۋىرى ھەتتا سېيۇژېتمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشى باللارنىڭ سەۋىيىسى، تەسۋىرى ھەتتا سىيۇژېتمۇ بولىدۇ. بۇلارنىڭ قانداق ئىپادىلىنىشى باللارنىڭ سەۋىيىسى، بىلىم ئىقتىدارى بىلەن چەكلىنىدۇ. باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغاندا بۇ نوقتىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىشى كېرەك. بۇنىڭغا ئەمەل قىلىنمىغاندا شېئىرنىڭ ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىك جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇ، باللار ئەدەبىياتىغا كىرمەيدۇ. ئىشلىتىلگەن تىلنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق، گۈزەل، ئەسەر قۇرۇلمىسىنىڭ باغلىنىشلىق بولۇشى، مەزمۇنىنىڭ ئېنىق، چۈشىنىشلىك ئىپادىلىنىشى، ھېسسىياتنىڭ تەسىرلىك ئىزھار قىلىنىشى قاتارلىقلار ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ھەممىسگە قويىلىدىغان ئورتاق تەلەپ، باللار ئەدەبىياتىغا دائىر ئەسەرلەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس.

باللارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىپ، پاك قەلبىگە بۇ روھنى سىڭدۇرۇشمۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى. شائىر تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىننىڭ باللار شېئىرلىرىدا ۋەتەن، ئانا يۇرت مەدھىيىلەنگەن شېئىرلارمۇ خېلى بار. ئۇ «ۋەتەن ھەققىدە قوشاق» ناملىق شېئىرىدا:

« بىزنىڭ ۋەتەن جۇڭخۇانىڭ
پەسلى دائىم گۈل-چىمەن.
شەرىپىنى-مېھرىنى
مەدھىيىلەيمەن زوق بىلەن.
ۋەتىنىمنىڭ تۇپرىقى
ئوپۇق بويلاپ سوزۇلغان،
خەلقى باتۇر ئەمگەكچان،
دۇنياغا تونۇلغان »

دەپ دەۋرىمىز باللىرىنىڭ ۋەتەن-خەلققە ۋە ۋەتەننىڭ گۈزەل تاغ-دەريالىرى ھەم ئەۋزەل شارائىتىغا بولغان مۇھەببىتى چەكسىز سۆيۈنۈشى، پەخىرلىنىش تۇيغۇسى ئىپادىلەنگەن.

« نۇرلۇق قۇياشلىق قۇچىقىڭدا
كۆچ-قۇۋۋەتكە تولدى قەلبىم.
ئازاد-ئاۋات ھۇر قوينۇڭدا
ئۆسمەكتىمەن ئېلىپ تەلىم.
ئۆرلە ۋەتەن، يۈكسەل يەنە،
ھەر بىر غەلبە بەختىم.
ئەلا ئوقۇپ سېنىڭ ئۈچۈن
تۆھپە قوشۇش ئەھدىم مېنىڭ. »
(« ئۇلۇغ ۋەتەن » دىن)

كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى قانچىلىك چوڭقۇر بولىدىكەن، ۋەتەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش ئىرادىسىمۇ شۇنداق كۈچلۈك بولىدۇ. يۇقۇرىدىكى مىسرالاردا شائىر ئازاد زامان، بەختىيار ھايات قۇچىقىدا ئەركىن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئۆسمۈرلەرنىڭ قەلب قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق ھېسسىياتى، ئۇلارنىڭ كەلگۈسىدە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈش يولىدىكى تۆھپىكارلاردىن بولۇش ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرگەن.

ئاتا-ئانىلارنىڭ باللاردىن كۈتكەن ئۈمىدى، تىلىكىنى باللارنىڭ ئاتا-ئانىلارغا بولغان مۇھەببىتىنى، ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەشمۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى. بۇ نۇقتىنى بىز شائىرنىڭ « مېھرىبان ئانا » دېگەن شېئىرىدىن ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

ئۇنىڭدا :

« قەلبىڭ كۈندەك ئىللىق، ئىسسىق،
مېھرىبانىم، جېنىم ئانا.
سېنى دېسەم ئۆركەش ياساپ،
ئاقار دىلدىن مېھرىم ساڭا.
جان كۆيدۈرۈپ باقتىڭ مېنى،
ئۆستۈم ساغلام يىلدىن يىلغا.
گۈزەل ھايات ئارزۇسىنى
چىراغ قىلىپ ياقتىڭ دىلغا.
ھايات ماڭا قۇچاق ئاچتى،
قارا، بالاڭ سەپتە مانا.
ئەھدىم: ياشلىق باھارىمنى
تەقدىم قىلىش ئەلگە ئانا »

دەپ ئانا قەلبىنى چۈشەنگەن، ئانا قەدرىگە يەتكەن باللارنىڭ ئانىغا بولغان مۇھەببىتى، ئانا ئالدىدىكى ئەھدى ئىزھار قىلىنغان.

ئاتاقلىق باللار شائىرى تۇرسۇنمۇھەممەت پەخرىدىن شېئىرلىرىدا يەنە مەلۇم سيۇژېت بىلەن يېزىلغان شېئىرلارمۇ خېلى ئۇچرايدۇ. بۇلار « رۇستەمنىڭ بىر كۈنى » ، « خەت » ، « تۇنجىسى ۋە كەنجىسى » ، « جاسارەت ناخشىسى » ، « رەھمەت سىزگە پىئونېر » قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. « رەھمەت سىزگە پىئونېر » دە مۇنداق بىر قىزىقارلىق ۋەقە بايان قىلىنىدۇ.

كۈن ئۇپۇققا باش قويغان مەزگىل. مەكتەپتىن كەچرەك يېنىپ، مەنزىرىسى كۆركەم ئورمانلىق ئارىسىدىكى مەھەللىنى ئارىلاپ ئۆيگە قايتىپ كېلىۋاتقان پىئونېر قىز ھۆرىخان يولدىن بىر پورتماننى تېپىۋالىدۇ. ئۇنى قولىغا ئېلىپ، بۇنىڭ ئىگىسى كىم بولغىيدى، شۇ تاپتا ئۇ راسا تىت-تىت بولۇۋاتقاندۇ-ھە ؟! بىردەم كۈتەي، بەلكىم ئىزدەپ كېلىپمۇ قالار، دەپ ئويلاپ خېلى ۋاقىتقىچە ساقلايدۇ. لېكىن ھېچقانداق ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ئۇ ئۆيگە كېلىپ بۇ ئەھۋالنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۆيدىكىلەر پورتماننى ئېچىپ كۆرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىن نۇرغۇن نەق پۇل، بېلەت، ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەر چىقىدۇ. ئانىسى: « بالام! بۇ نەرسىلەرنى قانداق قىلماقچىسەن؟ » دەپ سورىغاندا قىز دەرھال: « ئەتە مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىم كېرەك » دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئەتىسى ئۇ مەكتەپكە بېرىپلا پورتماننى مەكتەپ رەھبەرلىكىگە تاپشۇرىدۇپ ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇنىڭ ئىگىسى كېلىپ يىتتۈرۈپ قويغان پورتماننى ساق-سالامەت تاپشۇرۇۋالىدۇ ۋە ھۆرىخانغا رەھمەت

ئېيتىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا باللار ئوقۇغان ھامان ئېسىدە تۇتۇپ ئالالايدىغان كىچىككىنە ۋەقەنى تۈز لىنىيە بويىچە قانات يايدۇرۇپ بايان قىلىش ئارقىلىق ئۈلگىلىك پىئونېر ھۆرىخاننىڭ خاراكتېرىگە مۇجەسسەملەنگەن دەۋرىمىز باللىرىغا خاس ئالىيجاناپ خىسلەتنى مەدھىيىلىگەن.

باللارنى ئەمگەكنى سۆيۈشكە، ئەمگەك مېۋىلىرىنى قەدىرلەشكە يېتەكلەش، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا خەلقنىڭ ئەمگەكچانلىق روھىنى چېچەكلىتىشمۇ باللار ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم بىر تېمىسىدۇر. «پەرىدە» ناملىق ئېپىك شېئىر مانا شۇنداق تېمىدا يېزىلغان.

باللار ئەدەبىياتىغا تەۋە ئەسەرلەردە باللار تۇرمۇشىدىكى ئىجابىي نەرسىلەر ياكى ئىجابىي پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىش ئارقىلىق ئۇلارنى تەربىيىلەشكە كۆڭۈل بۆلۈنۈپلا قالماستىن يەنە باللار تۇرمۇشى ياكى ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدىكى بولمىغۇر قىلىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىش، تەنقىدلەش يولى بىلەن ئۇلارنى يامان ئىش، ناچار ئىللەتتىن يىرگەندۈرۈش ئارقىلىقمۇ تەربىيىلەش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بىۋاستە باللار قەلبى بىلەن باغلانغان شائىر قەلىمىدىن تۆرەلگەن «تۈگمىنىڭ زارى»، «سىبىت ئۇيالدى»، «ئېيتىڭلارچۇ؟ توغرىمۇ»، «ياردەم»، «غوۋۋا» قاتارلىق شېئىرلار ئاشۇنداق مۇددىئادا يېزىلغان ئەسەرلەردۇر. بۇ يەردە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىمكى، چوڭلارنىڭ بولمىغۇر تەرەپلىرىگە تەدبىقلاپ يېزىلغان پاش قىلىش، تەنقىدلەش خاراكتېرىدىكى ئەسەرلەر بىلەن باللارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان ئەسەرلەر مەزمۇنىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تىل ئىشلىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە روشەن پەرقلىنىدۇ. يەنى چوڭلار ئۈچۈن يېزىلغان بۇنداق شېئىرلاردا تىل ناھايىتى ئۆتكۈر، ئاچچىق ھەم كىنايىلىك بولىدۇ. ئەسەرنىڭ پاش قىلىش خاراكتېرى كۈچلۈك بولىدۇ. باللارغا بېغىشلاپ يېزىلغان بۇنداق خاراكتېردىكى شېئىرلاردا بولسا، راۋان، چۈشىنىشلىك بولغان باللار تىلى ئارقىلىق — ساقلانغان، سادىر بولغان مەسىلىنىڭ ئۆزى پاش قىلىنىدۇ، تەنقىد قىلىنىدۇ، ئۇنىڭ يامان ئاقىۋىتى، تۈزىتىش ئۇسۇللىرى ۋە ئەڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، پىشقەدەم باللار شائىرى تۇرسۇنمەھەممەت پەخرىدىنىڭ باللار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىزنىڭ قەدىرلىشىمىزگە، مۇناسىپ باھا بېرىشىمىزگە ۋە ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر خاسىيەت ئەمەت

تۇرسۇن ھۇسەيىن

# يۇمۇر ۋە بالىلار ئەدەبىياتى

يۇمۇردىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىي ژانىر بالىلار ئەدەبىياتى خەزىنىسىنى بېيىتتى. بالىلار يۇمۇرلىرى كۈچلۈك يۇمۇرلۇق تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق بالىلار تۇرمۇشى ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئەھمىيەتلىك ۋەقە، ھادىسىلەرنى كۈلكىلىك، قىزىقارلىق ۋە ئوبرازلىق ھالدا يىغىنچاق ئىپادىلەپ، بالىلاردا ئالاھىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان يېڭى بىر خىل ئەدەبىي شەكىل بولۇپ قالدى. يۇمۇر ئىجادىيىتى بالىلار ئەدەبىياتى ئىجادىيىتىگە ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، بالىلارنىڭ ياخشى دوستىغا ئايلاندى.

بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ سەھىپىسى ئىنتايىن كەڭ، جۈملىدىن يۇمۇرلارمۇ بالىلار ئەدەبىياتىنىڭ ژانىرلىرىغا ئوخشاشلا، ئۆزىنىڭ جەلپكارلىقى، يېڭىلىقى، ئوبيېكتىنىڭ ھەقىقىي ۋە چىنلىقى، تېمىسىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، تىلىنىڭ ئوبرازلىق ۋە چۈچۈكلىكى، تەربىيىلەش مەقسىتىنىڭ ئېنىقلىقى بىلەن ياش-ئۆسمۈرلەرنى جەلپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى ۋە تەپەككۇر ئىقتىدارىنىڭ ئۆسۈشىگە تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ياخشىلىق، چىنلىق، گۈزەللىككە بولغان قىزىقىشى ۋە مۇھەببىتىنى قوزغاپ، ئۇلارنى رەزىللىك، ساختىلىق، چاكىنىلىق قاتارلىق ناچار قىلىق ۋە ئىللەتلەردىن يىرگىنىپ، تىرىشىپ ياخشى ئوقۇپ، ئەخلاقلىق، غايىلىك، ئىنتىزامچان بولۇشقا ئىلھاملاندۇردى.

بالىلار يۇمۇرلىرىدا بالىلار ۋە بالىلار تۇرمۇشى ئاساس قىلىنىدۇ. ئۇلاردا ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە بولغان ھەر خىل قاراشلىرى، ھېس-تۇيغۇلىرى، كەلگۈسىگە بولغان ئىنتىلىشى قاتارلىق بالىلار تۇرمۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، ئۇلارنىڭ سەبىي، نازۇك ئىچكى دۇنياسى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. ياخشى يۇمۇرلار بالىلارنى زوقلاندۇرۇپ، ئۇلارغا كۈچلۈك ئېستېتىك زوق بېرىش بىلەن بىللە ئىجابىي جەھەتتىن ياخشى قىلىق، ياخشى پەزىلەت، ياخشى سۆز-ھەرىكەتلەرنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسىتىپ، ئۇلارنى سۆزى، قىلىقى، مۇھىتى، قەلبى گۈزەل بولۇشقا ئىلھاملاندۇرسا، سەلبىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئاچچىق ساۋاق، ئىبرەت ئەينىكى بولۇپ،

كۆچلۈك تەربىيگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەربىيۋى رولى ۋە ئۈنۈمى زور.

يۇمۇرلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم خۇسۇسىيىتى قىسقا، ئىخچام، ئۆتكۈر قىزىقارلىق بولۇش، ئوبرازلىق ۋە پىكىر قىلىشقا يېتەكلەش، تەربىيلەش ئوبيېكتىنىڭ ئېنىق ئىپادىلىنىشىدۇر. بالىلار يۇمۇرلىرى بالىلارغا خاس چۈچۈك تىل بىلەن مول مەزمۇننى ئىخچام ۋە ناھايىتى قىزىقارلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولغاچقا، ئۇلارنى قىزىقتۇرۇپ ھاياجانغا سالالايدۇ. تۆۋەندە مۇشۇ خىل يۇمۇرلاردىن بىرنەچچىنى كۆرۈپ باقايلى.

كۆچۈرۈش

ئا: بۈگۈنكى ئىمتىھاندا بىرەرىنىڭ كۆچۈرگىنىنى كۆردۈڭمۇ؟
ب: دىققەت قىلماپتىمەن.
ئا: ئىمتىھاننى بەك ئەستايىدىل بېرىپسەن-دە؟
ب: ياقەي، مەن ئۇ چاغدا كۆچۈرۈۋاتقانىدىم.
(«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» دىن)

بۇ يۇمۇردا بالىلاردا ساقلىنىۋاتقان ئىمتىھاندا ساختىپەزلىك قىلىپ كۆچۈرۈشتەك ناچار قىلىقلار بالىلار تىلى ئارقىلىق جانلىق ئېچىپ بېرىلگەن.

ياخشى كۆرۈش

— سەن تارىخ دەرسىنى ياخشى كۆرەمسەن؟
— بەزى چاغدا ياخشى كۆرىمەن.
— قايسى چاغدا ياخشى كۆرىسەن؟
— تارىخ مۇئەللىمى ئاغرىپ قالغان چاغدا.
(«شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلىدىن)

يۇقۇرقى يۇمۇردا بالىلارنىڭ دەرسكە قىزىقمايدىغانلىقىدەك ناچار كەيپىياتى ئېچىپ بېرىلگەن.

ئادەملەر ئۆزگەتكەن

شۆھرەت «مايمۇندىن ئادەمگىچە» دېگەن دەرسنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆيگە كېلىپ سىڭلىسىغا ئادەمنىڭ مايمۇندىن ئۆزگىرىپ بارلىققا كەلگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. سىڭلىسى ئىشەنمەستىن سوراپتۇ:

— مايمۇن قانداق قىلىپمۇ ئادەمگە ئايلىنالىسۇن؟
— بۇنىمۇ بىلمەمسەن، ئەلۋەتتە ئادەملەر ئۆگەتكەندە! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شۆھرەت.

(ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتىدىن)

بۇنىڭغا باللار ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان قارىغۇلارچە يادلاش، ئۆلۈك ئۆگىنىشتەك ئىللەتلەر ئاچچىق مەسخىرە قىلىنغان.

يۇمۇر ئىجادىيىتى باللار ئەدەبىياتىمىزدا بىر جانلىنىش پەيدا قىلىپ، باللارنىڭ راستچىل، سەممىي، غايىلىك، ئەخلاقلىق، ئىنتىزامچان بولۇش، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئىرادىسىنى تۇرغۇزۇش، گۈزەللىك كۆز قارىشىنى ناتوغرا ئىشلاردىن نەپرەتلىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشكە ئۆزىنىڭ پۈتمەس ھاياتىي كۈچىنى تەقدىم قىلىپ كەلمەكتە. بىز باللار ئەدەبىياتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەدىبلەردىن يۇمۇر ئىجادىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشنى، كۆپلەپ ياخشى يۇمۇرلارنى يېزىپ، باللار ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ژانىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، دەۋرىمىز ياش-ئۆسمۈرلىرىنىڭ ھەر تەرەپلىمە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىپ خىزمەت قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر يۇلتۇز تېيىپجان

(بېشى 142-بەتتە)

مەسىلىدۇر. ئەلۋەتتە بۇ يەردە مەنە يېڭىلىقى، كىتابخانلار كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلاردا يېزىش مەزمۇن جەھەتتىكى مۇھىم ھالقا.

ئومۇمەن، شېئىر ئاپتورنىڭ بەدىئىي تالانتى، بەدىئىي ئىستىداتى، شېئىرىي ماھارىتى ھەم مەجبۇرىيەت تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ باشقا ئەدەبىي ژانىرلاردىن نوقۇل شەكىل قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى بىلەنلا ئەمەس، مۇھىمى، شېئىرىي تەپەككۇر جەريانىدا شېئىرىي مەنە بىلەن ھېسسىياتنىڭ يۇغۇرۇلۇپ مۇنتاژلىق بەدىئىي كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلىدىغانلىقى ئارقىلىق پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىچكى مەنىگە، يوشۇرۇن ھېس-تۇيغۇغا، چەكسىزلىككە كېڭىيىدىغان مەزمۇن ۋە بەدىئىي مەنزىرىگە ئىگە بولۇش شېئىرنىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى ھېسابلىنىدۇ. شېئىرنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى ئۆز نۆۋىتىدە نۇرغۇن ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، ئەڭ مۇھىمى بەدىئىي ماھارەت مەسىلىگە خاس بولغان «بوشلۇق»قا زىچ باغلىنىشلىق.

مەسئۇل مۇھەررىر غېنىي مۇھەممەت

ئەنەيتۇللا قۇربان

# شېئرىيەت ئىجادىيىتىدىكى «بوشلۇق» ئىپادىسى ھەققىدە

«بوشلۇق» ئاتالغۇسى شېئرىيەت نەزەرىيىسىدىكى بىر ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ مىسرا بىلەن مىسرا، كۇپلېت بىلەن كۇپلېت، قاتلام بىلەن قاتلام ئوتتۇرىسىدا ۋە بىر پۈتۈن شېئىرنىڭ خاتىمە قىسمىدا ھاسىل بولىدىغان بەدىئىي ھادىسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل بەدىئىي ھادىسە باشقا ژانىرلاردا ئېنىق مەزمۇن تەرتىپى ۋە ئىزچىللىقى، تىلدىكى ماسلىشىپ كېلىش ۋە كونكرېت شەكىللىك ئۆتۈش ھالىتىدە ئىپادىلىنىپ، بىرقەدەر ئاددىي تەرتىپ ھاسىل قىلىدۇ.

مەسىلەن: «بۇ ئىش ئەسلى مۇنداق بولغان...»، «گەپنى باشتىن باشلاش توغرا كېلىدۇ»، «ۋەقەنىڭ تەرەققىياتىنى كېيىنكى قىسمىدىن كۆرگەيسىز»، «ئۇلار بىرگە بولغان ۋەقەنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى» دېگەندەك. بۇنىڭدا كىتابخانلارغا ئېنىق تاپشۇرما بېرىلىپ، ئويلىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش بوشلۇقى قىسقارتىلىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى شەكىل ۋە مەزمۇن قاتلىمى جەھەتتىن ئاشكارا ماسلىقنى شەكىللەندۈرگەچكە، شەكىل ۋە مەزمۇن قاتلاملىرىدا كەڭ «بوشلۇق» بولمايدۇ. شېئرىيەتتىكى «ئۆتۈش» بولسا ئېنىق تىل شەكلىدە، ئېنىق مەزمۇن ھالىتىدە ئەمەس بەلكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشى يەنى ھېسسىيات دولقۇنى، ھېسسىياتتىكى خاراكتېر ئۆزگىرىشى، ھېسسىياتتىكى ئۈزۈكلۈك ھالىتىدە ۋە تىلدىكى ئايرىملىق ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئېنىق ئۆتۈش شەكلى، ئۆتۈش سۆزى بولمايدۇ. مەسىلەن:

دەريا بويى گۈزەل نېمىشقا!
گۈل پۇرايدۇ، ئىپار پۇرايدۇ.
يۈرىكىمدە يېقىملىق ناخشا،
چىمەن-چېچەك تويىماي قارايدۇ.

تاغ باغرىدا چىغىر يول ئەگىم،
پىچىرلايدۇ جۈپ تىنىق، جۈپ ئىز.
دەريا تامان كېلەر جۈپ ناخشا،
ئاشۇ يولدا بىر يىگىت، بىر قىز.

بۇ شېئىردا مىسرالار ئارا ئېنىق، كونكرېت ئۆتۈش شەكلىدە قۇرۇلما تەشكىللەنگەن ئەمەس، بەلكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشى ۋە تىلدىكى ئۆزۈك ئىپادە ئارقىلىق ئىچكى بەدىئىي قاتلام شەكلىدە بىر پۈتۈنلۈك يارىتىلغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، تاشقى بەدىئىي ئاملىغا مەنسۇپ تىل، يەنى سۆز ۋە مىسرالار تىزمىسى بەدىئىي تەسەۋۋۇر مۇھىتىدا، ھېس-تۇيغۇنىڭ ئۆزئارا گىرەلىشىشى ئارقىلىق بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىنغان. بىز يۇقىرىقى شېئىرنى مىسرالار باغلىنىشى بويىچە تەھلىل قىلغىنىمىزدا، «دەريا بويى گۈزەل نېمىشقا؟» دېگەن مىسرا بىلەن «گۈل پۇرايدۇ، ئىپار پۇرايدۇ.» دېگەن مىسرا بەدىئىي تەسەۋۋۇردا ئىزچىللىقتا ئىگە بولالىسىمۇ، لېكىن لوگىكىلىق مەنە جەھەتتە بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە ئەمەس. بۇ يەردىكى بەدىئىي بوشلۇق يەنى مىسرا بىلەن مىسرا ئوتتۇرىسىدىكى «ئۆتۈش» سەكرەتمىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇرى ھېس-تۇيغۇسى ئاساسىدا ئۇلىنىدۇ ۋە ئىزچىللىشىدۇ. شېئىرىي تەپەككۇردىكى سەكرەتمىلىك ۋە مۇنتازلىق پىكىر قىلىشتىن ھاسىل بولغان «بوشلۇق» كىتابخانلارنىڭ قايتا پىكىر قىلىشى ۋە ئەركىن تەسەۋۋۇر قىلىش ئىختىيارىغا قالدۇرۇلىدۇ.

مىسرالار ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق بولىدۇ، ئەمما چەكسىز بوشلۇق بولمايدۇ. مەسىلەن: يۇقىرىقى ئىككى مىسرا ئارىلىقىدىكى «بوشلۇق» نىسبەتەن قىسقا بوشلۇق، ئۇنى ئادەتتە ھېسسىيات ئۇلانمىسى ئارقىلىق ئىزچىللاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئەمدى كەڭ بوشلۇقتا بولسا، خاراكتېر جەھەتتە بىر-بىرىگە يېقىن كەلمەيدىغان ياكى سىستېمىلاشمايدىغان ئىككى خىل ئوبيېكت، ئىككى خىل ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ، بۇلار تىل جەھەتتىكى ئۈزۈكلۈك ھالىتىدە گۇرۇپپىلاشقان بولىدۇ. مەسىلەن: بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئالدىنقى ئىككى مىسراسى بىلەن كېيىنكى ئىككى مىسراسى ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ۋە بىرىنچى كۇپلېت بىلەن ئىككىنچى كۇپلېت ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ئەنە شۇنداق. بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق ئۇلانمىسى دەريا، چېچەك، چىغىر يول، چىمەن، تاغ، بىر قىز بىلەن بىر يىگىت ۋە شېئىرىي قەھرىمان يەنى لىرىك ئوبرازلاردىن ئىبارەت. يۇقىرىقى ئوبرازلار كىتابخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر، قايتا تەسەۋۋۇر ۋە باغلاپ تەسەۋۋۇر قىلىشى ئاساسىدا بەدىئىي مۇھىتنى «بوشلۇق» — ئۈزۈك ھالىتىدىن كېڭەيتىپ، بىر پۈتۈن بەدىئىي مۇھىتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا مەلۇم بىر شېئىرىي ئەسەر ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي، ئېستېتىك ئۇنۇم ھاسىل قىلىش مەقسىتىگە يېتىدۇ.

ئادەتتە ھەرقانداق شېئىرىي ئەسەرگە يۇقىرىقى ئىككى خىل ئۇنۇم جەھەتتە

ئوخشاش تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ. بەزى ئەسەرلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەسىرچانلىقى يۇقىرى بولسا، بەزىلىرىنىڭ ئېستېتىك ئۇنۇمى يۇقىرى بولىدۇ. بۇ يەردە ئالدىنقى نۇقتىنى بىرقەدەر تونۇشلۇق. مەسىلە ئىككىنچى نۇقتىنى قانداق چۈشىنىش ۋە ئىجادىيەتتە قانداق گەۋدىلەندۈرۈشتە.

ئېستېتىك ئۇنۇم بىۋاستە ھەم گەۋدىلىك ھالدا شېئىرنىڭ بەدىئىي قاتلىمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئاپتورنىڭ بىۋاستە لىرىكىسى، ھېسسىياتىنىڭ رەڭ، تۈر ۋە خاراكتېر جەھەتتىكى قويۇقلۇقى، ئۆزگىرىشى، شۇنىڭدەك ئاپتورنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى، ئىپادىلەش ماھارىتى، تىل ئىقتىدارى قاتارلىق ئامىللاردىن باشقا، شېئىردىكى «بوشلۇق» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بىلەن زىچ باغلىنىشقا ئىگە. دېمەك، «بوشلۇق» ئەسەرنىڭ بەدىئىي جەلپكارلىقىنى، سېھرىي كۈچىنى ھەمدە قايتا تەسەۋۋۇر قىلىشقا يېتەكلەش ۋە بەدىئىي غىدىقلاش ئالاھىدىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ياكى ئېستېتىك ئۇنۇمنى ھاسىل قىلىشنىڭ مۇھىم ئامىلى. «بوشلۇق» ئۆزگىرىشى ئەسەرنىڭ ھېسسىيات رېتىمىنىڭ كۈچىيىشى، ئاھاڭدارلىقىنىڭ ئېشىشى ۋە بەدىئىي پۇراقنىڭ قويۇق گەۋدىلىنىشىنىڭ ئاساسى. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەپەككۇرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەسەرنىڭ پىكىر قاتلىمىنى كۆپ قىرلىق، كۆپ خاراكتېرلىك قىلىدۇ.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى «بوشلۇق» نى شەكىللەندۈرۈش نوقۇل تىل ئامىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەمەس. يەنى ھەر بىر مىسرانى ئورۇنلاشتۇرغاندا تىلنى قوشۇمچىلارسىز، ئۇلانمىلارسىز ئۈزۈك ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ پەقەت شەكىل جەھەتتىكى بىر خىل ئامىل، بىر خىل تەلەپ. شېئىرىيەتتىكى «بوشلۇق» شائىرنىڭ بەدىئىي تەپەككۇر جەريانىدا ھاسىل بولىدىغان شېئىرىي مەنىدىكى «بوشلۇق» تىن ئىبارەت، بۇنى ئاپتور مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇنداق «بوشلۇق» تا قويۇق ھېس-تۇيغۇ، پىكىر قاتلىمى، بەدىئىي مەنزىرە، شېئىرىي كەيپىيات بولىدۇ. «بوشلۇق» نى ئىزچىل باغلاش شەكلىدە ئەمەس، بەلكى بەدىئىي سەكرەتمە ھالىتىدە ئورۇنلاشتۇرۇش شېئىرنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە ھېسسىيات قويۇقلۇقى، پىكىر رېتىمى ھەم ئاھاڭدارلىقىنىڭ كۈچىيىشى جەھەتتە ھەقىقىي شېئىر بولۇشىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن:

«كەتمەننى ئال، ئېتىزىڭغا ماڭ دېھقان،
تەر ئاققۇزۇپ، تاغدەك ھوسۇل ئال دېھقان.»

* *

«كۆلكە تىلەپ چىققان يىغلار،
ئېزىقتۇرار دوقمۇش كوچىلار.»

دېگەن مىسرالارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغىنىمىزدا ئالدىنقى ئىككى مىسرا ئادەتتىكى تەپەككۇر بىلەن ھېس-تۇيغۇغا قىسقا «بوشلۇق» قالدۇرۇلۇش شەكلىدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇنى شەكىل جەھەتتىلا رېتىم، تۇراق، قاپىيە ئامىللىرىغا ئىگە مىسرا تىزمىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن ھېسسىيات بوشلۇقى، مەنە بوشلۇقى يوق دېيەرلىك. كېيىنكى ئىككى مىسرادا بولسا، ھەربىر سۆز شېئىرىي تەپەككۇر ۋە شېئىرىي قۇرۇلما تەلپى بويىچە تاللىنىپ، بەلگىلىك «بوشلۇق» ھاسىل قىلىنغان. نەتىجىدە بەدىئىي رەڭ، شېئىرىي پۇراق كۈچەيگەن، كىتابخانلارنىڭ قايتا تەسەۋۋۇرىنى قوزغاپ شېئىردىكى ئەسلىي ھېسسىيات رېتىمىنى، پىكىر قاتلىمىنى ئۇلارنىڭ بەدىئىي دىتى، ئىستىداتى بويىچە كېڭەيتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىنغان. شېئىرىيەتتىكى بوشلۇق يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك مىسرالار ئارىلىقىدا، كۇپلېتلار ئارىسىدا ۋە شېئىرلارنىڭ ئاخىرىدا بولىدۇ. بۇ خىل بوشلۇقنى كىتابخانلار ئۆزخاھىشى، ھېسسىياتى تەسەۋۋۇرى بويىچە شۇ شېئىردىكى ئوبرازلىق تىلغا باغلاش ۋە شېئىردىكى پىكىر، ھېسسىياتنى راۋاجلاندۇرۇش شەكلىدە تولۇقلايدۇ. بۇ يەردىكى تولۇقلاش دېگىنىمىز، مەنە، ئېستېتىك سېزىم ۋە بەدىئىي ئۇنۇمنى تولۇقلاشتىن ئىبارەتتۇر.

شېئىرىيەت ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ھەر بىر قەلەمكەش ئۆز ئەسىرىنى قويۇق شېئىرىي پۇراققا، ئېستېتىك تەسىر كۈچىگە ئىگە قىلىشتا «بوشلۇق» نى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشنى بەدىئىي ماھارەتتىكى مۇھىم ئامىل سۈپىتىدە چوڭقۇر ئويلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

1. بەدىئىي مەنزىرە بىلەن ھېسسىياتنى ئۆزئارا كىرىشتۇرۇش ئارقىلىق ئەسەرنى ھەم بەدىئىي رەڭگە تويۇندۇرۇش ھەم ھېسسىيات قويۇقلۇقىغا ئىگە قىلىش، بۇنىڭ ئۈچۈن شېئىرىي ئوبراز، شېئىرىي ھادىسىنىڭ جانلىق، ئوبرازلىق قىياپىتىنى سۇبيېكتىپ ھېس-تۇيغۇ ئىچىدە ئىپادىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك، يەنى ھېسسىياتقا مۇناسىپ شەكىلدىكى بەدىئىي تون يېپىلىشى كېرەك.

2. شېئىرىي قۇرۇلمىدا مەقسەتلىك ھالدا بىر قەدەر كەڭ «بوشلۇق» قالدۇرۇش، ھالقىما، سەكرەتمىلىك ئىپادىلەش ئارقىلىق ھېسسىيات، پىكىر، بەدىئىي مەنزىرە جەھەتتە ئەسەرنىڭ ئىپادىلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىش، پىكىر رېتىمىنى كۆپ خىللاشتۇرۇش، ھېسسىياتنى خاراكتېر جەھەتتە ئۆزگىرىشچانلىققا ئىگە قىلىش ھەم ئەسەرنىڭ مۇناسىپلىق كۆرۈنۈشىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

3. كىتابخانىنى ھەر خىل نۇقتىدىن ئەسەر ئىچىگە باشلاپ كىرىش ۋە ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش ئۈچۈن، سۆزلەرنىڭ ئوبرازلىق تۈس مەنىسىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش. شېئىرىي ئوبرازلارنى جانلىق، ئۆزگىرىشچان، كۆپ خىل قىلىشتا مەنىدىكى سەكرەتمىلىككە ھېسسىياتتىكى دولقۇن ۋە خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى ماسلاشتۇرۇپ، تىلدا ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۈنۈمى يارىتىش كېرەك.

بۇ بىز تەكىتلەۋاتقان «بوشلۇق» نىڭ ئېستېتىك رولىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان

(ئاخىرى 138-بەتتە)

ئىسمائىل تۆمۈرى

# «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايە توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئاددىي ۋە كىچىك ۋەقەلەر تەسۋىرى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتىنى يورۇتۇپ بېرىش ھېكايىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى. ھېكايە مانا مۇشۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈرۈپ، دەۋر روھىغا ئىگە يېڭى-يېڭى تىپلارنى يارىتىپ، ئەدەبىيات تارىخىدا ئۆچمەس ئوبرازلار ئابىدىسىنى تىكلىيەلەيدۇ. «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ئەنە شۇنداق ھېكايىلارنىڭ بىرى. ئۇ، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى تۇرمۇشىمىزنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە بىر قەدەر زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بىر نادىر ھېكايە.

ھېكايىچىلىقتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ ئاساسىي ئامىللىرى نېمە؟ مېنىڭچە، ئالدى بىلەن رەڭگارەڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدىن ئىنچىكە كۆزىتىش ئارقىلىق ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى بايقاش ۋە ئۇنى تاللاشتۇر. بىر تامچە سۇدىمۇ كۈننىڭ ئەكسىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھېكايە ئاپتورى ئىسلاھات دەۋرىنىڭ بازار ئىگىلىكى باسقۇچىدىكى تۇرمۇشىمىزنى سەنئەتكارغا خاس بەدىئىي دىت بىلەن ئىنچىكە كۆزىتىپ، دەۋرىمىزنىڭ مۇشۇ باسقۇچىدىكى (بازار ئىگىلىكى شارائىتى باسقۇچىدىكى) ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ماھىيەتلىك تەرىپىنى ماھىرلىق بىلەن تاللىۋېلىپ، ئۇنى «ئالتۇن چىشلىق ئىت» نىڭ سيۇژىتى قىلىپ تاۋلاپ چىققان.

ئېلىمىز 15 يىللىق ئىسلاھات نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، سوتسىيالىستىك پىلانلىق تاۋار ئىگىلىكىدىن بازار ئىگىلىكىگە قەدەم قويدى. بىزنىڭ نىشانىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش. زامانىۋىلاشتۇرۇش جەريانىدا ئىگىلىك سانائەتلىشىدۇ ۋە ئاھالە شەھەرلىشىدۇ. بۇ جەرياندا ئەسلىدىكى ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىگە يېڭى تارىخىي شەرت-شارائىت جەڭ ئېلان قىلىدۇ. بىر مۇنچە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر پەيدا بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەزىپىمىز تاۋار

ئىشلەپچىقىرىشنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت. بىزدە ئىلگىرى يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلغانىدى. نەچچە ئون يىلدىن بۇيان بۇ خىل پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى ۋە ھەرىكەت مىزانى شەكىللىنىپ كەتكەنىدى. تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتى ئەسلىدىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە زەربە بېرىپ ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپلا قالماستىن، ئەسلىدە بار بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈلمە، تۇرمۇش ئۇسۇلى، قىممەت قارىشى، ھەرىكەت مىزانلىرىغىمۇ زەربە بەردى ۋە ئۇلارنى ئۆزگەرتتى. توقۇنۇش ئەڭ كەسكىن بولۇۋاتقىنى بىرلىككە كەلگەن پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى ئاستىدا يېتەكچىلىك رولىنى جارىي قىلدۇرۇۋاتقان ئىجتىمائىي بىرلىك، كوللېكتىپ بىرلىك ئاساسىدىكى قىممەت قارىشى بىلەن بازار ئىگىلىكى جەريانىدا يېتىلىپ تەرەققىي قىلىۋاتقان شەخس بىرلىك قىلىنغان قىممەت قارىشىنىڭ زىددىيىتى بولدى.

ئاپتور بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا جەمئىيەتمىزدە، كىشىلەر ئېڭىدا بارلىققا كەلگەن شەخسنى بىرلىك قىلغان پۇلپەرەسلىك، مەنپەئەتپەرەسلىكنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ھېكايىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنىڭ نېگىزىدە ئىنسانىي ئەخلاق-پەزىلەتتىن، سوتسىيالىستىك يېڭى كىشىلەردىن ئاسمان-زېمىن پەرقلىنىدىغان شەخسىيەتچى، نەپسانىيەتچى ئادەملەرگە لەنەت-نەپرەت ئوقۇلىدۇ.

ھېكايىنىڭ ئەۋجىدىكى بىر بۆلەكنى كۆرەيلى:

«ئاز كۈن ئۆتمەي، دوختۇرخانىدىكى بىرىدىن يەنە غەلىتە بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ھېلىقى چوڭ دوختۇرنىڭ مۇز چىراي ئايالى يېڭىدىن ئالتۇن چىش سالدۇرغانىكەن. شۇ كۈندىن باشلاپ ھېچ ئىش قىلماي، دېرىزىنى ئېچىپ قويۇپ، كوچىدا ئۆتكەن ئەرخەقلەرگە ھىجىيىپلا قاراپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— چوڭ دوختۇرنىڭ ئۆزىچۇ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— چوڭ دوختۇرمۇ بىر-ئىككى تال چىش سالدۇرغانىكەن. ئارىلاپ ئىتقا ئوخشاش قاۋاپ، خالتىسىنىڭ يانچۇقىغا پۇل سالمىغانلارغا رەسمىي خىرىس قىلىپ ھۆرپىيىدىغان بولۇپ قاپتۇ.»

بۇ، ھېكايىنىڭ خاتىمە قىسمى بولۇپ، ھېكايىدە ئىلگىرى سۈرۈلگەن ئىدىيىنىڭ يەكۈنىدۇر، يەنى پۇلغا خۇشتار، پۇلنى ھەممىدىن ئەلا بىلىدىغان، پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق شەرمەندىلىكتىن يانمايدىغان ئادەملەرگە ئۇرۇلغان ئەجەللىك تەستەكتۇر!

ئاپتورنىڭ ھېكايىدە شۇنچە زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىششىنىڭ يەنە بىر «سىرى» «ئاق خالاتلىق پەرىشتە» سۈپەتتىكى ئادەمنىڭ پۇل، بايلىق يولىدا ئاينىغانلىقىنى تەققاسلاش ۋاستىسى بىلەن يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرەلىگەنلىكىدۇر. ھېكايىچىلىقتا تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تاللاپ ئەكس ئەتتۈرۈش بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ

بىرىنچى مۇھىم ئامىلى بولغاندا، شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئىككىنچى مۇھىم ئامىل ھېسابلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ھالقىلىق مەسىلىدىمۇ توغرا يول — ئۇسۇل تاللىغان. يەنى ئۇ ئاللىگورىيىلىك ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى تاللىغان (ئاللىگورىيىلىك ئۇسۇلدا ھايۋانات ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەيئىلەرنى سۆزلىتىش، قىلىقلاندۇرۇش، جانلاندۇرۇش ۋاسىتىلىرى قوللىنىلىدۇ. ئاپتور گەرچە سۆزلىتىش ئۇسۇلىنى قوللانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنتى ئادەمدەك قىلىقلاندۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللانغان). ئاپتور ئادەمنى (مەيلى ئۇ قانداق تەبىئەتلىك ئادەم بولسۇن) مەركىزى پېرسوناژ ئورنىدا تەسۋىرلىگەن ياكى باشقا شەيئىنى تەسۋىرلەش ئوبيېكتى قىلىپ تاللىغان بولسا، مۇشۇ شارائىتتا گەۋدىلىك بولغان بايلىققا ھەددىدىن زىيادە ئىنتىلىش، پۇلپەرەسلىك ۋە پۇلنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش — پۇل ھەممىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەن تۇرمۇش قارىشىدىكى ماھىيەتلىك مەسىلىنى ئىپادىلەپ، ئۇنى ساتىرىك ئۇسۇل بىلەن بەدىئىي يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەن بولاتتى. دېمەك، ئاپتور ماھىيەتلىك تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى مۇناسىپ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇلى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈش جەھەتتە بىزگە نەمۇنىلىك يول كۆرسىتىپ بەردى.

ھېكايە قۇرۇلما جەھەتتە ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلىكى مۇقەددىمە ئورنىدا، ئىككىنچى بۆلىكى يەنى ھېكايىنىڭ ئاساسلىق قىسمى — ئىت ئوبرازىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش بۆلىكى، ئۈچىنچى بۆلىكى ئاساسەن ئەۋجىدىن ئىبارەت.

ئاپتور ھېكايە قۇرۇلمىسىدا ھېكايىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ناھايىتى جايىدا قوراشتۇرغان. ئاپتور بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا گەۋدىلىك بولۇۋاتقان پۇلغا چوقۇنۇشتەك ماھىيەتلىك تۇرمۇش ھادىسىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن مۇشۇ خىل ھادىسىنىڭ پەيدا بولۇش ئامىللىرىنى — سەۋەبىنى بازار ئىگىلىكى شارائىتىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كۆرۈلگەن كىشىلەر پسىخىكىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقتىن ئىزدىگەن. بۇنى تۆۋەندىكى بۆلەكلەردىن كۆرىمىز:

« مۇشۇ كۈنلەردە مىش-مىش پاراڭ دېگەن شۇنچە تېز تارايدۇ. ‹ يەنە بىر ئىككى يىلدىن كېيىن ژۇرناللارغا بېرىلىدىغان خىراجەتمۇ توختىتىلىدۇدەك › دېگەن گەپ چىقىۋىدى، تەھرىر بۆلۈمىدىكى خىزمەتچىلىرىمىزنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. بىر كۈنى، ژۇرنال تاقىلىپ قالغۇدەك بولسا قانداق قىلىپ كۈن كەچۈرسەك بولار، دېگەن خىيال بىلەن كوچىدا كېتىۋاتاتتىم، بىرەيلەنگە سوقۇلۇپ كېتىپ، ئوڭدامغا چۈشكىلى تاسلا قالدىم...»

«... قاراڭ، بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ چەت ئەلگە تولا چىقىۋېرىپ، ئاخىرىدا تولىسى سودىگەر بولۇپ كەتكىلى تۇردى. ئۆزى سودا قىلالمىغانلىرىنىڭمۇ بالا-ۋاقىسى سودىگەر...»

« — بۇمۇ بىر غەلىتە ھۆكۈمەتكەن. بىر زامانلاردا باي بولغانلارنى يوقىتىمىز

دەپ، كۈندە ئەپچقسپ كۆرەش قىلىپ ھالىنى قويمىغانتى، ئەمدى ماختاپ ئۆزىنىڭ ھالى قالمايۋاتىدۇ... مەن سەل قورقۇپ قالدىم. ئاز كۈندىن كېيىن زادى باي بولالمىغان كەمبەغەللەردىن بىر-ئىككىنى ئەپچقسپ ئاتامدۇ قانداق؟!»

«— مەيلى، ئۇنداق يېرى بولسا يەنە ئۆزۈمنىڭ نامىدا چىقىرىۋېرەي. ئۆتكەنكى ھېكايىلىرىڭىزنى ئېلان قىلىپ خېلى شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ قالدىم. قەلەم ھەققى يەنە سىزنىڭ.

— بولدى، بولدى. قەلەم ھەققى دېگەننى ئېغىزغا ئالماڭ. سىلەرنىڭ ئۇ ئازغىنە نېمىلەرنى 〈قەلەم ھەققى〉 دېگەندىن كۆرە 〈سىياھ پۇلى〉 دېگەن تۈزۈككەن. ئۇنچىلىك پۇلنىڭ كارى چاغلىق، ئۆزۈن بولدى يازالمىدىم...»

دەرۋەقە، يۇقىرىقى ھادىسىلەر — كىشىلەر پسىخىكىسىدىكى تەڭپۇڭسىزلىقلار، ھەرخىل چۈشەنچىلەر، ئەندىشىلەر، تەۋەككۈلچىلىكلەر بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا كۆرۈلگەن ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ قىسمەن، لېكىن گەۋدىلىك تەرەپلىرى ئىدى.

تارىخىي ماتېرىيالىزم ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت ئىجتىمائىي ئاڭنى بەلگىلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. ئىجتىمائىي پسىخىكا ئىجتىمائىي ئاڭ كاتېگورىيىسىگە تەۋە بولۇپ، ئۇ جەمئىيەتمىزدىكى مەۋجۇت ماددىي مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنىڭ كىشىلەر مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. جەمئىيىتىمىز بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈشتەك تارىخىي دەۋردە تۇرغانلىقى، قانۇن-تۈزۈمنىڭ مۇكەممەللىشىپ كەتمىگەنلىكى، مۇكەممەل نازارەت مېخانىزمىنىڭ بەرپا قىلىنمىغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىشىلەردە ئۆتمۈشتىكى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ساقلانغانلىقى تۈپەيلىدىن، بىر قىسىم كىشىلەردە كەلگۈسى غايىگە بولغان ئىشەنچ ئاجىزلىشىپ، ئىجتىمائىي كەيپىيات سۇسلىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەقسىماتتىكى ئادالەتسىزلىك، ئائىلىلەرنىڭ (جۈملىدىن ھەرخىل كارخانا، كەسپىي ئورۇندا ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەمەلىي كىرىم ئەھۋالىدىمۇ پەرق چوڭ) ئەمەلىي كىرىمىدە پەرق چوڭ بولغانلىقى ۋە كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنىڭ سەلبىي تەسىرى سەۋەبىدىن ئىجتىمائىي پسىخىكا تەڭپۇڭسىزلىقى پەيدا بولدى. مۇشۇ ئامىللار تۈپەيلى كىشىلەر ئۆز غېمىدىلا بولىدىغان، شەخسىي مەنپەئەتنىلا ئويلىشىدىغان، پۇل تېپىشنىڭ ھەر خىل يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ۋە بۇ يولغا ئىنتىلىدىغان ئىجتىمائىي كەيپىيات باش كۆتۈردى.

ئاپتور ئەسەرنىڭ نېگىزلىك ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسىدە يۇقىرىقى ھادىسىلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى مۇۋاپىق تاپقان ۋە بۇ ئارقىلىق بەدىئىي مۇۋەپپەقىيەتنىڭ ئۇلىنى سالغان. دېمەك، تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى توغرا تاللاش، توغرا ئىپادىلەش بىلەن بىرگە ھېكايىنىڭ جەلپكار قىسمى بولغان مۇقەددىمىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئاپتورنىڭ خېلى يۇقىرى بەدىئىي ماھارىتىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ئوبراز ئەسەر: ئى جېنى بولسا، خاراكتېر ئۇنىڭ قېنى. «ئالتۇن چىشلىق ئىت»

ھېكايىسىدە ئاللېگورىيىلىك ۋاستە قوللىنىلغان ئەھۋالدىمۇ ئوبراز ۋە خاراكتېر بەدىئىي يۈكسەكلىكتە يارىتىلغان. بۇنى ئىتنىڭ ئىككى قېتىملىق ھەرىكىتىدىنلا كۆرۈش كۇپايە:

« شۇ كۈنلەردە يەنە بىر-ئىككى قېتىم كېچىسى سىرتتا ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، شەپكەمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ كەلگەنلىكىم زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئاق تاپان ئەپتىمگە قاراپ بىر نەرسە چۈشەنگەندەك بولاتتى-دە، تالاغا قاراپ يۈگرەيتتى. تاڭ ئاتماستىن ئىلگىرى ھېلىقى شەپكىنى نەلەردىندۇر تېپىپ كېلەتتى.»

بۇ ئابزاستا بايان قىلىنغىنى ئىتنىڭ ئىگىسىگە بولغان ۋاپادارلىق ھەرىكەتلىرى. چۈنكى ئۇ چاغدا ئىتنىڭ (ئاق تاپاننىڭ) ئىگىسى ھەم ئاق تاپان «كەمبەغەل» بولۇپ، ئاق تاپاننىڭ «كۆزى ئېچىلمىغان» — يۇرت كۆرمىگەنىدى. بۇنداق چاغدا ئاق تاپاننىڭ ئىگىسىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ۋاپادارلىق بىلەن «جاۋاب» قايتۇرۇشى تەبىئىي ئەھۋال بولۇپ، خاراكتېر چىنلىقىغا ئۇيغۇن. ئاق تاپان چەت ئەلنى كۆرۈپ كەلگەن ھەم چىشىغا ئالتۇن قاپلانغاندىن كېيىن مىجەز-خۇلقىدا زور ئۆزگىرىش كۆرۈلىدۇ:

«... چەت ئەلدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ تۈزۈكرەك قاۋاپ باققىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق. كىرگەن-چىققانلارغا ئۇ خۇددى ئاغزىمدىكى ماۋۇ ۋاللىداپ تۇرغاننى كۆردۈڭلارمۇ؟ ھەممىڭلار جېنىڭلارنى بېرىدىغان ئالتۇن دېگەن شۇ، دېگەندەك قىلىپ، ھەجىيىپ قاراپلا تۇراتتى. تېخى كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، ياخشىراق كىيىنگەن مېھمانلارنى كۆرسە قۇيرۇقىنى شىپاڭشىتىپ ئايناقلاپ كېتەتتى؛ كىيىملىرى ناچارراق مۇساپىرلار كەلسە كۆزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ چىرايىنى پۈرۈشتۈرەتتى.»

ئاپتور ئاق تاپاننىڭ خاراكتېر ئۆزگىرىشىنى يەنە بىر بالداق كۆتۈرۈپ، مۇنۇ بايانلارنى يازىدۇ:

«بىر كۈنى ئاق تاپاننىڭ ئاغزىدىكى ئالتۇننى ئالالمىغاننىڭ جىلىچىلىكىدە تازا ئىچىپ، يەنە شەپكەمنى ئۇنتۇپ قايتىپ كەپتىمەن. ئاق تاپان شەپكىنى نەدىندۇر تېپىپ، چىشلىگىنىچە ئۇدۇل ساقچىغا ئاپىرىپ بېرىپتۇ.»

ئىگىسىنىڭ مېھرىبانلىقىغا ۋاپادارلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان، ھويلا-قورۇنى ئىگىسى بولمىسىمۇ ياخشى قورۇقداپ، يات تىۋىش-شەپىلەرگە سەگەك بولۇپ، قاۋاپ تىنمايدىغان ئاق تاپان چەت ئەلگە چىقىپ ئاغزىغا ئالتۇن قاپلانغاندىن كېيىن، كۈندە ئۆگزىگە چىقىۋېلىپ ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە ھەجىيىپ، ئالتۇن چىشلىرىنى كۆز-كۆز قىلىپ، سالاپەتلىك ئادەملەرگە خۇشامەتلىك قىلىقلارنى قىلسا، غېرىپ-مىسكىنلەرگە ھاكاۋۇرلۇق، مەنسىتمەسلىك قىلىپ، ھەتتا ئۇلارغا قىلىدۇ؛ ئىگىسىگە ۋاپادارلىق قىلىشتىن ئۆزگىرىپ، ئۇنى رەسۋا قىلىش، بويسۇنماسلىق، پەسەنت قىلماسلىق، ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىق تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ. مانا بۇلار ئاق تاپاننىڭ «ھاللانغان» دىن كېيىنكى خاراكتېر ئۆزگىرىشى. بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى يەنىلا «ئالتۇننىڭ تەسىرى» دە.

مەلۇمكى، ھەرقانداق ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى، ئاپتورنىڭ غايىۋى مەقسىتى ئالدى بىلەن ئەسەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر چىنلىقىدا ئەكس ئېتىدۇ. باش قەھرىمان ئوبرازى ئەنە شۇ بەدىئىي ئوبرازلار ئىچىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. شۇڭا باش قەھرىمان ئوبرازىدا دەۋر رېئاللىقى گەۋدىلىك، ھاياتتا پەيدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىش، يېڭى مۇناسىۋەتلەر توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. چۈنكى، ئوبراز، خاراكتېر مەسىلىسى بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدىغان تۈپ ئامىل.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىدە ئاق تاپان ئوبرازى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا پۇل تېپىشقا، بايلىق توپلاشقا ھەر خىل ۋاستە، يوللار بىلەن كىرىشكەن ۋە ھاللانغاندىن كېيىن تەبىئىتىدە جىددىي ئۆزگىرىش پەيدا بولغان ئادەملەرگە سىمۋول قىلىنغان. ئاق تاپاننىڭ خاراكتېر چىنلىقىنىڭ مۇكەممەللىكى ئاپتورنىڭ زور بەدىئىي مۇۋەپپەقىيىتى ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقايسى خەلقلەر ئەدەبىياتىنى بىر-بىرىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان بەلگە بەدىئىي ئەسەرگە سىڭدۈرۈلگەن مىللىيلىكتۇر. مىللىيلىك بىرەر بەدىئىي ئەسەردە ئىجابىي تەرەپتىنمۇ، سەلبىي تەرەپتىنمۇ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئاباينىڭ ئەسەرلىرىدە، لۇشۈننىڭ ھېكايىلىرىدە، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدا مىللىيلىك كۆپىنچە مىللىي تراگېدىيە تۈسى بىلەن سەلبىي تەرەپلەرگە سىڭدۈرۈلگەن ھالدا نامايەن بولىدۇ. بۇمۇ ئەدەبىياتتىكى بىر خىل ھادىسە ھېسابلىنىدۇ.

تۇرمۇش بەدىئىي ئەدەبىياتتا چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى كېرەك. ھالبۇكى، بۇنداق چىنلىق ناتۇرال چىنلىق بولماستىن، بەلكى بەدىئىي ئومۇملاشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەن چىنلىق بولۇشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى، چىنلىق مىللىيلىكتىن ئايرىلمىغاندا ئاندىن ئۇ چىنلىققا ئىگە بولالايدۇ. بەزى ئاپتورلىرىمىز بۇ نۇقتىغا ئانچە ئېتىبار بىلەن قارىمايدۇ. بىز بۇ ھېكايىدە بۇ تەرەپتىن نەمۇنىلىك بايانلارنى ئۇچرىتىمىز:

«شۇ كۈنلەردە، يەنە بىر-ئىككى قېتىم كېچىسى سىرتتا ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ، شەپكەمنى يىتتۈرۈپ قويۇپ كەلگەنلىكىم زادىلا ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مۇنداق چاغلاردا ئاق تاپان ئەپتىمگە قاراپ بىرنەرسە چۈشەنگەندەك بولاتتى-دە، تالاغا قاراپ يۈگرەيتتى. تاڭ ئاتماستىن ئىلگىرى ھېلىقى شەپكىنى نەلەردىندۇر تېپىپ كېلەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بازارغا ئاپارسا بىر سومغىمۇ ئالمايدىغان ئەسكى شەپكە ئىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەستىرىدە ھاراق ئىچىش ئۈچۈن خوتۇنىدىن يوشۇرۇپ تىقىپ قويغان بەش-ئون تەڭگە كەم بولمايتتى...».

ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا «خوتۇنىدىن قورقۇش» دېگەن سۆز ئەرلىك غۇرۇرىغا تېگىدىغان گەپ. ھاراق-شاراب ئىچىشنى ئۆزىنىڭ دائىملىق ئادىتىگە ئايلاندۇرۇۋالغان

ئەرلەر گەرچە خوتۇندىن «قورقمىسمۇ»، ئەمما خوتۇندىن ئۇغرىلىقچە پۇل تىقىشتۇرۇپ يۈرىدۇ. بۇنداقلار پوكەيلەردە تۆت تەڭگە چىقىرىپ «ئوغۇل بالا» لىقنى كۆرسىتىشنى قولدىن بەرمەيدۇ. ھېكايىدە ئىپادىلەنگەن بۇنداق دېتاللار دەرۋەقە بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزدىكى كىچىك، ئەمما نازۇك تەرەپلەردۇر. تۆۋەندىكى ئابزاستىمۇ شۇنداق بايانلار بېرىلگەن:

«ئېيتقۇدەك نېمىگەپ بار دەيسلەر، چەت ئەلدىكىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش كۈنىگە ئۈچ ۋاخ تاماق يەيدىكەن، ئۇيقۇسى كەلسە ئۇخلايدىكەن. بىرلا غەلىتە يېرى كۆرۈشكەندە ئۇزاقىچە سۆيۈشۈپ، پومداقلىشىپ كېتىدىكەن. باشتا توۋا، دەپ ياقامنى تۇتتۇم. كېيىن-كېيىن بۇنىڭغىمۇ ئۆگىنىپ، تونۇش-بىلىشلەرنى كۆرگەندە يىراقتىنلا غولاچ كىرىپ بېرىپ، ئەر-ئايال دەپ ئايرىپ ئولتۇرمايلا بەھۇزۇر قۇچاقلاۋېرىدىغان بولۇپ قالدىم. ھەممە ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلەرنىڭ ئۆزىدىن تارتىپ خوتۇن-باللىرىغىچە ئالا قويماي سۆيۈپ چىقتىم. قاملاشمىغان يېرى، ئۇلارمۇ مېنىڭ خوتۇنۇمنى سۆيۈۋېرىپ، مەسلىھەتنى قويمىدى. خەپ، چەت ئەل دېگەنگە خوتۇن خەقنىمۇ ئېلىپ چىقامدىغان، دەپ قالدىم.»

بۇ ئابزاستىكى بايانىدا، بىر قىسىم ئەللەردە ياشايدىغان خەلقلەرنىڭ كۆرۈشۈش-سالاملىشىشتا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈش ئادىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەنگەن. بىزدە بولسا ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ ئوچۇق-ئاشكارا قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈشى «نامەھرەم» ھېسابلىنىدۇ. بۇ خىل ئادەت ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى نازۇك تەرەپلەر بولۇپ، بىزنىڭ مىللىي پسىخىكىمىزغا چوڭقۇر ئورنىشىپ كەتكەن.

«ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايىنىڭ ئاپتورى ئەسەرنىڭ مىللىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن بۇنداق نۇقتىلارغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى مىللىيلىك ئەدەبىياتىمىزنى مەملىكەت دائىرىسىگە، خەلقئاراغا، مۇنداقچە ئېيتقاندا، باشقا مىللەت خەلقلىرىگە يۈزلەندۈرۈشنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى. مىللىيلىك گەپ-سۆزدە، كىيىم-كېچەكتە ئەمەس، بەلكى مىللىي پسىخىكىدا ئىپادىلىنىشى كېرەك.

يازغۇچىلارنىڭ تۇرمۇش مۇھىتى، ئادىتى، مىجەزى، قىزىقىش دائىرىسى، تۇرمۇش ھەۋىسى، تەربىيىلىنىشى، پسىخىكىسى ۋە ئىدىيىسى ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە بەلگىلىك دەرىجىدە ئىپادىلىنىپ بارىدۇ. ئىلى رايونىنىڭ تۇرمۇش مۇھىتىدا ياشاپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئاپتور ئۆزىنىڭ بىرقانچە ھېكايىلىرىدە ئىلى خەلقىنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدىكى خۇش چاقچاقلىق، يۇمۇرلۇق تەرەپلەرنى گەۋدىلىك ئەكس ئەتتۇردى. بۇ ھال مىللىيلىك بىلەن يەرلىك ئالاھىدىلىكنىڭ ئورگانىك بىرىكتۈرۈلۈشى بولۇپ، كىتابخانلارنىڭ ئېستېتىك زوقىنى قوزغاشتا مۇئەييەن رول ئوينايدۇ. ھېكايىدە بۇ ئالاھىدىلىك مۇنداق گەۋدىلەندۈرۈلگەن:

« ... ئاڭلىدىڭىزمىكىن، چەت ئەلدىكى يازغۇچىلار كۈندۈزى سودا قىلىپ، كېچىسى ئەسەر يازىدىكەن. سىزگە ئوخشاش مۇھەررىرلىرىنىڭ ئىشخانىسىمۇ بولمايدىكەن، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ ئەسەر تەھرىرلەيدىكەن. شائىرلىرى 〈ھېسسىياتقا تەسىر يېتىدۇ〉 دەپ خوتۇنىمۇ ئالمايدىكەن... قىزىق ئىشلارنى كۆرىمەن دېسىڭىز چەت ئەلگە چىقىڭ. بىر شەھەرگە بارسام پۇقرالىرى شۇنچە پۇزۇر كىيىنىۋاپتۇ، شەھەر باشلىقى يالىڭاياغ يۈرىدىكەن. ئاياللىرى يالغان بۇرۇت قويۇپ، ئەرلىرى ئۇزۇن چاچ سالىدىكەن. تاماقنى بازاردا يەپ، كېچىسى مېھمانخانىدا يېتىپ، ئۆيىنى ئىجارىگە بېرىدىكەن. قىزىق چايغا مۇز سېلىپ ئىچىپ، مارۇژنىنى ئىسسىتىپ يەيدىكەن...»

« ... يېقىندىن بېرى ئۇ بىزنىڭ مىللىي ئەنئەنىمىز نەگە كەتتى، دەپ قايناپ، ماتادىن كۆڭلەك كىيىپ، سەگەزدىن گالىستۇك تاقاپ، يېڭى ئالغان پىكاپىنىڭ ئىچىگە بورا سېلىپ ھەيدەپ يۈرىدۇ...»

« ... بۇ يەرگە كېلىپ، ئۇچراشقان كىشى بىلەن سۆيۈشۈشۈپ ئالدى چىشلىرىمىز لىڭشىپ قالغانىدى.»

« — شۇ دوختۇرلىرىڭلار ھۆكۈمەتتىنمۇ مائاش ئالىدىغاندۇ؟ — دەپ سورىدى ساددا بىر قېرى دېھقان.

— مائاش ئالىدۇ.

— ئەمدى، ھەم مائاش ئېلىپ، ھەم خەلقنى شىلسا بۇنىڭ سورىقى يوقمۇ دەيمىنا؟

— ھەي، قەيەردىكى گەپلەرنى قىلغۇاتقانسىز ئاكا، — دېدى ھېلىقى ياشراق يىگىت، — ئايرىملارنىڭ باي بولۇشىغا يول قويۇڭلار، دەۋاتقىنىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ »

يىغىنچاقلىغاندا، «ئالتۇن چىشلىق ئىت» ناملىق ھېكايە تۇرمۇشتىكى ماھىيەتلىك ھادىسىلەرنى مۇناسىپ ئىپادىلەش ۋاستىسى بىلەن يورۇتۇپ بەرگەن مۇنەۋۋەر ئەسەردۇر.

## يېڭى ئوقۇتقۇچىنى باھالاش

باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2- يىللىقىغا ھېساب دەرسى ئۆتۈشكە كەلگەن يېڭى ئوقۇتقۇچى ئىككى كۈن دەرس ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئوقۇغۇچى يەنە بىر ئوقۇغۇچىدىن سوراپتۇ:

— سېڭىنگچە، بۇ ئوقۇتقۇچى قانداقراق؟

— بۇ ئوقۇتقۇچى ئىشەنچلىك ئەمەس- تەك قىلىدۇ. تۈنۈگۈن ئۇچ كەررە تۆت ئون ئىككى بولىدۇ دېۋىدى، بۈگۈن ئەمدى ئىككى كەررە ئالتە ئون ئىككى بولىدۇ دەۋاتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچى.



# يۇمۇر ۋە ساتىرا

## يۇمۇرلار

### مۇئەللىم بەك دۆت ئىكەن

ئوغلى: ئاپا، بىزنىڭ مۇئەللىم بەك دۆت ئىكەن. ھازىرغىچە كالىنىمۇ كۆرۈپ باقماپتۇ جۇمۇ.

ئاپىسى: شۇنداقمۇ؟

ئوغلى: بۈگۈن مەن بىر كالىنىڭ سۈرىتىنى سىزغانىدىم. مۇئەللىم مەندىن بۇ نېمە، دەپ سوراۋاتىدۇ.

### بىرى ئۆلمەيدۇ

دادىسى: ئادەم قېرىغاندا ھامان ئۆلىدۇ.

ئوغلى: ئۆلمەيدىغان پەقەت بىرلا كىشى بار.

دادىسى: ئۇ كىم؟

ئوغلى: مومام.

دادىسى: نېمىشقا بۇنداق دەيسەن؟

ئوغلى: ئاپام مومامنى ئۆلمەيدىغان قېرى دەيدىغۇ.

### ئىمزا قويۇش

ئوقۇغۇچى: تاپشۇرۇق دەپتىرىڭلارنى ئۆيگە ئاپىرىپ، ئائىلە باشلىقىڭلارنىڭ ئىمزاسىنى قويدۇرۇپ ئەكىلىڭلار.

ئوقۇغۇچى: دادام ئىمزا قويامدۇ ياكى ئاپاممۇ؟

ئوقۇتقۇچى: ئۆيۈڭلاردا كىمنىڭ گېپى گەپ بولسا، شۇ ئىمزا قويۇپ بەرسۇن.

ئوقۇغۇچى: ئۇنداقتا ياخشى بولدى، بىزنىڭ ئۆيدە مېنىڭ گېپىم گەپ.

### دادامنىڭ ئىسمى

باللار باغچىسىدا بىر ئوقۇتقۇچى بىر قىزچاقتىن سوراپتۇ:

— دادىڭىزنىڭ ئىسمى نېمە؟

قىزچاق: دادا.

ئوقۇتقۇچى: توغرا ئېيتتىڭىز، مېنىڭ سورىدىغىنىم، ئاپىڭىز دادىڭىزنى نېمدەپ چاقىرىدۇ؟

قىزچاق: ئۆلگۈر، دەپ چاقىرىدۇ، — دەپتۇ.

### ئىقتىسادچىل بىلەن پىخسىقنىڭ پەرقى

بالا: دادا ئىقتىسادچىل بىلەن پىخسىقنىڭ قانداق پەرقى بار؟

دادىسى: مەن پۇلنى تېجەپ ئىشلەتكىنىمدە ئاپاڭ مېنى ئىقتىسادچىل دەپ ماختايدۇ. مەن ئاپاڭنى پۇلنى تېجەپ ئىشلىتىشكە دەۋەت قىلغىنىمدا، ئۇ مېنى پىخسىق دەيدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى مانا مۇشۇ.

### ئۈچ كالۋا

دادىسى: ئېيتە، بىرگە ئىككىنى قوشسا قانچە بولىدۇ؟

ئوغلى: بىلمەيمەن.

دادىسى: مەسىلەن، مەن، ئاپاڭ ۋە سېنى قوشقاندا قانچە بولىدۇ دەۋاتىمەن.

ئوغلى: ئۈچ كالۋا بولىدۇ.

«يۇمۇرلار توپلىمى» دىن تەرجىمە قىلىندى.

**يۇلتۇز تېيىپجان** تەرجىمىسى

مۇھەممەت ئىمىن

# ئازاب

(ھېكايە)

## 1

پەرھاتنىڭ كۆزىگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمىدى. ئۇ يوتقاندىن ئاستا سوغۇرۇلۇپ چىقىپ، كارىۋاتتىن چۈشتى-دە، ساپما كەشىنى شىپىلدىتىپ، ئۇياندىن-بۇيانغا مېڭىشقا باشلىدى. ئۈستەل چىرىغى ئۆينى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى، يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقان بىلقىزنىڭ چىرايى سۇس چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ ھارغىن، تاتىراڭغۇ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان زاكىدىكى بوۋاق ئەمچەك ئېمىۋاتقاندەك تۇرۇپ-تۇرۇپ ئاغزىنى مىتىلدىتىپ قوياتتى، بىلقىز تۇيۇقسىز نازلانغاندەك ۋىلىقلاپ كۈلدى. پەرھات چۆچۈپ، ئاچ بېقىنىغا پىچاق يېگەندەك ئاچچىق تولغىنىپ كەتتى، ئارقىدىن خىيالغا چۆكتى: مانا ئۇ بۈگۈنمۇ ئۆيگە بىر سائەت كېچىكىپ كەلدى، ئاپتوبۇس ۋاقتىدا كەلمەپتىمىش، قىستاڭچىلىقتا ئالدىدا كەلگەن بىر نەچچىسىگە چىقالماي قاپتۇمىش. ئەتەي تېپىپ چىققان باھانە-دە بۇ، باھانە. ئاياللارنىڭ نەيرىڭى كۆپ بولىدۇ دەيدىغان رەھمەتلىك دادام! بېشىدىن ئۆتمىسە شۇنداق دېمەستى. ئۇ چاغدا ئانام... ۋاي، نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن. ئانام دېگەن دۇنيادىكى ئەڭ پاك، ۋىجدانلىق، ئەدەب-ئەخلاقلىق ئايال! ئۇنداقتا دادام نېمىگە ئاساسەن شۇنداق دېگەن بولغىيدى؟ ھە، ھە، قوشنا ئاياللارنىڭ توغرا، مەرەمنىسا سەتەڭنىڭ قانداق ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ ئاۋۇت ياۋاشنى ئالداپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن-دە. ھەي-ھەي، بۇ ئاياللار نېمە دېگەن ئالا كۆڭۈل، ئىنسابسىز، ۋىجدانسىزدۇ؟ ئالدىڭدىلا كۆزىنى مىت قىلىپمۇ قويماي يالغان دېگەننى توقۇپ چىقىرىۋېرىدۇ. ئەرلەرنىڭ ھەممىسىلا قاپاقباش ئەمەستۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىمۇ كاللىسى ئىشلەيدىغانلىرى باردۇ، دەپ ئويلاپمۇ قويمايدۇ. مەن ئاۋۇت ياۋاش ئەمەستە، ئۇنداق ئوڭاي ئالدىنىپ كېتىدىغان. مەن دېگەن پەرھات، تاغنى

كەسكەن، راستىنلا تاغنى كەسكەن
بولغىيمدى ئۇ؟ نېمە جاپا-هە. مەن تاغ
كەسمەيمۇ بېلىقىزغا ئېرىشتىمغۇ، ئادەمدە
پەم بولمىسا بىكار. شېكەردىن تاتلىق
گەپلىرىم ئۇنىڭ قەلبىنى شۇررىدە ئېرد-
تۇەتتى. ياق، توغرىراقى يالقۇنلۇق شېئىر-
لىرىم، تەڭداشسىز قابىلىيىتىم بىلەن ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ئۇتتۇۋالدىم. ياق، ياق، بۇ گېپىمۇ
تازا ئادىل بولماي قالدى، شېئىرلىرىمدىنمۇ
مۇھىمى، ساۋۇتنىڭ ئوبزورلىرى، مېڭىسى
ئاجايىپ ئۆتكۈر ئادەم-دە! ئۇنىڭ سەزگۈر-
لۈكى، ئەقلىگە ھەققەتەن قايىلمەن.
ئۆزۈم چۈشەنمەي يازغان شېئىرلىرىمغىمۇ
قالتىس تەبىر بېرىۋېتىدۇ. پاھ! ئۆزۈمگە
مەستىنىڭ جۆيلۈشلىرىدەك تۇيۇلغان بۇ
شېئىرىم ئەسلىدە شۇنداق چوڭقۇر مەزمۇن-
لارنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىكەن ئەمەسمۇ،
دەپ ئويلاپ ھەيران قالىمەن. نامىڭ
چىقتىمۇ، بولدى، ئامەت دېگەن ساڭا
ياغىدىغان گەپ ئىكەن. بېلىقىزنىمۇ بىر
ھېسابتا شۇنىڭغا تايىنىپ ئىندەككە كەلتۈر-
مىدىمۇ. قابىلىيەتلىكلەرنى ياخشى كۆرۈش
قىزلارنىڭ قىن-قىنىغا سىڭىپ كەتكەن
ئادەت-دە. بولمىسا ئەركىنگە تېگىپ كېتەت-
تى بۇ كاساپەت. شۇغىنىسى «ئەرزان
گۆشنىڭ شورپىسى يوق» چىقىپ قالدى.
بىرنى تۇغۇپلا ماڭا بولغان ئوتتەك مۇھەب-
بىتى نەلەرگىدۇر غايىب بولدى، بېشىنى
ياستۇققا قويىدۇيۇ، پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا
كېتىدۇ، باياتىنقىدەك، ھېرىپ-چارچاپ
كەتتىم دەيدۇ تېخى. شۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟
خۇددى باشقا ئادەم خىزمەت قىلمايدىغان-
دەك. ناھايەت سەككىز سائەت ئۇرچۇق
ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ شۇ. قانچىلىك ئىشتى
ئۇ شۇنچىلىك ھېرىپ كېتىدىغان! زاۋۇتقا
بېرىپ-كېلىشتە ئاپتوبۇسقا چىقىدۇ، ئۆزى
پىيادە ماڭامتى-يا. تاماق ئېتىش، كىر
يۇيۇش دېگەنلەرنىڭ تېخىمۇ كارى چاغلىق،
ئايالالار قولىنىڭ ئۇچىدىلا قىلىۋېتىدىغان
ئىشلار ئۇ. كېچىدە بىر قانچە قېتىم ئويغىنىپ
بالىنىڭ زاكىسىنى يۆتكەش، ئېمىتىپ قويۇش
دېگەندەك ئىشلارنىڭغۇ تىلغا ئېلىپ يۈرگۈ-
چىلىكىمۇ يوق. لېكىن، بېلىقىز مۇشۇنداق
ئىشلارنىمۇ ماڭا قارىغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقى-
نىڭ بىر سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىۋاتىدۇ،
تولىمۇ كۈلكىلىك-تە بۇ. گەپ ئۇ يەردە
ئەمەس، ھەقىچان، كۆڭۈلنىڭ ئاللىقىدا.
بېلىقىزنى ھېلىقى ئەركىن دېگەن نېمە
ئالداپ كەتتىمۇ-يا؟ ئۇلار بۇرۇن مۇھەب-
بەتلەشكەن، قايسىبىر كىتابتىن بىرىنچى
مۇھەببەتنى ئۇنتۇش تەس دېگەن
گەپلەرنى كۆرۈۋىدىم، راست شۇنداقمىدۇ؟
بىر نېمە دەپ بولمايدۇ جۇمۇ. بولمىسا
بېلىقىز ماڭا نېمشقا چىراي ئاچمايدۇ؟ تۇ
غۇتتىن ئىلگىرىكى ئوتتەك قىزغىنلىقى زادى
نەگە كەتتى؟ بىز توي قىلغاندىن كېيىنغۇ
ئۇلارنىڭ ئۇچراشقىنىنى كۆرمىدىم. خۇما-
رىمدىن چىقارماي ئۇخلىۋالغاندىمۇ چېچىدىن
قامالاپ تۇتۇپ، كارىۋاتتىن سۆرەپ
چۈشۈرۈپ، تازا ئۇردۇم، ئىقرار قىلماي
تۇرۇۋالدى، كاساپەت! ئىللا-بىللا ئۇنىڭ
بىلەن ئۇچراشمىدىم، ئادەمگە ئۇۋال
قىلماڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، دەيدۇ تېخى كۆز
ياشلىرىنى تۆكۈپ. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات
قىلماي بولمايدۇ-دە. ئايالالار دېگەننىڭ
نەيرىڭى جىق ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ گېپىگە

ئاسانلىقچە ئىشىنىپ كېتىش ئەخمەقلەرنىڭ
ئىشى. مانا، باياتىن تېخى مېنى سۆيۈپ
ھالى قالمىۋېدى، خۇدا كۆڭلىگە ئىنساب
بەرگەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن. نەدىكىنى،
مىنۇت ئۆتمەي ئۇيقۇغا كەتتى. جۆيلۈپ
كۆلۈۋاتىدۇ تېخى. ئاشىنىسى بىلەن ئۇچرى-
شىپ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي
قالغان گەپ-دە، بولمىسا بىكاردىن-بىكار
كۆلەمدۇ ئۇ، نېمىشقىمۇ خوتۇن ئالغان
بولغىيتىم؟ ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەقلىمدىن
ئازغاندەك چىرايلىق خوتۇن ئالغىنىمنى
كۆرمەمدىغان، بازارغا ئېلىپ چىقىشتىنمۇ
قورقىمەن ئۇنى. بەزنى كۆرگەن ئوغرى
مۈشۈكتەك قارىشىدۇ گۈيلار. كۈندەشلىك
ئوتىدا كۆيۈپ كۆل بولۇپ كېتەرمەنمۇ،
ئەي خۇدا، ئەجەبمۇ قىينىدىڭغۇ مېنى؟!
پەرھات تېگى يوق خىياللار قايىنمىدا
ئۈزۈۋېرىپ ھېرىپ كەتتى. ئىشكاپتىن بىر
بوتۇلكا ئاق ھاراقنى ئېلىپ، ئاغزىنى
چىشلەپ ئاچتى-دە، غورتۇلدىتىپ بىرنەچچە
يۇتۇم ئىچىۋەتتى. ئاچچىق ھاراق ئۇنىڭ
كارنىيىنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرۈۋەتتى.
ئارقىدىن ئۇ گېزىتنىڭ بىر بۇرجىكىنى
شارتتىدە يىرتىپ، موخوركا يۆگەپ چەكتى،
تاماكا ئىسىدىن قاقىلىپ كەتتى، قەستەن
ئاۋازىنى قاتتىق چىقىرىپ يۆتىلىپ، تېخىچە
تاتلىق ئۇخلاۋاتقان بىلىقىزغا قاراپ تۇرۇپ
كەتتى. ئۇنىڭ قۇندۇزدەك قاپقارا، چۈۋۇ-
ۋېتىلگەن ئۇزۇن چاچلىرى ياستۇق ئۈستىدە
يېيىلىپ ياتاتتى، تارراق كەلگەن ماڭلىيى
قاشتېشىدەك سۈزۈك ۋە نۇرلۇق، ئىنچىكە
قاشلىرى ئورغاق ئايدەك ئەگىم، سەل--
پەل جۇدەپ قالغان سولغۇن چىرايى يەنىلا

ئەتىرگۈل بەرگىدەك جەزىبىلىك، قاڭشالىق
بۇرنى ئېلىپتەك تۈز بولمىسىمۇ، خېلىلا
يارىشىملىق، نېمىگىدۇر تەلپۈنۈۋاتقان ۋە
تەلمۈرۈۋاتقاندەك بىلىنەر-بىلىنمەس لىپىلداپ
تۇرغان ۋە تەبەسسۇم ئالامەتلىرى چىقىپ
تۇرغان نېپىز لەۋلىرى گىلاستەك قىزىل
ئىدى. پەرھات كارىۋات بېشىدا ئۇلۇغ-كە-
چىك تىنغان ھالدا ھاڭۋېقىپ تۇرۇۋەردى،
پۇتلىرى تالدى، كىرپىكلىرى بىر-بىرىگە
چاپلاشقىلى تۇردى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كۆز
ئالدى تۇتەكلىشىپ كەتتى. مانا، دۇنيادىكى
ئەركەك زاتىنىڭ ھەممىسى بۇ تەرەپكە
يۈگۈرۈلۈپ كەلمەكتە. بەزىلىرى ئارغىماق
مىنىپ چېپىپ كېلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى پىيادە
يۈگۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ، بەزىلىرى پىكاپلىرىنى
غۇيۇلدىتىپ ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ، يەنە
بەزىلىرى تىك ئۇچار ئايروپىلانلىرىنى
غارقىرىتىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ. نېمىدېگەن
كۆپ ئادەملەر بۇ! پەرھات قاتمۇ قات
قورشاۋ ئىچىدە قالدى. يىگىتلەر ئۇنى
ئۇرۇپ يىقىتتى، ئارقىدىن بىر-بىرى بىلەن
پىچاقلاشقىلى تۇردى. بىلىقىز مەغرۇرلۇق
بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە بىرچەتتە تاماشا
كۆرۈپ تۇرىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھايات
قالغان قاۋۇل بىر يىگىت بىلىقىزنى قولتۇق-
لىغىنىچە تىك ئۇچار ئايروپىلان يېنىغا ئېلىپ
ماڭدى. ئايروپىلان ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈش
ئالدىدا ھېلىقى يىگىت بۇ تەرەپكە قارىۋى-
دى، پەرھات ئۇنى دەرھال تونۇۋالدى:
ئەركىن! ۋاي خۇمپەر! پەرھات غەزەپتىن
يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى، چىشلىرىنى
غۇچۇرلاتتى. بىلىقىز ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسى-
دىن بېشىنى چىقىرىپ، قانغا مىلىنىپ ياتقان

پەرھاتقا قولىنى پۇلاڭلاتتى. زاڭلىق قىلىۋاتقاندەك قېشىنى ئوينىتىپ، مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ئارقىدىن قۇچقىدىكى زاكىلانغان بوۋاقنى يەرگە تاشلىدى. بوۋاق چىرقىرىغان پېتى پۇلاڭلاپ پەسكە چۈشۈشكە باشلىدى. پەرھات شىددەت بىلەن ئۆملەپ قوپۇپ ئالدىغا تاشلاندى...

— ۋاي نېمە قىلغىنىڭىز بۇ؟ — چۆچۈپ ئويغانغان بېلىقىز كۆكرىكىنى ئېغىر قورام تاشتەك بېسىپ تۇغرىسىغا ياتقان پەرھاتنى كۆچەپ ئىتتەردى، — تاس قاپسىز بالىنى بېسىپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلى! ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ — يا؟

پەرھات كۆزىنى يوغان ئاچتى، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن بېلىقىزنىڭ كۆكرىكى ئۈستىدە تۇغرىسىغا ياتقانلىقىنى چۈشىنەلمەدى، بېلىقىزنىڭ نازۇك قولى ئۇنى ھەدەپ ئىتتىرىۋاتاتتى، ئويغىنىپ كەتكەن بوۋاق ئىڭگەلەپ يىغلاۋاتاتتى. خۇدايا شۈكرى، بالا كارىۋاتتا ساق چۈشۈپتۇ، ياخشى ھېچنېمە بولماپتۇ! ئۇ بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۆزىگە غەزەپ ۋە ھەيرانلىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قوي كۆزلەرگە قاراپ غۇززىدە ئاچچىقى كەلدى:

— ۋاي يۈزسىز، ئاشناڭنى دەپ بالىمىزنىمۇ يەرگە تاشلىۋەتتىڭ-ھە!

بېلىقىز نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرىشقا ئۈلگۈرمەستىنلا كارىۋاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈلدى، ئاچ بېقىنغا ۋاق-ۋۇق تېگىشكە باشلىغان پەشۋادىن ئاچچىق تولغىنىپ ئىڭرىدى.

## 2

بېلىقىز ھوشىغا كەلدى. بېقىنى سانجىپ-سانجىپ ئاغرىۋاتاتتى، يۈز-كۆزلىرى ئىششىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ تىرەجەپ-تىرمىشىپ ئورنىدىن تۇردى. پەرھات خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. بوۋاق ئۇنى پۈتۈپ قالغىنىغا قارىماي تېخىچە ئىڭراۋاتاتتى. بېلىقىز تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن زاكنى يەشتى، ھۆل بولۇپ كەتكەن سۈيدۈك لاتىلىرىنى ئالماشتۇردى، بالىسىنى قايتىدىن زاكلاپ قۇچقىغا ئېلىپ ئېمىتىشكە باشلىدى. بوۋاق ئەمچەكنى كۆچەپ شورايتتى، ئۇنىڭ مۇزلاپ كەتكەن قەلبىگە ئىللىق بىر ئېقىم تارىغاندەك بولدى، جاۋغايلىرىغا كۈلكە ياماشتى، شۇ ھامان ئىچ-ئىچىدىن يىغا ئېتىلىپ چىقىپ، ئېسەدەپ يىغلاشقا باشلىدى، مەندىن زادى نېمە سەۋەنلىك ئۆتتى؟ بۇنچىلا تاياق يېگۈدەك نېمە گۇناھ قىلدىم؟ پەرھات نېمە ئۈچۈن مېنى بۇنچە خارلايدۇ؟ پاقلاندەك ئوغۇل تۇغۇپ بەرگىنىمگىمۇ؟ مېنىڭ كەينىمدە شاپاشلاپ يۈرگەن چاغدىكى چىرايلىق گەپلىرى، ۋەدىلىرى، قەسەملىرى نەگە كەتتى؟ نېمىسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولغىيتتىم مەن ئۇنىڭ؟ شېئىرلىرىنىمۇ؟ شۇنداقتۇر بەلكىم، چۈشىنەلمىگەنلىكىمدىنمۇ ياكى مەزمۇنىنىڭ ھەقىقەتەن چوڭقۇرلۇقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر ئاجايىپ سىرلىق تۇيۇلىدىغان ئۇ شېئىرلار ماڭا!

دەرد قۇشۇم چېچىمدا ياسىدى ئۇۋا،
ئارزۇيۇم باچكىسى كۆرۈندى غۇۋا.

ئېلەڭگۈچ ئۇچىدۇ كىرپىكلىرىمدە،
قان تامچىپ تۇرغان نار تۆگىنىڭ بېشى!

تۇۋا، بۇ شېئىرمۇ-ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭدا زادى نېمە دېمەكچى دېگەنلەرنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەنا! ساۋۇتنىڭ ئوبزورىنى ئوقۇپمۇ ھېچنېمىنى چۈشىنەلمىگەنلىكىمنى ئۆزۈمنىڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن كۆرۈپتىكەنمەن تېخى؟ گۇگۇم پەيتىدە، باغچىدا دېكلاماتسىيە قىلىپ بەرگەن ھېلىقى شېئىرىنىڭ مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇرغانىدى.

يانپىشىمغا يېپىشتى گۇگۇم،
كىرپىكىمدە تەۋرىنەر ئەللەي.
قاچتى چۈشۈم ئۇمىدكە مىنىپ،
ياسار ئۆتەڭدە سۈبھىدىن بىلەي.
قىلما ئارزۇنى شەپەقتە كاۋاپ،
سۆيگۈنى زىققا ئۆتكۈزمە، تىلەي!

ئۇنىڭ دولقۇنلۇق ئاۋازى قەلبىمنى شۇنداق لەرزىگە سېلىۋىدىكى، تەسىرلىنىپ كېتىپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزۈمنى ئېتىپتىكەنمەن! يەكشەنبە كۈنى شەھەر ئەتراپىغا سەيلىگە چىققىنىمىزدا كەچ كۈز شاملى سوقۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ:

ئاھ!
شامال،
توزغاق،
قوڭغۇز،
تولغاق!

دەپ يىراقلارغا كۆز تاشلاپ تۇرۇپ كەتكەندە، مېڭىسى نېمە دېگەن ئۆتكۈر ھە! ئەتراپقا بىر قارىۋېتىپلا بىر شېئىر توقۇش ھەر كىمنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئىشمىدى؟ دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا قول قويۇپتىكەنمەن، ھەقىقەتەن قابىلىيەتلىك، ئىستىقباللىق يىگىت ئىكەن، دەپ ئويلاپ قاپتىكەنمەن. ھەي ئىست، نەدىن بىلەي، ئەسلىدە ساراڭنىڭ جۆيلۈشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئاشۇنداق مىسرالىرىدىن كۆپ ئەھمىيەتلىك ئىكەن ئەمەسمۇ. مۇھەببەتنىڭ كۆزى قارىغۇ، دەپ كىم ئېيتىۋىدىكىن-تاڭ؟ شۇ چاغدا راستىنلا كۆزۈم كۆرمەس، قۇلىقىم ئاڭلىماس بولۇپ قاپتىكەن جۇمۇ. بولمىسا ئاتا-ئانامنىڭ، ئاداشلىرىمنىڭ نەسىھىتىگە قۇلاق سالماسمىدىم؟ قاراپ تۇرۇپ ئەركىندەك ياخشى يىگىتنى تاشلاپ، ئاتا-ئانامنىڭ مېھرىدىنمۇ ۋاز كېچىپ، مۇشۇنداق بىر ساراڭغا ئۆزۈمنى بېغىشلارمىدىم؟! بىچارە ئەركىن، قولۇمنى تۇتۇشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، تىكىلىپ قاراپ قويساممۇ قىز بالىدەك ۋىللىدە قىزىرىپ كېتەتتى. ئالدىمدا تىلسىز بولۇپ قالغانىدەك گەپ-سۆزلىرىنىمۇ ئوڭشاپ دېيەلمەيتتى. شۇنىڭغا قاراپ، بەدىنىدە ئەركەك تۈكى يوق، ئايال مىجەز بىر نېمە بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بەرگۈم كەلمىگەنتى. پەرھات بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە، تىلى شېكەر بولغانلىقىنىڭ ئۈستىگە ھەرىكەت-قىلىقلىرى دادىل ۋە قوپال ئىدى. يىگىت دېگەن يىگىتتەك بولسۇن-دە! دېگەن ئوي-خىيال ئەقلىم كۆزىنى ئېتىۋاپتىمىدىكىن، ئۇنىڭ

ھېلقىدەك دادىل ۋە قوپاللىقلىرىمۇ كۆڭلۈمگە
يېقىپ قېلىپ، تەلپىگە ئالدىراپ-تېنەپ
ماقۇل دەپ تاشلاپتىكەنمەن. ئەمدى تازا
تويغۇزدىغۇ مېنى. شۇ چاغدا نېمە ئۈچۈن
ئۇنىڭ قەلبىدە ھەقىقىي مېھىر-مۇھەببەت،
مېھرىبانلىق، شەپقەت-شاپائەت ۋە كۆيۈ-
نۈش دېگەنلەرنىڭ بار-يوقلۇقىغا سەپ
سېلىپ باقمىغان بولغىيتتىم؟! تازىمۇ دۆت
ئىكەنمەن، دۆت! ئۇنىڭ ئەتىدىن كەچكى-
چە ئويلايدىغىنى ئۆز نەپسىنى قاندۇرۇش.
ئەجەبا، ئەر-خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى
مېھىر-مۇھەببەتنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا
ئىپادىلىرى يوقمۇ؟! ئۇنىڭ دېگەن يېرىدىن
چىقالماي قالساق كەلسە-كەلمەس كۆڭلە-
ۋاتقان، ئۇنى ئاز دېگەندەك، خالىغانچە
ئۇرۇپ-دۇمبالاۋاتقان، ئەجەبمۇ تويدۇم بۇ
جاندىن! دېمىسىمۇ ئەر ئالدىدا خوتۇنلۇق
بۇرچۇمنى تولۇق ئادا قىلسام، ئوتلۇق
مۇھەببىتىم، ناز-خۇلقۇم بىلەن ئۇنىڭ
كۆڭلىنى ھەر كۈنى تاغدەك كۆتۈرۈپ
تۇرسام ئوبدان بولاتتى. لېكىن ماڭا نېمە
ئامال؟ ئۇ پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقاندا ئورنۇم-
دىن تۇرىمەن، ناشتىلىققا چاي-پاي
تەييارلايمەن، زاكىنى قورۇقدايمەن، بالىنى
ئېمىتىمەن، ئاندىن بالا باققۇچىغا ئاپىرىپ
بېرىپ ئىشقا يۈگۈرۈيمەن، ئاپتوبۇستىكى
قىستا-قىستاڭچىلىقتا پىشقان شاپتۇلدەك
مىجىلىپ جېنىم ئارانلا قالىدۇ. ئاپتوبۇستىن
قىستىلىپ-قاقشاپ ماڭ تەستە چۈشۈپ،
تېلىپ ماغدۇرى قالمىغان پۇتلىرىمنى سۆرەپ
سېخقا كىرىمەن. ئۈرچۈق ئەتراپىدا
پەرۋانىدەك پىلدىرلاپ بىر كۈن ئايلىنىمەن،
چىشىمنى چىڭ چىشلەپ بەرداشلىق
بەرمىسەم شۇ يەردىلا ئۇخلاپ قېتىپ
قالغۇم كېلىپ كېتىدۇ. ئىشتىن چۈشكەندە
ئۆيگە قايتماقنىڭ تېخىمۇ تەسلىكى. ئاپتو-
بۇس ۋاقتىدا كەلمەيۋاتقان، كەلگەندە
ئادەمنىڭ كۆپلۈكىدىن چىققىلى بولمايۋاتقان،
چىققاندا ئىككى تاشنىڭ ئارىسىغا كىرىپ
قالغاندەك، نەپەس قىسىلىپ كېتىۋاتقان،
بىر كۈن جۇۋازغا قېتىلغان كالىدەك ھاسى-
راپ-ھۆمدەپ ئۆيگە ئاران يېتىپ كەلگە-
نىمدە، تەسەللى ئورنىغا سوئال-سوراق
مۆلدۈردەك يېغىۋاتقان، راست گەپ قىلساق
ئىشەنمەيۋاتقان، قاراپ تۇرۇپ يالغان
سۆزلەي دېسەك تېخى. ئەي خۇدا، نېمە
كۈنلەرگە قالدىمەن-ھە! كەچتە يەنە
تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، بالا بېقىش،
تۈگىمەس ئىشلار... كېچىدە نەچچە قېتىم
ئويغىنىپ بالامنى ئېمىتمىسەم، زاكىسنى
قورۇقدىمىسام بولامدۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا
مادار قالامدۇ مەندە؟ بۇنى پەرھات
نېمىشقا چۈشەنمەيدىغاندۇ؟ چۈشەنسىمۇ
خۇپسەنلىك قىلىۋاتامدۇ-يا؟ مېنى قويۇۋەتكۈ-
سى كېلىپ باھانە-سەۋەب تېپىۋاتامدىكىن-
تاڭ؟ ئۇنداقتا ،ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەي،
مەندىن زېرىككەن بولسا، كۆڭلىدىكى
گەپنى دېسە، چىرايلىقچە خېتىمنى ئالاتتىم
ئەمەسمۇ. ئىككى گەپنىڭ بىرىدە ئەركىنى
چىشلەپ تارتىدۇ، مېنى زورمۇ-زور ئۇ
تەرەپكە ئىتتىرىدۇ، ئۇنىڭغا چاپلايدۇ.
«ئۇنىڭ بىلەن نېمە بۇزۇقچىلىقلارنى
قىلدىڭ؟ نەگە باردىڭ؟ بولمىسا ئۆيگە
بىر سائەت كېچىكىپ كېلەمتىڭ؟» دەپ،
سوراق قىلىپ كېتىدۇ تېخى ئىزامۇ تارتماي!
توۋا دېگۈم كېلىدۇ، ئۇنىڭ ماڭا ئىشەنمەسلە-

كى، مەندىن بىھۇدە گۇمانلىنىشى
ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى يەرگە ئۇرغانلىقى
ئەمەسمۇ! خوتۇنۇڭنى قىستاپ بۇزۇق،
دەپ ئىقرار قىلدۇرۇۋېلىشتىن قانچىلىك
يۈز-ئابروي تاپماقچىمىدىڭ سەن؟! ۋاي
ھاماقەت، دۆت-قاپاقباش! ئۇنىڭ مۇشۇنداق
ئورۇنسىز كۆنلەۋېرىشى، راستىنى ئېيتقاندا،
ماڭمۇ قىلىنغان چوڭ ھاقارەت-دە! ئۇنچىلىك
تېگى پەس، پەزىلەتسىز ئايالمىدىم مەن؟!
توي قىلغاندىن كېيىن ئەركىن بىلەن بىرەر
قېتىم ئۇچرىشىپ قالغان بولسامچۇ، كاشكى!
يىمگەن ماتىنىڭ پۇلىنى تۆلە دەۋەرسە
ئادەمگە ھەقىقەتەن بەك ئېغىر كېلىدى-
كەن. ئۇۋالچىلىققا قېلىشتىنمۇ ئازاب ئىش
بارمىدۇ بۇ دۇنيادا؟! بۇ گۇمانخورنى
ئۆلتۈرۈۋېتىپ بارلىق ئازاب-خورلۇقلاردىن
بىر يولىلا قوتۇلايمىكىن؟ ۋاي خۇدايىم،
نېمە بولغاندىمەن؟ ئالجىپ قالدىممۇ نېمە؟
نېمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىمەن-ھە!

بېلىقىزنىڭ خىيالى بارغانسېرى چىگىش-
لىنىپ كېتىۋاتاتتى. گويا قارا جاڭگالغا
كىرىپ قالغاندەك، ھەر قانچە قىلسىمۇ
ئۆزىنى ئازابلاۋاتقان بۇ خىياللىرىنىڭ بىر
چېتىگە چىقالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياش يۇقى
كۆزى ئالدىدا پەرھاتنىڭ ئاق-سۈزۈك
چىرايى ئاستا-ئاستا خۇنۇكلىشىشكە،
قارىداشقا باشلىدى، كېيىنچە ئۆزگىرىپ-ئۆزگە-
رىپ چۇچۇلغا، چۇچۇل بىردىنلا ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق قاپقارا بىر ئەجدىھاغا ئايلاندى.
ئەجدىھا ھاڭدەك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ
ئوت پۈركىگىنىچە بېلىقىز تەرەپكە باستۇرۇپ
كەلمەكتە. ئالدىغا ئۇچرىغانلىكى نەرسىنى
كۆيدۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرماقتا، بېلىقىز

تېپىرلاپ قاچماقتا. شۇنچە كۆچەپ قاچىدىيۇ،
قىردىن ئاشالمايدۇ. ۋاي قۇتقۇزۇڭلار!
دەپ ۋارقىرىماقچى بولىدىيۇ، ئاۋازىنى
چىقىرالمايدۇ. مانا، ئەجدىھا يېقىنلاپ
كەلدى، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان
ئوت بېلىقىزنىڭ كىيىملىرىگە تۇتاشتى،
كۆيۈشكە باشلىغان تېرىسىدىن بۇژۇلداپ
ياغ تامچىلاشقا باشلىدى، پۈتۈن بەدىنى
ۋىژىلداپ ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ ئاغرىق
ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ئاچچىق
تولغىنىپ تۇرغاندا، باش ئۈستىدە بىر
سۇمۇرغ پەيدا بولدى-دە، ئۇنى قامالغىنى-
چە ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. بېلىقىزنىڭ
بەدىنىدىكى ئوت سۇمۇرغنىڭ پەي-قاناتلىرى-
غا تۇتاشتى، سۇمۇرغ بۇنىڭغا پەرۋا قىلماي
ئۇچۇپ بىر دەرياغا شۇڭغۇدى، ئوت ئۆچ-
تى. سۇمۇرغ ئۇنى ئۈستىگە مىندۈرۈپ
قىرغاققا ئېلىپ چىقتى. بېلىقىز مىننەتدارلىق
بىلدۈرۈپ بولغىچە، ئۇ بىردىنلا كۆزدىن
غايىب بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىدا ئەركىن
پەيدا بولۇپ قالدى.

— بۇ سىزمىدىڭىز، ئەركىن؟

ئەركىندىن جاۋاب چىقمايتتى، بېشىنى
تۆۋەن سېلىپ كۆلۈمسىرەپلا تۇراتتى. ئۇنىڭ
قارامتۇل چىرايىدىكى قىز بالىدەك ئويۇلۇش،
تارتىنچاقلىق ئالامەتلىرى ھېلىمۇ ئۆچمىگەنى-
دى.

— جېنىم ئەركىن! — بېلىقىز ئۇنىڭ
قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى، بوينىغا گىرە سېلىپ
سۆيۈپ كەتتى.

— بۇنداق قىلماڭ، سەت تۇرى-
دۇ، — ئەركىن ئۇنىڭ مەيدىسىدىن
ئىتتەردى، — ئېرىڭىز بار، بالىڭىز

بار، ئۇلارنى ئاياڭ!

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ، دېگىنىڭىزدەك قىلىپ كەلگەن، — دېدى بېلقىز ئۆزىنى ئاقلاپ، — لېكىن، پەرھات مېنى سىزگە چېتىپ قويۇۋاتىدۇ. ئىقرار قىلمىسام دۇمبالاۋاتىدۇ، ئازابلىنىپ كېتىۋاتىمەن، ئەمدى نائىلاج سىزنىڭ قېشىڭىزغا...

— خاتالىشىۋاتىسىز! — ئەركىن ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ چاپلىشىشقا باشلىغان بېلقىزنى كۆچەپ ئىتتەردى، — ئۇ چاغدا تېخىمۇ قاتتىقراق ۋىجدان ئازابىغا قالىسىز، مېنىمۇ ئوتقا ئىتتەرگەن بولىسىز. يېقىندا ئۆيلەندىم، خىيانەت قىلسام، خوتۇنۇمغا قانداق يۈز كېلەلەيمەن؟ ئۇجمە كۆڭۈل، ۋىجدانسىز ئادەم بولۇپ ياشاشنى خالىمايمەن، بېلقىز!

— تاش يۈرەكلىك قىلماڭ، ئەركىن، بىر قېتىم بولسىمۇ ياردەم قىلىڭ، ئازابتىن قۇتۇلۇۋالاي! — بېلقىز ئۆزىنى ئىتتىرىپ تۇرغان ئەركىنگە تېخىمۇ يېقىن چاپلاشتى. ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە، قاپقارا بۇرۇتلىرى ئاستىدىكى لەۋلىرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈشكە باشلىدى...

— نېمە ئىش قىلىۋاتىسەنوي؟ ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە؟

بېلقىز كۆزىنى ئېچىپ چۆچۈپ كەتتى، ئۇ پەرھاتنى يوتقان ئۈستىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالغانىدى، پەرھات ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنى مەيدىسىدىن كۆچەپ ئىتتىرىۋاتاتتى، تۇۋا، ئەركىن نەدە قالدى، بۇ يەردە پەرھاتنىڭ ياتقىنى نېمىسى؟ ئۇ ئوت چاچىدىغان ئەجدىھاغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ بىلقىز ھېچنېمىنى چۈشىنەلمەي مەڭدەپ قالدى. قۇلىقىغا باياتىنقىدەك ئىنتايىن قوپال، غاراڭ-غۇرۇڭ ئاۋاز يەنە ئاڭلاندى:

— ئەسلىدە تاياق دورا بولۇپ قاپتىكەندە، ساڭا!

بېلقىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىردىنلا مۇزلاپ كەتتى، يۈرىكىنى بىر خىل ۋەھىمە، قورقۇنچ قاپلىدى. ئۇ پەرھاتنىڭ ئۈستىدىن لىككىدە ئىرغىپ يەرگە چۈشتى. بوۋاقنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئىشىككە ئۆزىنى ئاتتى ۋە قاپقارا تۈن قوينىدا غايىب بولدى...

(«قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1992-يىل 6-سانىدىن)

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان ئالپ

## نېرۋا ئاجىزلىق ۋە نېرۋا فۇنكسىيىسى كېسەللىكىنىڭ

## ئېسىل دورىسى — جېيۇ ئەنشېن (解郁安神)

吉卫药宣字 (93) 5— 086 号

نېرۋا ئاجىزلىق ۋە نېرۋا فۇنكسىيىسى كېسەللىكى بىر خىل ئاستا خاراكتېرلىك قورقۇنچلۇق كېسەللىك بولۇپ، ئۇزۇل-كېسىل ساقايتىلمىسا ئادەم ئېلىشىپ قېلىشى (ساراڭ، دەلدۈش بولۇپ قېلىشى) مۇمكىن. ئالاقىدار مۇتەخەسسىسلەر ئۇزۇن يىل جاپالىق تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان «جېيۇئەنشېن» دورىسى 3630 نەپەر بىمارنى كلىنىكىلىق داۋالاشتا ئىشلىتىلىپ، ئۇنىڭ كۆز تورلىشىش، كۆپ چۈش كۆرۈش، خاتىرىسى ئاجىزلاش، باش قېيىش، چىڭقىلىش، يۈرەك ئېغىش، ئۇنۇتقاقلىق قاتارلىق كېسەللەرگە ئالاھىدە شىپاھ قىلىدىغانلىقى ئىسپاتلانغان. ئۇنىڭ ناچار تەسىرى يوق، داۋالانغاندىن كېيىن كېسەللىك قايتا قوزغالمايدۇ. بىر داۋالاش مۇددىتى (ئىككى قۇتا) دىلا ئۈنۈم بېرىدۇ. ئىككى داۋالاش مۇددىتىدە كېسەلنى ساقايتقىلى بولىدۇ. ھەر بىر داۋالاش مۇددىتىنىڭ دورا ھەم پوچتا ھەققى 68.00 يۈەن.

## سىل كېسىلىگە شىپالىق دورا —شياۋخېگاۋ (消核膏)

鲁卫药宣字 ( 92 ) 9—0059 号

بۇ مەھسۇلات نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا ئاستا خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق سىل كېسىلىنى داۋالاشتا ئالاھىدە ئۈنۈملۈك دورىدۇر. ئۇ ئۆپكە، لىمفا، ئۈچەي، بۆرەك قاتارلىق ئۇزاق داۋالىنىپمۇ ساقىيالمىغان ئىچكى-تاشقى سىل كېسەللىرىگە بىر ئاي ئىشلىتىلسە ئۈنۈم بېرىدۇ. 2 — 4 ئاي ئىشلىتىلسە پۈتۈنلەي ساقىيىدۇ. بۇ دورىنىڭ ھېچقانداق ناچار تەسىرى يوق. باشقا دورىلاردىن تېز تەسىر قىلىدۇ، غەربچە دورىلارنىڭ تەسىرىدىن جىگەر ئىقتىدارى زەخمە يېگەنلەرنىڭ ئازابىنى خالاس قىلىدۇ. بۇ مەھسۇلات دۆلەت ئىچىدە ئىلغار سەۋىيىگە يېتىپ تىببىي ساھەدىكىلەرنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشكەن.

بىر ئايلىق دورا (1500g) ھەم پوچتا ھەققى 97.00 يۈەن.

ئالاقىلىشىش ئادرېسى:

北京市朝阳区 12 支局 新特药销售中心 方明明

邮编: 100012

电话: (010) 4901904

# شىنجاڭ نېفىت ئىدارىسى پىچان قۇم ساناتورىيەسىنى تونۇشتۇرۇش

شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ پىچان قۇم ساناتورىيىسى 1983-يىلى پىچان ناھىيىسى لۈكچۈن بازىرى ئامانشاھ كەنتىدىكى تەبىئىي قۇم بارخانلىرى باغرىغا قۇرۇلغان. ئون نەچچە يىلدىن بۇيان نېفىت ئىدارىسى رەھبەرلىكىنىڭ كۈچلۈك قوللىشى، ساناتورىيە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا ھازىر بۇ يەر 30 مىڭ تۈپ ئېھاتە ئورمانلىقى بىلەن ئورالغان، 2 مىڭ تۈپ ئۈزۈم تېلى، 2 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق ئانار، نەشپۈت، ئۆرۈك، ئەنجۈر، شاپتۇل، ئالما، چىلان قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخ، 800 كۋادرات مېتىر كەڭلىكتىكى زۇمرەت كۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 13 مىڭ كۋادرات مېتىر كۆلەمدىكى گۈزەل ئارامگاھقا ئايلاندى.

ھازىر ساناتورىيىنىڭ زامانىۋى داۋالاش، ئارام ئېلىش، مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى، 200 كارىۋاتلىق زامانىۋى، ئازادە ياتاق بىنالىرى (بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە ياتاقمۇ بار)، چوڭ-كىچىك يىغىن ۋە كۆڭۈل ئېچىش زالى، كېسەللەرنى خالىغان ۋاقىتتا قوۋۇەتلىك، مەززىلىك تائاملار بىلەن تەمىنلەيدىغان كېسەللەر ئاشخانىسى (مۇسۇلمانچە، خەنزۇچە)، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاشخانىسى، مىڭ خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل گېزىت-ژۇرنال، كىتابلار قويۇلغان قىرائەتخانىسى، ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدىكى رەڭگارەڭ چىراغ ئورنىتىلغان فونتانلىق كۆلچىكى بار.

تۇرپان ئويمانلىقىغا جايلاشقان بۇ قۇم ساناتورىيىسى تۆۋەندىكىدەك ئۆزىگە خاس ئەۋزەللىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە:

بۇ ساناتورىيىدىكى قۇم بارخانلىرى بىر-بىرىگە چېتىلىپ، ئۇزۇن ھەم كەڭ تاغ تىزمىسى ھاسىل قىلغان بولۇپ، قۇملىرى بۇلغىنىشقا ئۇچرىمىغان، ئىنتايىن پاكىز، سۈزۈك بولۇپلا قالماي، تەركىبىدە ئىنسان بەدىنىگە پايدىلىق بولغان ئېلېمېنتلار بولۇپمۇ ماگنىت قاتارلىق ماددىلار ناھايىتى كۆپ، بۇ يەرنىڭ يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى ئىنتايىن تۆۋەن بولغاچقا، قۇم ناھايىتى قۇرۇق، بۇ يەردە قىش ۋە ئەتىيازدا كۈچلۈك بوران كۆپ چىققاچقا، قۇملۇقنىڭ ھاۋاسى ۋە قۇملار يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغاندا، ئادەم بەدىنى ئىنفرا قىزىل نۇرنى كۆپلەپ قوبۇل قىلىپ، قان تومۇرلار كېڭىيىپ، قان ئايلىنىش تېزلىشىدۇ، ماددا ئالمىشىش ياخشىلىنىپ تورسىمان ئىچكى تېرە سىستېمىسى جانلىنىدۇ، نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ جانلىنىشى ۋە ئەسلىگە كېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. ئاشقازان، ئۈچەينىڭ ھەزىم قىلىشى ياخشىلىنىدۇ. تېرە غىدىقلاشقا ئۇچرىغاندا ئاخىرقى نېرۋا رېگېپتاتۇ نېرۋا، مەركىزى نېرۋىغا تەسىر قىلىپ، ئورگانىزمدا ئومۇمىيۈزلۈك ئىنكاس قوزغايدۇ. قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغاندا كۈن نۇرى، قۇرۇق ئىسسىق، بېسىم، ماگنىت قاتارلىق ئامىللار بەدەندە قىسمەن ھەتتا ئومۇمىيۈزلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ھەرخىل كېسەللىكلەرگە داۋا بولىدۇ.

بۇ ساناتورىيە قۇرۇلغاندىن بۇيان نېفىت ئىشچىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاپتونوم رايون ۋە قېرىنداش ئۆلكە، شەھەر ھەمدە مۇھاجىرلار ۋە چەت ئەللىكلەردىن بولۇپ ئون نەچچە مىڭ بىمارنى قوبۇل قىلىپ، ياخشى ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ساناتورىيە ھەر يىلى 25-ئىيۇندىن 31-ئىيۇلغىچە مەخسۇس قۇمغا كۆمۈلۈپ داۋالانغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق ۋاقىتلاردا شەخس ۋە كوللېكتىپنىڭ سەيلى-ساياھەت، زىيارەت، كوللېكتىپ پائالىيەت (يىغىن، قىسقا مۇددەتلىك كۇرس)لىرىنى كۈتۈۋېلىپ، ئالاھىدە ئېتىبار باھا بىلەن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ. قاتناش ناھايىتى قولايلىق، بىۋاستە لۈكچۈن بازىرىغا بارىدىغان كىرا ئاپتوموبىللىرى ساناتورىيىنى كېسىپ ئۆتىدۇ.

ئالاقىلىشىش ئورنى: قاراماي شەھىرىدە: ش ئۇ ئا ر نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى باش ئىشچىلار ئويۇشمىسى

ئۈرۈمچىدە: نېفىت ئىدارىسىنىڭ نۇرباغ ئېش بېجىرىش باشقارمىسى ئىشچىلار ئويۇشمىسى.

پىچاندا: لۈكچۈن قۇم ساناتورىيىسى

# شىنجاڭ نېفىت باشقۇرۇش ئىدارىسى پىچان قۇم ساناتورىيىسى






قۇمغا كۆمۈلۈش



ساناتورىيە باشلىقى ئىمام مۇھەممەت




ئازادە ياتاق



زامانىۋى ياتاق بىناسى



ساناتورىيە رەھبەرلىكى ساناتورىيىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانى ئۈستىدە مەسلىھەتلەشمەكتە .



زۇمرەت كۆل